نىك خولدستوك

# ختايدىكى ئۇنتۇلغان خەلق

## شىنجاڭ- تېررورىزم ۋە خىتاي دۆلىتى



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
SELENGE

نىك خولدستوك
ختايدىكى ئۇنتۇلغان خەلق
شىنجاڭ- تېررورىزم ۋە خىتاي دۆلىتى
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ISBN 978-605-4944-13-2
9 786054 944132 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىتايدىكى ئۇنتۇلغان خەلق

## شىنجاڭ- تېررورىزم ۋە خىتاي دۆلىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىك خولدستۆك

# خىتايدىكى ئۇنتۇلغان خەلق

## شىنجاڭ- تېررورىزم ۋە خىتاي دۆلىتى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر توختى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# خىتايدىكى ئۈنتۈلغان خەلق

## شىنجاڭ - تېررورىزم ۋە خىتاي دۆلىتى

نىك خولدستوك

ئەنۋەر توختى تەرجىمىسى

ISBN: 978_605_4944_13_2

2017 - يىل 10 - ئاي بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە

ISBN 978-605-4944-13-2
9 786054 944132

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ........ 005
كىرىش سۆز ........ 013

1

چەك - چېگرا ئايرىش ........ 025
شىنجاڭمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستانمۇ؟ ........ 026
غەربىي دىيار قانداق قولغا كەلگەن ........ 036
چىڭ سۇلالىسىنىڭ كىڭەيمىچىلىكى ........ 043
توپىلاڭ كۆتۈرۈش ........ 046
مۇستەقىللىق ........ 050

2

ئازاتلىق: كوممۇنىست دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ........ 060
مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋردىكى قالايمىقانچىلىقلار ........ 070

3

ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ........ 079
شىنجاڭ «ئېچىلدۇ» ........ 084
يېزا ئۇرۇشى ........ 094
«جاھاندىكى ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپە» ........ 102
مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل مۇئامىلىگە ئۇچرىمايدۇ ........ 107
بارىن ۋەقەسىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ........ 112

شنجاڭدا دىنىي ئەسەبىلىك راسلا مەۋجۇتمۇ؟......................................115

## 4

1990 ـ يىللاردىكى قاتتىق زەربە بېرىش......................................122
تۆمۈر تاۋاقنىڭ چېقىلىشى ......................................130
ئايرىم دۇنيا ......................................140
نارازىلىق مەرسىيەلىرى......................................145
قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەش......................................150
ئىككى يۈزلۈك ئىستراتېگىيە......................................156
ھۆكۈمەتتىن ھېچ پايدا كەلمەيدۇ......................................162

## 5

سۈرگۈنلەر......................................174
رابىيە قادىرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا رەھبەرلىك قىلىشى ......................................183
رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ھاياتى......................................188
يامانلىشىپ قېلىش ......................................192



## 6

بەخت قۇشىنىڭ غەربكە ئۇچۇشى ......................................211
«قوش تىللىق» مائارىپ......................................218
ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششى ......................................231
غەربىي رايوننى تاقىۋېتىش......................................241
مازارلانى ساياھەت ئورنى قىلىش ......................................244
«بۆلگۈنچى» سەنئەت......................................248
شىنجاڭ راسلا «تىنچمۇ؟» ......................................250
تەلەي قۇشى شىمالغا پەرۋاز قىلدۇ......................................255

## 7

ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ئاقىۋىتى: خاتا يەكۈنلەنگەن تەجربە ـ ساۋاقلار......................................264

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى..........271
«ۋاڭ لىچۇەن ئۆلتۈرۈلسۇن»..........280
شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى..........287
قەدىمى قەشقەرنىڭ ۋەيران بولۇشى..........291
كەڭ دائىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر..........301
كېلەچەككە باغلانغان ئۈمىد..........306

## 8

«ئاجايىپ مۇكەممەل بومبا»..........309
قورقۇنچلار يەنە قايتىدىن ئەۋج ئېلىپ كېتەرمۇ؟..........317
كۆنمىك ۋەقەسى ۋە ئۇندىن كېيىنكى ۋەزىيەت..........320
ئىلھام توختىنىڭ سوتقا تارتىلىشى «ھەددىدىن ئاشقان پەسكەشلىك»..........329
كونا مۇقامنى تەكرارلاش..........332
شىنجاڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانىمۇ؟..........337
باشقىچە سادالار..........342

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەرجىماندىن

ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر ئۇسۇلى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ھېسسى تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش «ئابستراكت ۋە ھادىسى»نى، ھېسسى تەپەككۇر بولسا «ئوبراز ۋە ھېسسى ئىنكاس»نى ئاساس قىلىدۇ. يەنى، ئەقلىي تەپەككۇر ھېسسى تەپەككۇر ئاساسىدا يۇغۇرۇلۇپ چىقىلغان ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېسسى بىلىش ئەقلىي بىلىشنىڭ باشلانغۇچى ۋە ئاساسى بولۇپ، ئەقلىي بىلىش ھېسسى بىلىشنىڭ لوگىكىلىق يۇغۇرۇلغان نەتىجىسىدۇر. ئىنسانلار تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىكى پەرققە ئاساسەن ئەقلىي تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە ھېسسى تەپەككۇر قىلغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھېسسى تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئاساسەن ھېسسى بىلىش ۋە ھېسسىياتنى ئاساس قىلىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھېسسى بىلىشنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇنداقلار ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە شەرت ـ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسى ئاددىي بولۇپ، تېز ھاياجانلىنىدىغان، كەيپىياتى تۇراقسىز ۋە دائىم ئۆزىنىڭكىنى راس دەيدىغان، قاتمال، نادان ۋە ئەقىلسىز كېلىدۇ.

ئەقلىي پىكىر قىلغۇچىلار، مەسىلىگە دۇچار بولغاندا ئويلىنىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەھۋالغا

قاراپ مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ئالدىراپ ئۇرۇنسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە قىلمىشلىرى ئومۇمى ئۆلچەم ۋە قېلىپتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىنسانلار جەمئىيەتلىشىپ ياشاش شەكىللەنگەندىن بىرى، ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرگە باھا بەرگەندە شەخسلەر كوللېكتىپنىڭ رايىغا بېقىشىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئەقلىي پىكىر قىلغۇچىلار ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قەدىمى بىلەن ماسلىشىپ تەڭ ماڭالىغىنى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىمۇ بۇ خىل ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يېتەكلىشىگە باغلىق بولىدۇ.

بىر شەخسنىڭ قايسى تويقا تەۋە بولۇشى، مەزكۇر ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ تاللىشىنىڭ نەتىجىسىگە باغلىق بولمايدۇ، بەلكى بىر ئىندىۋىدۇئالنىڭ مەدەنىيەت ئورنى، كەسپىي ئادىتى، مەلۇماتى، پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىش ھالىتىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن باغلىق بولىدۇ. گاھىدا بىر ئىنساننىڭ قايسى يولنى تاللىشىدا، ھاياتىدىكى قىسمەن كەچمىشلىرىنىڭمۇ تەسىرى بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتسە، شەخسلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ تەدرىجىي ئەقلى پىكىر قىلىشقا باشلاپ ماڭىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەرگە كەلتۈرگەن ئاقىۋەتلىرىنى ئاساس قىلىپ باھالايدىغان بولساق، يەنىلا ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى ھېسسى پىكىر قىلغۇچىلار دائىم ئاسانلا زىيان تارتىپ، مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە قارايدىغان بولساق، خەلقىمىزمۇ ھېسسى تەپەككۇر قىلىدىغان كوللېكتىپ تىپىغا كىرىدۇ. بىز يىغلاڭغۇ، جەددال، جېدەلخور، مەنمەنچى، باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ، ئۇلارغا يېتەلمىسەك ئۇلارنى

تىللايدىغان، ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ياراتمايدىغان، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، ئەقىل ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقىدىن ھەسەت قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى كۆرسەك ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالىدىغان، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان، بىرەر ئىغىز تەنقىدى پىكىر ئاڭلىساق، غەزەپتىن پارتلاپ كېتىدىغان بىر كوللېكتىپ بولۇپ قاپتۇق. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى كۈندە جاھاندا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدە ئۈمىلەپ تۇرۇپمۇ، ئاتتىن چۈشسەكمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، تېرىمىزگە پاتماي كېلىۋاتىمىز.

بىز ئۆزىمىز پۈدەپ يۇغىناتقان كۆپتۈرمە كۆپۈك ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ كۆپۈك بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىڭ بۈيۈكلىكىدىن ھەتتا ئۆزىمىزمۇ گاھىدا تەپ تارتىپ قالىمىز. بىزنىڭ ئاتالمىش مىللەت تارىخىمىزمۇ مۇشۇ خىل كۆپتۈرمە كۆپۈكنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، بەزىلەر تۆت مىڭ يىللىق تارىخىمىز بار دېسە، بەزىلەر سەككىز مىڭ يىل، ھەتتا ئون مىڭ يىل دەيدىغانلارمۇ بار. ھېچ بولمىغاندا بۇ خىل ئاساسسىز، ئۆزىنى ئۆزى خوش قىلىدىغان بالىلارچە كۆپتۈرمە گەپلەر مېنى ئەيمەندۈردى.

ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلگەندىلا ئاندىن ھەر ئىشتا غالىپ كەلگىلى بولىدۇ دېگەن گەپ بار. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بىز ھەتتا بۈگۈنگىچە ئۆزىمىزنىمۇ بىلەلمىگەن تۇرساق، ئۆزگىنى بىلىشتىن گەپ ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر بىلسەك بۇ خىل مەنمەنچىلىك، نادانلىق بىزنى يۇقىلىشقا باشلاپ ماڭىدىغان ئاساسلىق ئامىللار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولاتتۇق.

خۇددى جاھاندىكى ئىشلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى ھەقىقىتى ئوخشاش بولمىغاندەك، دۇنيا سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرۈنۈشتىكى ئىپادىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەپسۇسكى بىز ھېسسى پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن دائىم مەسىلىنىڭ يۈزەكى ئىپادىسىنى كۆرۈپ، سىياسى ئويۇنلارنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرۈش ئىقتىدارىمىز يېتىشمىگەن.

تاكى بۈگۈنگىچە بىز چېچىنىيە ئۇرۇشىدىن تەسىرلىنىپ، چېچەنلەرنىڭ جاسارىتىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېلىۋاتىمىز. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە چېچىنىيە ئۇرۇشىنى چېچەنلەر مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىغان دەپ بىلىمىز. بىز چېچەنلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى

ماختاپ، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمىز. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۈگۈنكى كۈندە چېچىنىيە ئۇرۇشى ھەققىدىكى ھەقىقەت ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىشقا باشلانغان. مەلۇمكى بۇ ئۇرۇشنى باتۇر چېچەنلەر باشلىغان ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن سياسى نوپۇز ۋە نام - ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن رېژىسسورلۇق قىلغان بىر قىتىملىق ئويۇن ئىكەنلىكى ئالەمگە ئاشكارىلاندى. ئۇرۇش بولغىنى راس، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلگىنىمۇ راس. ئەمما ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ چىقتى. دېمەك، پۇتۇن دۇنيا بۇ ئويۇندا ئەخمەق قىلىنغان ئىدى. مەسىلەن، BBC ئىشلىگەن «پۇتىننىڭ يولى» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمدە، بۇ ئۇرۇشنىڭ باش - ئاخىرى پۈتۈن جەريانى بىلەن تەپسىلى خاتىرىلەپ چىقىلغان. KAREN DAWISH نىڭ «پۇتىننىڭ ئاچكۆز ھاكىمىيىتى: رۇسىيەنىڭ ئىگىسى كىم» دېگەن كىتابى بىلەن ALEXANDER LITVINENKO بىلەن YURI FLESHTINSKY بىرلىشىپ يازغان «رۇسىيەنىڭ ئەپتىنى ئېچىپ تاشلاش» دېگەن كىتابتا چېچىنىيە ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. ALEXANDER LITVINENKO بۇ كىتابنى يازغانلىقى ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما ئۇ ئېغىر بەدەل تولەش ئارقىلىق، چېچىنىيە خەلقىنىڭ باشقىلار ئىلگىرى سۆرگەندەك تېرروررچىلار ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئۇلارنىڭ قوزغىمىغانلىقىنى دەلىللەپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە موسكۋادىكى ئولتۇراق بىنالارنى پارتلىتىشى قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى رۇسىيەنىڭ مەخپىي ساقچىلىرى ئېلىپ بارغانلىقى ئاشكارىلانغان. ALEXANDER LITVINENKO بۇ سۈيىقەستكە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقىي ئەھۋالنى ئالەمگە ئېچىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، پۇتىن ئادەم ئەۋەتىپ رادىئاكتىپ دورا بىلەن ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن. ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا نۇرغۇنلىغان چېچىنىيەلىك مۇسۇلمانلار قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىئاللىقتىن ئادەمنىڭ كاللىسىدا ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنىڭ زادى قانچە پىرسەنتى راستتۇ دېگەن گۇمان پەيدا بولىدۇ.

ھېسسى پىكىر قىلىدىغان، ئەمما بىر سىياسىيوننىڭ قوتراتقۇلۇق بىلەن تولغان قۇرۇق گەپلىرىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ، ئەمما ئەقلى پىكىر

قىلغۇچىلار بولسا بۇ سىياسىيونىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ۋە قىلمىشىغا قاراپ ئاندىن باھا بېرىدۇ. چۈنكى قورۇق گەپ خۇددى ھاۋاغا ئوخشاشلا ھېچ قانداق ئىز قالدۇرماي يوقاپ كېتىدۇ، ئەمما قىلمىشىنىڭ تارىختا ئىزناسى ساقلىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ سىياسى رەھبەرلىرىمىز دائىم قورۇق داۋراڭ قىلىپ، تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئىشنىڭ تايىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەزەلدىن بىرى چەت ئەل سىياسىيونلىرىنىڭ، خىتاي بىلەن سودىلىشىدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ كەلمەكتە.

نۇرغۇنلىرىمىز ۋەتەندىن چىقىپ غەرب دۆلەتلىرىگە كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلەپ ياشاۋاتىمىز. غەرب دۆلەتلىرى بولسا خىرىستىيان دىنىغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىپ، پاناھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق. ئەمما ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ بىزگە پاناھلىق بېرىپ، بىزنى ئۆز ماكانىغا قوبۇل قىلىپ، بۇ تۇپراقلاردا ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ، ئۆزىمىز خالىغان ئۇسۇلدا ياشاش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. بۇ نېمىدېگەن كەڭ قورساقلىق ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت؟ ئەمما ئۇلارنىڭ يول قويۇشىنىڭمۇ بىر چەك - چېگرىسى بولىدۇ. يەنى مېنىڭ ماكانىمغا كەلگەن ئىكەنسىز، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭ دېگەن ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدۇر. ئۇلار يەنە ئەگەر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە سىڭىپ كېتىشىنى خالىمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى بىزگە تېڭىشقا ئۇرۇنماڭ، چۈنكى سىلەرنىڭ ئۇنداق دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغا ياشاش ئۇسۇلۇڭلارنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن نادانلىقلىرىدىن ۋە كۆلكىلىك ئاقىۋەتلىرىدىن، ئۇنىڭ زامانغا ماس ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ دەيدۇ. ئەگەر سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە دۇنيا قارىشىڭىزنى بىزگە تاڭىمەن دەيدىكەنسىز، سىزنىڭ بۇ دۆلەتتە داۋاملىق تۇرۇشىڭىزنىڭ موھلىتى توشتى دېمەكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلىۋەرسەڭلار، كۆدە - كۆرپەڭلەرنى يىغىپ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار دەيدىغان زامان كەلدى دېمەكتۇر.

بۈگۈنكى دۇنيا دەل مۇشۇنداق بىر ئاچا يولغا دۇچ كېلىپ قالماقتا....

بىزگە ئوخشاش ئۆزگە يۇرتتا مۇھاجىرەتتە ياشاپ، ۋەتىنىگە قايتالمايدىغان

كىشىلەردە بۇ مەسىلىگە سوغۇققانلىق بىلەن قارايدىغان زامان كەلدى. غەرب دۇنياسىدا بىز ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن بىلىم ۋە تۇرمۇش پەلسەپەلىرى بار. ئەڭ ئاددىسى باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ پىكىر قىلىشنى بىلىش دەل شۇنداق ئۇقۇملارنىڭ بىرى. دېمەكچىمەنكى ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ پىكىر قىلىپ، ئەگەر مەن بولسام قانداق قىلاتتىم دەپ ئۆزىمىزدىن سوراشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە ۋە ئەتراپىمىزدا، بىزنىڭ نامىمىزدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى بىزنى ھېچ كىم كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. مەسىلەن، بىز ئەڭ يېقىن دەپ قاراپ كېلىۋاتقان تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ بىزنى مايمۇندەك ئوينىتىۋاتقان يەردە، باشقىلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاتالمىش سىياسىيونلىرىمىز ئۇيغۇر مەسىلىسىنى پەلەستىن مەسىلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئامراق، ئەمما بۇنداق قىلىشنىڭ دەل خىتاينىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش-مايدۇ. مەن ئىرۇسالىمغا بېرىپ، يەھۇدىيلار ۋە ئەرەبلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆردۈم. پەلەستىن مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيا مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى. كاللامدا گەرچە پەلەستىنلىكلەرمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولسىمۇ، ئەجەبا نېمە ئۈچۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلمايدىغاندۇ دېگەن سوئال دائىم جاۋابسىز قالاتتى. ئاخىرىدا چۈشەندىمكى پەلەستىن مەسىلىسىدىكى بۇ خىل غەلىتىلىككە سەۋەب بولغىنى، باشقىلار سورىغاندا يەھۇدىيلار بىز دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر تىنچلىق پەرۋەر خەلق بىلەن تىنچلىق بىلەن ئۆتۈشنى خالايمىز دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئەمما پەلەستىنلىكلەر بولسا بىز ئىسرائىلىيەلىك يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىمىز دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى تىنچلىق پەرۋەر كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ مەسىلىگە كەلگەندە «ئەگەر ئىسرائىلىنى قوللىسام تىنچلىققا ئېرىشىدىكەنمەن، پەلەستىننى قوللىسام قىرغىنچىلىققا ئېرىشىدىكەنمەن، شۇڭلاشقا يەنىلا ئىسرائىلىنى قوللىغان ياخشىكەن دېگەن

خۇلاسىگە كېلىدىكەن. ئەگەر سىز بولسىڭىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارىغان بولاتتىڭىز؟

شۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز كېرەككى بىز ياشاۋاتقان بۇ مەدەنىيەتنى بىز ياراتقان ئەمەس. ئەگەر ئۆزىمىزنى بۇ غەپلەت ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىلغار مەدەنىيەتلەردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن قۇراللانغىنىمىزدىلا ئاندىن بىر چىقىش يولى تاپالايمىز! چۈنكى بۈگۈنكى ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان ھەرقانداق بىر خەلق تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ!

مەن قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىكى نۇرغۇن نۇقتىئىينەزەر ۋە قاراشلارنى بەك قوللاپ كەتمەيمەن، ئەمما شۇنداقتىمۇ بىر جەھەت ئەللىكنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان قارىشىنى تونۇپ يېتىشكە پايدىسى بولار دەپ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، نەزىرىڭلارغا سۇندۇم، پايدىلانغايسىزلەر!

ئەنۋەر توختى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

باھار شەھىرى دەپ تونۇلغان كۇنمىڭنىڭ سالقىن ۋە قورغاق شەنبە ئاخشىمى ئىدى. خىتاينىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كۇنمىڭ شەھىرىنىڭ ھاۋا كلىماتىنىڭ مۆتىدىللىقى، مەنزىرىسى ۋە يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە خىتاي ۋە ئەجنەبىي ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلاتتى. 2014 - يىلى 1 - ماي كۈنى كۇنمىڭ شەھىرىنىڭ مەركىزى ۋوگزالى ئادەم قايىنىمى بىلەن تولغان ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ساياھەتچىلەر بولسا، قالغانلىرى خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپلىرىگە ۋە ئىش ئورۇنلىرىغا قايتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە كۆچمەن ئەمگەكچىلەر ئىدى. خىتاينىڭ ئادەم قايىنىمى بىلەن تولغان ۋوگزاللىرىدا كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ۋەياكى دىلىغا ئارام بېرىدىغان يېقىملىق ۋە ئىللىق مۇھىتنىڭ كەم بولۇشى ھەيران قالارلىق بىر ھادىسە ئەمەس. خىتاينىڭ ۋوگزاللىرىنىڭ بىلەت سېتىش ۋە پويىز كۈتۈش زاللىرى، كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزلىرىدىكى ئوچۇق رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىنە قىش ياتقۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن دائىم سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. زاللارنىڭ ئېگىزلىكى گويا ياۋروپانىڭ چىركاۋلىرىغا ئوخشاپ قالاتتى. زال ئىچىگە چۈشىدىغان تەبىئىي نۇر بەكلا ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن كىرىپ - چىقىدىغان پويىزلارنىڭ قېتىم سانى ۋە باشقا ئۇچۇرلىرى ئېكرانلاردا قىزىل رەڭدە كۆرسىتىلەتتى. قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئىشىكلەر ئېچىۋېتىلىشى بىلەن ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ۋە ئۆتەر زاللار بىردىنلا شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن توشۇپ كېتەتتى. پويىزغا چىقىش سۇپىلىرىغا كىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىلەت

تەكشۈرتۈپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتۈپ ئاندىن كىرگىلى بولاتتى. ئەمما بىلەت سېتىش ۋە پويىز كۈتۈش زالىغا توسالغۇسىز كىرىشكە بولاتتى. كىچە - كۈندۈز كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچ، ۋوگزاللار ھەمىشە بىر خىل مالامان كۆرۈنەتتى.

كۈنمىڭنىڭ مەركىزى ۋوگزالىمۇ يۇقىرىقىدەك مەنزىرىلەردىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرغاچ، شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 دىن كېيىن، ئۈستى - بېشىغا قارا كىيىم كىيىپ، يۈزلىرىگە ماسكا تاقىۋالغان سەككىز كىشى پويىز ۋوگزالىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇلارغا ھېچ بىرى دىققەت قىلمىغان. ئۇلارنى كۆرگەنلەرمۇ ئانچە تەشۋىشلەنمىگەن بولسا كېرەك، چۈنكى خىتايدا گەرچە ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇششاق نامايىشلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما قانلىق جىنايەتلەر كەمدىن - كەم يۈز بېرەتتى.

شۇڭلاشقا نىقابلىق بۇ بىر ئۇچۇم كىشى، توساتتىن قارا كىيىملىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرغان ئۇزۇن خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ يولوچىلارغا ھۇجۇم باشلىغاندا، بەلكىم كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. ۋوگزال ئەتراپىدىكى بىر دۇكان مۇلازىمەتچىسى ۋەقەدىن كېيىن شۇ كۈنى بولغان ۋەقەنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ؛ «ئىككى ئايال كېلىپ ماڭا تالادا جېدەل چىقتى، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ دېۋىدى، مەن بۇنداق قالايمىقان گەپ قىلماڭلار، بۇ يەر بەكلا بىخەتەر دېدىم. ئەمما ئەمەلىيەتتە راستلا ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.»

كىشىلەر نېمە بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىغاندىن كېيىن، پاتىپاراق بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. يۈزدىن ئارتۇق كىشى چۈگچىنىڭ رىستورانىغا كىرىپ پانالىنىدۇ. بەزىلىرى جاي تاپالماي تاماق ئۈستەللىرىگە چىقىۋالىدۇ. رېستوران خوجايىنى شۇ كۈنكى مەنزىرىنى ئەسلەپ: «ئۇلار قورقۇپ كېتىپ يىغا - زارە قىلىشتى، بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن گەپمۇ چىقماي قالغان» دەيدۇ.

بەزىلىرى ۋوگزالنىڭ ئىچىدە بىرەر پانالانغۇدەك ئورۇن تېپىشقا ئۇرۇنغان. ۋەقە يۈز بەرگەندە بېلەت سېتىش زالىدا تۇرغان بىر ئوقۇغۇچى ئەينى

چاغدىكى مەنزىرنى ئەسلەپ: «نۇرغۇنلىغان ئادەم بىلەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇراتتى، تۇساتتىن تالادىن كىشىلەر ئېقىن سۇدەك دولقۇنلاپ زالغا تولۇپ كەتتى ۋە ، ئادەم ئۆلدى ، دەپ ۋارقىراشتى» دەيدۇ.

ۋاڭجى ۋە ئۇنىڭ ساۋ پامىلىلىك ساۋاقدىشى ئەمدىلا بىلەتنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا ھۇجۇمچىلار زالغا بۆسۈپ كىرىدۇ. ساۋ ئەپەندى ئاۋۋال قولىغا خەنجەر تۇتقان بىر ماسكىلىق ئادەمنى كۆرىدۇ ۋە ۋەقەنىڭ جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇدۇلىدىكى بىرىنىڭ بويىنىغا خەنجەر سالدى، ئۇ ئادەم يىقىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىرىگە خەنجەر تىقتى. بۇنى كۆرۈپ ۋاڭ بىلەن ئىككىمىزمۇ قېچىپ پانالىنىشقا ئۈرۈندۇق» دەيدۇ. ئەمما بىرلا چىقىش ئېغىزى بولغاچ ۋاڭ چىققىچە بېشىغا بىر خەنجەر يەيدۇ، ئۇلار دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ بارغىنىدا ئۇ يەر ئاللىقاچان ياردارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئەمما بەزىلەر قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، شەرقىي شىمالدىكى يىراق شەھەر خاربىندىن كەلگەن بىر كىشى ئانىسىنىڭ قانداق بولۇپ پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئانام بىر ئۈرۈندۇققا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى، مەن ئۇنى قوپىرىشقا ئامالسىز قالدىم. بىر ھوجۇمچى قولىدىكى خەنجەرنى ئانامنىڭ گېلىغا تىقتى، ئاندىن خەنجىرىنى تارتىۋالماي تۇرۇپ يېنىدىن يەنە بىر پىچاق چىقىرىپ ئانامنى چاناشقا باشلىدى» دەيدۇ.

59 ياشلىق شۇڭ ۋېن گۇاڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ۋە ئايالى چېن گۈيجىن يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ يېزىلىرىدىن شەھەرگە ئىشلەش ئۈچۈن چىققان كۆچمەن ئىشلەمچىلەر بولۇپ، چاغاندىن يېنىپ ئىش ئورنىغا قايتىۋاتقان ئىدى. ئۇلار چىقماقچى بولغان جىجاڭغا قاتنايدىغان پويىز ئەتىسى ئەتىگەندە ماڭىدىغان بولغاچ، يېنىدا مېھمانخانىدا ياتقۇدەك پۇل بولمىغاچ كېچىنى ۋوگزالدا ئۆتكۈزۈشنى توغرا تاپقان. تۇساتتىن ئىرى بىرىنىڭ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئۆزلىرىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، ئايالىنى زالنىڭ تېشىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئەمما ئۆزى بولسا قەتلى قىلىنىدۇ.

ھۇجۇمچىلار ۋۇگزال ئىچىدە ئادەملەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئالدىغا كەلگەننى قارا - قويۇق پىچاقلايدۇ. كىچىكىنە دەرزىنىز دۇكاندا تەييار چۆپ ۋە باشقا ئۇششاق يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لىيۇ گۈيلىن شۇ كۈندىكى ماللىمانچىلىقنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «كۆز ئالدىمدا ئىككى ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، بىرى بوغۇزلىۋېتىلدى، يەنە بىرى كۆكسىگە پىچاق يەپ ئۆلدى. ھەممە يەر قانغا بويىلىپ كەتتى.»

لىيۇ شۇ كۈنى قوللىرىغا تۆمۈر تۇقماق، كۈنلۈك ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابىنى ئېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. «سۇ كالىسى» دەپ لەقىمى بار يەنە بىر يۇغان بەستىلىك كىشىمۇ ھۇجۇمچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

قوراللىق ساقچى قىسمى 20 مىنۇتتىن كېيىن ئاران نەخ مەيدانغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئاڭغىچە 29 ئادەم قەتلى قىلىنىپ 140 دىن ئارتۇق ئادەم زەخىملەنگەن ئىدى. ساقچىلار زالغا كىرگەندىن كېيىن ھۇجۇمچىلاردىن تۆت كىشىنى نەخ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، قالغان تۆتى بولسا قېچىپ كەتكەن. ۋەقەدە زەخىملەنگەنلەر دوختۇرخانىلارغا توشۇلۇپ، نەخ مەيدان توسۇلغان. شۇ كۈنى نەخ مەيداندا تارتىلىپ، تورغا چىقىرىۋېتىلگەن نەخ مەيدان سۈرەتلىرىدە چېچىلىپ ياتقان يۈك - تاقلار، قان داغلىرى، قايغۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئادەملەر ۋە قەتلى قىلىنغانلارنىڭ يەردە ياتقان جەسەتلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

016

ئەتىسى يۈزلىگەن كىشى ۋەقە يۈز بەرگەن ۋۇگزالغا توپلىشىپ، شام يېقىپ خىتايلارنىڭ ئادىتى بويىچە ماتەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىنەپشە گۈللەرنى تىزىپ ھۇجۇمدا ئۆلگەنلەرگە ماتەم تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاممىۋى مەتبۇئاتلاردا ۋەقەنى زادى كىم سادىر قىلدى، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتكەن. تور بەتلىرىدە بولسا نۇرغۇنلىرى ئۇيغۇرلارنى ئەيىپلەشنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى نوپۇسى شالاڭ، زېمىنى كەڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلق. خىتاينىڭ تىۋىتىرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاممىۋى ئالاقە تورى ۋېيبودا بىرى «شىنجاڭلىقلار ئادەم ئەمەس» دەپ يازىدۇ. يەنە بىرى: «راستلا ئۇيغۇرلار قىپتۇ دە بۇ ئىشنى! مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيلا قالدى. دۆلىتىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق ياخشى مۇھىتى ۋە تەرەققىيات بىلەن تولغان بىر شارائىتتا سەن خەق زادى نېمىدەپ ئىش تېرىدىغانسىلەر...؟ سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلار ۋەھشىمۇ يا؟ دەپ يازىدۇ.»

ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنداق قارىمىغان، چۈنكى نۇرغۇنلىرى ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايلى، ئۆزىمىزنى بىسىۋالايلى دەپ تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەكلىرى بولسا ئۇيغۇرلار ئەسلىدىلا ياۋۇز كېلىدۇ دېگەن پەتىۋانى ئىلگىرى سۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان. كۇنمىڭ ۋەقەسىدىن بەش ئاي ئۆتۈپ، 2013 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا بىر جىپ ماشىنا تيەن ئەنمېن مەيدانىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈككە سوقۇلۇپ ئوت ئېلىپ پارتلاپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ماشىنا ئىچىدىكى ئۈچ ئادەم بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي بەش ئادەم ئۆلۈپ، قىرقتىن ئارتۇق كىشى زەخىملەنگەن. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ساقچى ئورگىنى مەزكۇر ۋەقەنى شىنجاڭلىقلار ئېلىپ بارغان تېررورلۇق ھۇجۇمى دەپ ئېلان قىلغان. گەرچە ئۇلار ئېلانىدا ۋەقە سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ،ئەمما شىنجاڭلىق دېگەنلىك ئۇيغۇرلار قىلدى دېگەندىن بىشارەت بېرەتتى.



خىتاي ھۆكۈمىتى كۇنمىڭ ۋە بېيجىڭ ۋەقەسى ھەققىدىكى باياناتىدا بۇ ۋەقەلەرنى ئىسلام رادىكال كۈچلىرى سادىر قىلغان، ئۇلار «تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئاشقۇنچىلىق»نى تەرغىب قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار ئەلقائىدە ۋە تالىبانلاردەك تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شىنجاڭنى خىتايدىن ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، دېگەن. ھەر قېتىم شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىشى ھەققىدە پاراڭ بولسىلا، خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىسمى ئىدى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولۇشىنىڭ ھېچ قانداق ئاساسى يوق دەپ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ كەلگەن. شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزۈندىن بىرى ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭدا مىللى مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس دېگەن پەتىۋانى سېتىپ كەلمەكتە. 2014 - يىلى شىنجاڭنىڭ باش ئەمەلدارى نۇر بەكرى «تېررورلۇق

ھەرىكەتلىرى ھېچ قايسى مىللەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ» دېگەن.

گەرچە نۇر بەكرى ئۇنداق دېسىمۇ، خىتاي ئىچى ۋە تېشىدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تېررورلۇق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھازىرقىدەك بۇنداق چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ باقمىغان. بۇ يېقىندا شەكىللەنگەن كۆز قاراش بولۇپ، بۇ خىل قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىغاندا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىكى خەۋەرلەر ۋە ئاتالمىش ئامانلىق ساقلاش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئاساسسىز مۇلاھىزىلىرى بەكرەك مۇھىم رول ئوينىغان. 2001 - يىلى مەن دەسلەپتە شىنجاڭنىڭ غۇلجا رايونىغا بېرىپ ئىشلىگىنىمدە خىتاينىڭ سىرتىدا شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مەزكۇر رايون كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراق، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملار ۋە يېپەك يولى ساياھىتىگە بارغان ساياھەتچىلەرگىلا تونۇش بولغان، خىتايدىكى ئاجايىپلىق بىلەن تولغان بىر زېمىن ئىدى. مەن كىشىلەرگە خىتايدىكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان جايغا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا ھەممىسىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالغان ئىدى (ھازىرمۇ شۇنداق ئىنكاسلارغا ئۇچرايمەن.) ئۇ چاغلاردا 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىگە ئوخشاش چوڭ ئىشلار يۈز بەرگىنىدىلا، كىشىلىك ھوقۇق نازارىتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلارلا ئۇچۇر بەرگەندىن باشقا، تاشقى دۇنيادا خەلقئارالىق مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىنمايتتى.

خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىمۇ شىنجاڭنى بىلىدىغانلار ۋە شىنجاڭغا بېرىپ باققانلارنىڭ سانى يوق دېيەرلىك ئىدى. شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولۇپ، ئارىدا ئىككى سائەت ۋاقىت پەرقى بار ئىدى، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا بېرىش ئۈچۈن پويىزدا ئۈچ كېچە كۈندۈز سەپەر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما ئۇنداق بولۇشىغا قارىماي خىتايلار ئارىسىدا شىنجاڭ ھەققىدە يۈزەكى قاراشلار ھەقىقەتەن كەڭ تارقالغان ئىدى. گەرچە خىتايلار شىنجاڭنى ئانچە كۆزگە ئېلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما 1990 - يىللىرى خىتايلارنىڭ ئاغزىدىن پات - پات شىنجاڭنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلايتتىم. مەن دەرس ئۆتكەن خۇنەندىكى ئالى مەكتەپتىكى خىزمەتداشلىرىم ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ نەزىرىدە

018

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنىڭ قىزلىرى گۈزەل، ھاياتى رەڭگارەڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر كېلىدۇ دېگەن قاراش ئومۇملاشقان ئىدى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا مەن يېقىنقى يىگىرمە يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى ۋە خىتايدىكى ئوبرازىنىڭ مېھرىبان سەنئەتخۇمار (ۋە چەتكە قېقىلىشۋاتقان) خەلقتىن، مەزكۇر رايوننى خىتايدىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىسلام تېرروررچىلىرى بولۇپ ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىمەن. بۇ كىتاب خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى مۇھىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىگە قاراپ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلەرگە تۇتقان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسى ھەققىدە يېزىلغان كىتابتۇر. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەددىدىن زىيادە كۆچىيىۋاتقان نازارەتلىرى شىنجاڭ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ياخشىلاشنىڭ ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان غەرب مەتبۇئاتلىرىدىمۇ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلاردا ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. گەرچە چىقىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ (غەرب مەتبۇئاتلىرى سىياسى تەسىرىدىن بەكرەك خەۋەر قىممىتىنى ئاساس قىلىدۇ). ئەمما غەرب ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىغا ئوخشاپ قېلىشقا باشلىغان. بۇ خىل پايدىسىز ئۇچۇرلار 2014 - يىلى مارت ئېيىدا ئامېرىكىنىڭ فوكس نېيۇز، تايمىز ۋە ئەنگلىيەنىڭ دەيلى مىرور قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى مالايشىيا ھاۋا يوللىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن MH370 قېتىملىق ئايروپىلانىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە ئۇيغۇرلار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋاقىتتا ئەڭ ئەۋجىگە چىققان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ دەيلى مىرور گېزىتى ئۇيغۇرلارنى «خىتايدىكى ئىسلام قۇراللىق كۈچلىرى» دەپ تەسۋىرلەپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تېررور ئورگانلىرى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. فوكس نېيۇز يۇقىرىقى قاراشلارنى تەكرارلاش بىلەن بىر

ۋاقىتتا شىنجاڭنى «رادىكال ئىسلامنىڭ بۆشۈكى» دەپ ئەيىپلىگەن.

يۇقىرىقى ئىككى گېزىتتىكى ئۇچۇرلارنى قولنىڭ ئۇچىدا قىلغان ئاخباراتچىلىق دەپ ئېتىبارغا ئالمىساق بولىدۇ (چۈنكى ھېچ قايسى گېزىت شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئايروپىلان بىلەن ئالاقىسىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق ئاساس كۆرسىتەلمىگەن)، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئاخباراتچىلىق ئۇسۇلىدىن شىنجاڭ رايونى ھەققىدىكى مەتبۇئات ئۇچۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. گەرچە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئوبيېكتىپ خەۋەر يازىدىغان مۇخبىرلارمۇ ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردا مىللىي توقۇنۇشنى ئاساس قىلغان ھېسسىي خەۋەرچىلىك بەكرەك ئەۋج ئېلىپ باشقا مۇھىم خەۋەرلەرگە سەل قارىلىدىغان مۇھىت شەكىللىنىپ قالغان ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭ ھەققىدە ئۇچۇرلاردا دائىم مەزكۇر رايون «داۋالغۇش» «تىنچسىز» رايون دېگەن تېمىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شىنجاڭنى ئارامسىزلىق قاپلاپ تۇرغان جاي سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

ئەمەلىيەتتە، ھېسسىي خەۋەر بېرىش خىتاي بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، غەرب مەتبۇئاتلىرىدىمۇ ئوتتۇرا شەرق، بالقان رايونى، ئافرىقا قاتارلىق چەت دۆلەتلەرنىڭ خەۋىرى مۇشۇنداق ھېسسىي مەزمۇنلار بىلەن تولغان. نەتىجىدە بۇ خىل خەۋەرلەر شىنجاڭدەك چەت جايلار ھەققىدە كىشىلەر بەك يۈزەكى ۋە تار مەنىدىكى كۆز قاراش شەكىللەندۈرۈپ، بۇ جايلاردىكى جېدەل - ماجىرالارغا ھەقىقىي سەۋەب بولغان مۇرەككەپ كۆپ ئامىللىق رېئاللىقلارغا سەل قارىلىدۇ.

مەسىلەن، شىنجاڭغا قارايدىغان بولساق، خەۋەر ۋاستىلىرىدە شىنجاڭدىكى زورلۇق ۋە «تېررورلۇق» ھەرىكەتلىرىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە قېيىنلىشىپ كېتىۋاتقان مەۋجۇتلۇق مۇھىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا سەل قارىلىۋاتىدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ئۇيغۇرلار دۇچار بولىۋاتقان ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىشلار (ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كارخانىلاردا ئىشلەش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار

ئىكەنلىكى)، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلارنى يازسىمۇ، ئەمما غەرب مەتبۇئاتلىرىدا بۇ خىل مەزمۇنلار ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلىدىغان ئۆچۈرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولۇپ قالغان.

بۇ خىل خاتالىقلارنى توغرىلاش مەزكۇر كىتابىمىنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى. ئالدى بىلەن شىنجاڭنى باشقا جايلاردىن پەرقلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ» ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ۋە سىياسىي كۈچلەر ھەققىدە توختىلىمەن. كېيىنكى باپلاردا بولسا شىنجاڭ رايونىدا يېقىنقى 25 يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەرنى يەنى رايوندىكى تىنچ ئارام مۇھىت، يۈز بېرىپ تۇرغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ۋەياكى مەزكۇر رايون بىلەن مۇناسىۋەتى بولغان باشقا ۋەقەلەر ھەققىدە توختىلىمەن. يەنى 1990 - يىلىدىكى بارىن ۋەقەسى، 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسى، 2009 - يىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسى، ئاندىن 2013 - ۋە 2014 - يىللىرى بېيجىڭ، كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە توختىلىمەن. ھەقىقىي پاكىت بىلەن ئاساسسىز پەرەزلەرنى ئايرىپ چىقىپ، مۇبالىغە ۋە بەزى ئويدۇرمىلارنى پەرقلەندۈرگەندىلا شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە دۇرۇس ئۇچۇرغا ئىگە بولالىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبى، تەپسىلاتى ۋە نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

مەن يەنە شىنجاڭدىكى ھادىسىلەرنى خىتايدىكى ئومۇمى مۇھىتى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ يەردىكى باراۋەرسىزلىكلەرنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە مەزكۇر رايونغا (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) خاس ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشىنەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دېھقانلىرى تارتىۋاتقان زۇلۇمنى ئىچكىرىدىكى خىتاي دېھقانلىرىمۇ ئوخشاشلا تارتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلار تارتىۋاتقان ئادالەتسىزلىكنىڭ دەردىنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ. ئەمما بۇ رېئاللىقلاردىن خەۋەردار

بولغىنىمىزدا، بۇندىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ھەققىدە توختالغىنىمىزدا بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي كەمسىتىش سەۋەبىدىن بولغان دەپ ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايدىغان بولىمىز.

كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەزكۇر كىتاب بىزنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ۋە مىللىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختالغىنىمىزدىكى مەۋقەيىمىزنىڭ خاتا - توغرىلىقى ھەققىدە ئويلىنىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مېنىڭ قارىشىمچە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا ئۇلار پەقەت بىر مۇستەبىت ھاكىم مۇتلەق (خىتاينى ئاساس قىلغان) ھاكىمىيەتنىڭ بېسىمىدا قالغان بىر ئازسانلىق مىللەت دەپلا قارايدىغان بولساق، بۇ خىل قاراشنىڭ ئۆزىدە ئوخشاشلا كۆزگە كۆرۈنمىگەن نازۇك مەسىلىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىدىغان بولساق، بىز ئاددى پۇقرالارنىڭ قانداق قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىغا ماس ئۇسۇلدا تاقابىل تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقلارنى كۆرەلمەي قالىمىز. مېنىڭ يەنە بىر قارىشىم شۇكى، تاكى مۇشۇ كەمگىچە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىباپ مەدەنىيىتىگە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمەي كەلدۇق، مېنىڭچە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ زادى نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزنىڭ ئۆزى، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقىدەك قولغا خەنجەر كۆتۈرۈپ ئادەملەر توپىغا ھۇجۇم قىلغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنى چۈشەنگىنىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بەكرەك پايدىلىق دەپ قارايمەن. مەن مەزكۇر كىتابىمدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ قىسمەن ئامىللىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى پۈتۈن مەۋجۇتلۇقى پەقەت خىتايلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن بېغىشلانغان بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش مەقسىتىممۇ بار.



مەن يەنە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىللى سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن ئىككى ئۇيغۇر زىيالىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ھەققىدە توختىلىمەن. بۇلارنىڭ بىرى خىتاينىڭ شىنجاڭدا ئاتوم بومبا سىنىقى ئۆتكۈزۈش تۈپەيلىدىن مەزكۇر رايوندا ئۆسمە كېسىلى نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلغان ئەنۋەر توختى، يەنە بىرى، بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىنسانى ھوقۇقلىرى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئورگان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمدۇر. مەزكۇر تەشكىلات «كوممۇنىست خىتايلارنىڭ دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ بىر باسقۇچ، ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەھدىت ئاستىدا قالدى» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ قانداق بولۇپ ئىسلام تېررورىزمى دەپ تونۇلۇپ قېلىشىنىڭ جەريانى كىشىنىڭ دىلىنى غەش قىلىدۇ. مەن 2001 - يىلى غۇلجىدا بىر يىل تۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن 2013 - يىلى كۈزدە مەزكۇر رايونغا قايتا بېرىپ كەلدىم، شۇنداقلا ئۆتكەن 15 يىل مابەينىدە مەزكۇر رايوننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى داۋاملىق كۆزىتىپ كەلدىم. ئەمما مەزكۇر رايوندىن ھېچ بىر خوش خەۋەر ئاڭلىمىدىم. گايىدا مەزكۇر رايوننىڭ ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولۇپ، چوڭ ۋەقەلەر چىقمىغان چاغلاردا كىشىدە ئىشلار ئاستا - ئاستا يولىغا چۈشۈۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەن ئۈمىدنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئىجابى تەرەققىياتلار تەبىئىي ھالدا ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ رادارلىرىدا كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئادەمدە ئەمدى ئازراق ئۈمىد پەيدا بولۇشقا ئەگىشىپلا تۇساتتىن پىچاق ھوجۇمى ۋە ياكى ئوق چىقىرىش ۋەقەلىرى ئاخباراتتا چىقىپ قالىدۇ، بۇ خىل ۋەقە چىققان زامات ئۆكتىچى ئۇيغۇرلار تىنچلىق نامايىشىغا ساقچىلار كۈچ چىقاردى دېسە، ھۆكۈمەت تەرەپ دائىم زوراۋانلىق ھەرىكىتى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەپتىلەپ ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئەيىپلەپ باياناتلار ئېلان قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس.

ئاخىرىدا مەن ئادەت بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئۆز پەرىزىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، ئەمما مېنىڭ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى پەرىزىم ئوقۇرمەنلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ كۈنىنىڭ يامانلىشىشىغا سەۋەب بولىۋاتقان ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئاجىزلىشىدىغاندەك ئەمەس. ئەمما مەن يەنىلا شىنجاڭ ھەققىدىكى يازما ۋە باشقا ناتوغرا ئۇچۇرلاردىكى خاتالىقلارنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋېتەلىسەك، شۇنداقلا

ئۇيغۇرلارنىڭ زادى نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلىسەك، قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان بېسىمغا ۋە چەكلىمىلەرگە بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ كىملىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى هازىرلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقىيالايمىز.

www.uyghurkitap.com



# 1

# چەك - چېگرا ئايرىش

چۈش ۋاقتى بولۇپ بازار كىشىلەر توپى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ئۇستەللىرىدە ئاياللارنىڭ ئۇزۇن پايپىقى، خىنە، ناۋات، قۇرۇق مېۋە، قانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق قاچىلانغان دورا شىشىلىرى رېزىنكىلەر بىلەن بىر-بىرىگە باغلاپ قويۇلۇپ خېرىدار كۈتۈپ تۇراتتى. شىشىنىڭ يېنىدىكى ئانارنىڭ قالدۇقلىرىغا قاراپلا شىشىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئانار شەربىتى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم، بازاردىكى ئاياللا باشلىرىغا رەڭگارەڭ ياغلىقلارنى ئارتىۋالغان بولۇپ، ئەرلەرمۇ ھەر خىل باش كىيىملىرىنى كىيىشىۋالغان ئىدى. بەزىلىرى ئۇششۇق شىلەپە، بەزىلىرى كىگىز قالپاق، بەزىلىرى يۇمۇلاق شىلەپە ۋەياكى قاتۇرۇلغان دوپپا كىيىۋېلىشقان بولۇپ، چىراي شەكلى تۈركلەر، رۇسلار، ئىرانلىقلارغا ئوخشاپ كېتەتتى، شۇبھىسىزكى ئۇلار ھەرگىزمۇ خىتايلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان تىلمۇ، خۇددى ئۇلارنىڭ چىراي تۇرقىغا ئوخشاشلا يات تىللار بولۇپ، خىتايچىغا قىلچە ئوخشىمايتتى. بازارنىڭ ئاخىرىدا كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ كەتكەن بىر كىشى ئەرەبچە كىتاب سېتىۋاتاتتى.

بىر يەردە نۇرغۇن ئورۇندۇقلار تىزىلغان بولۇپ كىشىلەر توپلىشىپ قوي گۆشى كاۋىپى يەۋاتاتتى. بىر بالا قولىدىكى قاتتىق قەغەز بىلەن كاۋاپدانىدىكى

چوغنى يەلپۈپ تۇراتتى. خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراۋاتقان تىجارەتچىلەرنىڭ سىمفونىيەسى بىلەن تولغان كوچىنى كاۋاپداندىن چىققان ئىس قاپلاپ كەتكەن ئىدى، بىر ئۇستەلدە كاللا - پاقالچاق دۆۋىلەنگەن بولۇپ، يەنە بىر ئۇستەلدە ئۇششاق توغرالغان ساغۇچ ئۆپكە - ھېسىپ چىنىلەرگە سېلىنىۋاتاتتى.

سەل يىراقتىكى يەردە كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسى يېشىل چىنە قىش بىلەن بېزەلگەن مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ بېقىندا بېشىنى چۆككۈۋالغان بىر موماي يەردە ئولتۇرۇپ، ئورۇقلاق ئىسكىلىتتەك بولۇپ قالغان ئاۋاق قولىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. مەسچىتنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا تاملىرى كۆكۈش بويالغان، دەرۋازىلىرى ھاۋارەڭ سىرلانغان پاكار ھويلا ئارامىلار تىزىلىپ كەتكەن ئىدى. تونۇرلاردا نان يېقىلىۋاتاتتى، مويسىپىتلەر بولسا بىر يەرگە توپلىشىپ شاخمات ئويناۋاتاتتى. بىر توپ قوي كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خىل ئۆزگىچە مەنزىرە ماڭا خۇددى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ھەتتا تۈركىيەدەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمما شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆزەمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم دېسەم يالغان بولىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر شەھىرىدە، شۇنداقلا خىتايدا ئىكەنلىكىمنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمىغان ئىدىم. ئەمما نەدىلىكىمنى بىلىپ تۇرسامۇ ئەمما كۆز ئالدىمدىكى بۇ رېئاللىقلارنى تازا ئاڭقىرالماي قالغان ئىدىم.



## شىنجاڭمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستانمۇ؟

2001 - يىلى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن مەن خوتەن ئۆلكىسىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، بۇ ئىككى تۇپراق بىر - بىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. خوتەندە مەن تۇرغان شاۋيانىڭ ئەتراپىنى ئۇششاق شاللىقلار ئوراپ تۇراتتى، باھاردا ھەممە ئېتىزلار يېشىل بەلۋاغقا ئايلىنىپ كېتەتتى. قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ بولسا كۆز يەتكۈسىز دەشت - باياۋانلار ۋە ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇششاق بوستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. خوتەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ختاي بولۇپ، ھەممىسى ختايچە سۆزلىشەتتى. ئەمما قەشقەر بولسا ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆپ مىللەتلىك رايون ئىدى. 2010 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدا نوپۇسنىڭ 44%نى ئىگەللەيدىغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، قازاق، تۇڭگان قاتارلىق يەرلىك (ۋە كۆچمەن) مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇر تىلى بولسا ختايچىغا بەكلا يىراق بىر تىل بولۇپ، بۇنداق بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككى تىل ئوخشاش بولمىغان ئىككى تىل سىستېمىغا كىرەتتى. ئۇيغۇر تىلى قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا ئوخشاش تۈركىي تىللارغا تەۋە ئىدى.

ئۇيغۇر تائاملىرىمۇ مەن ختاينىڭ جەنۇبىدا يەپ كۆنگەن سودا پىشۇرۇلغان گۈرۈچ بىلەن دۆڭ قازاندا قورۇلغان قورىملارغا ئوخشىمايتتى. ئۇيغۇرلار قويۇق شورپىلىق قورداقلار، قوي گۆشى بېسىلغان پولۇ، ئۇزۇن سوزۇلغان لەغمەن، تەملىك پىچىنە - پىرەنىكلەر، ھەممىدىن ئىسلى يىگىلا تونۇردىن چىققان نانلارنى ياقتۇرۇپ يەيتتى.



ئۇيغۇرلار مېنى كىچىك ھويلىسى بار ، خام قىش ۋە خام لايدا سېلىنغان ھويلا ئاراملىرىغا مېھماندارچىلىققا چاقىرغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمان كۈتۈش قائىدىسىنىڭمۇ ختايلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ختايلارنىڭكىدەك قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ توختىماي كۆك چاي ئىچىپ ئولتۇرمايتتۇق، بەلكى سۇپىغا سېلىنغان يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە ماھۇتەك ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قاپقارا دەملەنگەن قارا چاي ئىچكەچ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاكار ئۈستەلگە تىزىلغان قۇرۇق مېۋىلەردىن لەززەتلىنەتتۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى، ئاياللار ئازادە ۋە رەڭدار كۆينەكلەرنى كىيىشكە ئامراق بولۇپ، بېشىغا رومال ئارتىۋالاتتى، قىسمەن ئەرلەر بولسا كۆركەم كەشتىلەنگەن قىرلىق دوپپا كىيىۋالاتتى.

شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاجايىپ كەچمىشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىم ختاي دۆلىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى نۇرغۇن قاراشلىرىمنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. مېنى بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى مەركىزى رولى بولدى،

چۈنكى كىشىلەر ماركسىزمنىڭ دىنغا قارشى سىياسى مەۋقەسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بۇ كوممۇنىست ھاكىمىيەتتە دىنىي ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئۇنچە مۇھىم ئورۇن تۇتمايدۇ دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما شىنجاڭدا مەسچىتلەرنىڭ كۆپلىكى، قەبرىستانلىقلارنىڭ ئاجايىپلىقى، ۋە بازارلاردا دىنىي كىتابلارنى ساتىدىغان ئۇستەللەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. مەسچىتلەرنىڭ كىچىكلىرىدە 50 كىشىلىك ئورۇن بولسا، چوڭلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا نەچچە مىڭ جامائەت ناماز ئوقۇيالايتتى. قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىدى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ جامە ھېسابلىناتتى.

يەرلىك مازارلارنى زىيارەت قىلىش بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ يەنە بىر پىنھان ئىپادىلىنىشى ھېسابلىناتتى. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە مازارلار ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئەمما مازارلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا جەنۇبى شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن ئىدى. كىشىلەر ھېيت - ئايەملەردىلا ئەمەس، ھەر قانداق چاغدا تۇرمۇشىدا مەسىلە كۆرۈلسە، روھىي ۋەياكى جىسمانىي جەھەتتە مۇشكۈلگە ئۇچرىسا ۋەياكى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە دۇچار بولسا مازار - ماشايىخلارغا بېرىپ، ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيتتى. مازارلارنىڭ شەكلى پەرقلىق بولۇپ، كىچىكلىرى شاخلىرىغا ھەر خىل تۇغ ئېسىلغان، بىر - بىرىگە چىتىشلىق دەرەخ شاخلىرى، چوڭلىرى بولسا ئەتراپىغا تۇغ ئېسىلغان يۈزلەرچە تاياقلار چۆرىدەپ تىكلەپ قويۇلغان قەبرىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى (تۇغ ئېسىش بۇددىزىمدىن قالغان ئادەت). گاھىدا بىرەر تۈپ دەرەخمۇ مازار دائىرىسىگە كىرەتتى. غۇلجا شەھىرىدىمۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر خاسىيەتلىك دەرەخ بولۇپ، پەرزەنت كۆرەلمىگەن ئاياللار ئۇنىڭ شاخلىرىغا قىزىل لاتىلارنى ئېسىپ پەرزەنتلىك بولۇشنى تىلەيتتى.

ئادەتتە بۇ خىل مازارلارنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە قارىغاندا شىئە، بولۇپمۇ سۇفىزىم بىلەن بەكرەك قويۇقراق باغلىنىش بار دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مازارنىڭ ئەتراپىغا دۆۋلەپ قويۇلغان ھەر خىل مۈڭگۈز،ئاتنىڭ قويرىقى، ئاتنىڭ تاقىسى ۋە قىش پارچىلىرىدىن قەدىمى شامانىزمنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە مازارلاردا پەرزەنت كۆرەلمىگەن ئاياللار ئەۋلىيالاردىن پەرزەنت كۆرۈش تىلىگىنىدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىلەپ

www.uyghurkitap.com

ياسىغان ھەر خىل ئۇششاق لاتا قوچاقلار ۋە كىچىك بوشۇكلەرمۇ تېپىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئېتىقادلاردىن قالغان ئادەتلەرگە بەزى مۇسۇلمانلار قارشى تۇرۇپ، مازار تاۋاپ قىلىش ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شەك كەلتۈرگەنلىك دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئاخباراتلاردا ۋە باشقا يازمىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئۇلارنىڭ سۈننى مەزھىبى تەۋەلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق دەپ قاراشتا گەرچە خاتالىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئازراق ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ھەممىلا ئۇيغۇرنىڭ دىنىي قارىشى ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. بەزىلەر ئۇچۇن مۇسۇلمانلىق پەقەت ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ دەلىلى، دىنىي ئېتىقادى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىقى يوق. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق مەن ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىدىكى مۇھىملىقىنى سەل چاغلىقىنىم ئەمەس، پەقەت كىشىلەرنىڭ دىنىي تونۇشىنىڭ پەرقلىقلىقىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەن. مەسىلەن، بەزى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مۇسۇلمانلىق ھارام تاماقلارنى يېمەسلىك بىلەن ئايرىلسا، بەزىلىرى جۈمە نامىزىغا قاتنىشىپ، رامىزاندا روزا تۇتۇشنى مۇسۇلماندارچىلىق دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا كۈندە بەش ۋاخ نامازنى مەسچىتتە ئۆتەپ، ھاراق، تاماكىدىن ئۆزىنى تارتىپ، خەير - سەدىقىلەر ئۇچۇن مۇسۇلمان ساخاۋەتچى ئورگانلارغا پۇل ئىئانە قىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ تونۇيدۇ (گەرچە ئۇلار بىر - بىرىنى ئانچە بەك ئېتىراپ قىلىپ كەتمىسىمۇ ئەمما ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ھېسابلايدۇ.)

بەزىدە ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان دەپلا ئاتاشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق دېيىش بىلەن كۆپايە قىلىش ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي ئادەتلىرىنى يېتەرلىك كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلانىڭ كۆپ قىسمى سۈننى مەزھەپنىڭ ھەنەفى پىرقىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ (بۇ پىرقە ئەرەبچىدىن باشقا تىللاردا ناماز ئوقۇشنى راۋا كۆرىدۇ)، ئەمما مازار تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن سوفىزىم، زاردۇشتىزىم، بۇددىزىم ۋە شامانىزىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ۋە دىنىي مىراسلىرىنىڭ ئىزنالىرى گەۋدىلەنگەن. يۇقىرىقى

قەدىمى ئېتىقادلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس، مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ غەربىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن شامانىزىمنىڭ تەسىرى كۆپرەك، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ھىندىستاننىڭ تەسىرى بىلەن بۇددىزىمنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر. گەرچە ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئېتىقادلارنىڭ تەسىرى بۇرۇن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە، بولۇپمۇ يىزىلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قەدىمى ئېتىقادلارنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئەبجەش دىنىي ئېتىقاد ئاساسلىق ئورۇننى ئالغان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلانىڭ ئىسلام دىنىي ئېتىقادى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان تىل، مەدەنىيەت، يېمەك - ئىچمەك، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يېقىنلىق ۋە ئوخشاشلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىدە (جۇملىدىن مەندە) بۇ رايون قانداق بولۇپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغاندۇ دېگەن سوئال پەيدا بولۇپ قالىدۇ.



شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىلىكى ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ يىراقلىقى بىلەن بەكرەك گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان مۇساپىسى شۇنچە يىراقكى، بۇ يەر تامامەن باشقا ۋاقىت رايونىغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ ۋاقتى خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بېيجىڭ ۋاقتىدىن ئىككى سائەت پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاممىۋى سورۇنلاردا، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا قاتناش ۋاستىلىرىدە، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلاردا ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا بېيجىڭ ۋاقتى ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ ۋاقتىنى ئىشلىتىدۇ، خىتايلار بولسا بېيجىڭ ۋاقتىنى ئىشلىتىدۇ. ئەمما ۋاقىت ئىشلىتىشتە قىسمەن پەرقلەر بار، مەسىلەن، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە مەكتەپلەر ئەتىگەن سائەت 8 دە دەرس باشلايدۇ، ئەمما شىنجاڭدا بولسا ئەتىگەن 10 غىچە دەرس باشلانمايدۇ (دېمەك شىنجاڭ ۋاقتى 8 دە دەرس باشلايدۇ دېگەن گەپ.)

شىنجاڭ زېمىنىنىڭ چوڭلۇقىدىن كىشىدە بۇ تېررىتورىيە خۇددى خىتاي دۆلىتىگە مەجبۇر چېتىپ قويۇلغان يات بىر تۇپراقتەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەر كۆلۈمى غەربىي ياۋروپاغا توغرا كېلىدىغان بۇ رايون خىتاينىڭ مەمۇرى رايونلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن چوڭ بولۇپلا قالماي، كۆلۈمى باشقا مەمۇرى رايونلىرىدىن خېلىلا چوڭ. تاغ تىزمىلىرى شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. شەرقىي شىمالىدىكى ئالتاي تاغلىرى رۇسىيە بىلەن موڭغۇلىيەگە چېگرىلىنىدۇ، غەربىي شىمالىدىكى تەڭرى تېغى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ جەنۇب ۋە شىمال شىنجاڭغا ئايرىيدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەبىئىي چېگرا بۇ زېمىننى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچ، مەزكۇر رايون تارىختىن بېرى ئىككى ئايرىم زېمىندەك ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن. شىمالى قىسمىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى يېرىم دەشت باياۋاندىن تەشكىل تاپقان يايلاق رايون بولۇپ، ئىلگىرى چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاساسلىق سانائەت رايونلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىمالى شىنجاڭغا جايلاشقان. 1949 - يىلىدىن بېرى خىتايلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كۆپ مىقتاردا بۇ رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن شىمالى شىنجاڭدا خىتاي نوپۇسى يەرلىك خەلقتىن كۆپ يۇقىرى.

جەنۇبى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكلىماكان چۆللۈكى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر رايون ھىمالايا ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ شىمالىدا بولغاچ، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياندىن كەلگەن نەم ھاۋانى بۇ ئىككى تاغ تىزمىسى توسۇپ قالغاچ بۇ رايوندا ھۆل يېغىن ئاز بولىدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى بوستانلىقلاردىلا ئەتراپىدىكى قارلىق تاغلاردىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ 80% دىن ئارتۇق نوپۇسى جەنۇبى شىنجاڭ رايونىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.

شىنجاڭدا يەنە تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى كىچىك ئەمما مۇھىم رايون بار. شەرقىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى خىتايدىكى ئەڭ ئىسسىق ۋە قۇرغاق رايون. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چىمەنلىكلەردە كىشىنى ھەيران قىلغۇدەك ئاجايىپ شېرىن ئۈزۈم ۋە قوغۇن چىقىدۇ. شىمالى شىنجاڭنىڭ

غەربىي بۇرجىكىدىكى ئىلى ئويمانلىقى بوروخۇل تاغلىرى ئارقىلىق جۇڭغار ئويمانلىقىدىن، تەڭرى تېغى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. غۇلجا شەھىرى ئىلى رايونىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر.

نەتىجىدە مەزكۇر رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شەكلى شىنجاڭنى تۆت رايونغا بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، تەبىئىتى بۇ رايوننى تاغلار ئارقىلىق رايون ئىچى ۋە شۇنداقلا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ تەبىئىي توسۇقلار بېرىش - كېلىشلەرنى توسۇپ قالالمايدۇ. نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى تۇۋار ماللار، يېڭى پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئادەملەر داۋان ئېشىپ بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن بولۇپ، گاھىدا تۈركۈملەپ كۆچمەنلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. مەسىلەن، 1920 - ۋە 1930 - يىللىرى مابەينىدە سوۋېت كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدىن قاچقان نۇرغۇن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بۇ رايونغا كېلىپ پاناھلىق ئىزدىگەن. 1962 - يىلى 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشى غۇلجىدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتىن قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقا بۈگۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى تاپقىلى بولىدۇ، قازاقىستاندا 220 مىڭ، ئۆزبېكىستاندا 55 مىڭ، قىرغىزىستاندا 49 مىڭ ئۇيغۇر ياشايدۇ.



مۇشۇنداق رېئاللىق سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار قانداق بولۇپ خىتاينىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان دېگەن سوئال پەقەت ئىلمىي مۇلاھىزە ئۈچۈنلا سورۇلىدىغان سوئال بولۇپ قالماستىن، بەلكى نېمە ئۈچۈن يۈزلىرىگە ماسكا تاقىۋالغان ھۇجۇمچىلار كۇنمىڭدە 29 ئادەمنى چاناپ ئۆلتۈرىدۇ، نېمە ئۈچۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى 2013 - يىلى بېيجىڭدا ماشىنىسىنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا پارتلىتىۋېتىدۇ، دېگەن مەسىلەرنى چۈشىنىشىمىزگىمۇ ياردىمى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ھەققانىيەت ۋە ناھەقچىلىككە تاقىلىدىغان مەسىلە. بۇ كىتابتا مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمەن. ئەمما مەزكۇر رايوندا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ تېگىدە زادى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئايرىم دۆلەت بولۇشى كېرەكمۇ (ۋەياكى ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە

گەپ قىلىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەكمۇ) دېگەن تالاش - تارتىشلارنىڭ سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئۇلارنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكىنىڭ باستۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلىشى، پىلانلىق تۇغۇتقا مەجبۇرلىنىش دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ سەۋەب بولىۋاتقانلىقىدا شەك يوق. ئەمما مەسىلىنىڭ تېگىگە كەلسەك، ھەر قانداق بىر خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىگە ۋاكالەتلىك قىلىشىدىكى ھەق - ھوقۇقى ۋە قانۇنىي ئاساسى نېمە دېگەن سوئالنى سورىشى كېرەك. ھەتتا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىدەك خەلق تەرىپىدىن سايلانمىغان، ھاكىم مۇتلەق (ئاۋتورىتورىيان) ھاكىمىيەتمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى دەلىللىشى كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىدە دائىم خىتاي مىللەتچىلىكى ۋە نەچچە مىڭ يىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئورتاق خىتاي تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى دەستەك قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ خۇددى باشقا دۆلەتلەر ئۆز خەلقىگە مىللەتچىلىك ۋە مىللى تارىخ تەشۋىقاتى قىلغاندەك خىتاي مىللەتچىلىكى ۋە خىتاي تارىخى ھېكايىلىرىنى تەكرار تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە.

دۆلەتنىڭ ئۆملىكىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بۇ خىل مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئامېرىكا ۋە خىتايغا ئوخشاش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم (خىتايدا خىتايلاردىن باشقا يەنە 55 مىللەت ياشايدۇ.) بۇ خىل سىياسىي ئىدىئولوگىيەلىك تەشۋىقات دائىم دۆلەت گراژدانلىرىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىغا ئوخشاش كاپالەتلىك قىلىدۇ دېگەن ۋەدە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئەزەلدىن تارتىپلا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا كاپالەتلىك قىلىمىز دەپ تۇرۇپ، مەركىزى رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىمۇ ئىلگىرىكى خىتاي ھاكىمىيەتلىرىگە ئوخشاشلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلاش ۋەدىسى بىلەن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتماقتا.

ئەمما بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك ئۇقۇمى ۋە تارىخ چۈشەنچىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى خىتاي دەپ ھېس قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەياكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان قارارلىرىنى، ئۇيغۇرلار تاجاۋۇزچى يات خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە قىلىۋاتقان بېسىمى دەپ قارايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ تېررىتورىيەلىك چەك - چېگرىسىنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ئامىللارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق بىر قاراشتا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئىككى تەرەپنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بىر - بىرىگە قارشى قاراشلىرى، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ۋە يەرلىك خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىكى ئورنى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدۇر.

شۇنىمۇ بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈركى مەزكۇر رايوننىڭ بۈگۈنكى چېگرىسى، ۋە بىرلىككە كەلگەن بىر رايون بولۇپ شەكىللىنىشى ئەمەلىيەتتە يېقىنقى زامانىدا مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلار. شىنجاڭ دېگەن خىتاي تىلىدا «يېڭى زېمىن» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ئاتالغۇمۇ 1884 - يىلىدىن باشلانغان. مەزكۇر رايون ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى زامانىدا خىتاينىڭ بىر مەمۇرى رايونى بولۇپ قالغان. ئۇنىدىن ئىلگىرى مەزكۇر رايوننىڭ سىياسى ۋەزىيىتى كونتروللىقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇب ۋە شىمالدا ئوخشاشلا بىرلىككە كەلگەن سىياسى مەركەز بولمىغاچ، سىياسى كونتروللۇق يەرلىك ئەمەلدارلانىڭ قولىدا نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

نەتىجىدە، يەرلىك خاندانلىقلار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆپلىكىدىن يەر ناملىرىدىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك پەرقلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەر ناملىرىدىكى پەرقلەردىن ھەر قايسى رايونلارنىڭ سىياسى مەيدانى ۋە تەۋەلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. تاكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىسمىنى ئۆزگەرتكەنگە قەدەر خىتايدا بۇ كەڭرى كەتكەن رايوننى «غەربى دىيار» دەپ ئاتاپ كەلگەن. يەرلىك تىللاردا بولسا بۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان

www.uyghurkitap.com

بىرمۇ ئىسىم يوق بولۇپ، ئاساسەن جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ تونۇلغان. 17 - ئەسىردىن باشلاپ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى قىسمىنى جوڭغار موڭغۇللىرى كونترول قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايون جوڭغارىيە دەپ تونۇلغان. جەنۇبىي قىسمى بولسا ئالتەشەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇ زادى قايسى ئالتەشەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش بولمىغاچ، بۇ نام جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بولغان. چۈنكى بۇ ئىسىمدىن تارىم ۋادىسى رايونىدا ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاساسەن ئولتۇراقلىشىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەمما جەنۇبتىكى قىسمەن جايلارنىڭ يەرلىك ناملىرىمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، قەشقەر رايونى قەشقەرىيە دەپ تونۇلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يەرلىك ئوخشاشماسلىقلارنىڭمۇ (شەھەر ۋە دىن پەرقىگە ئوخشاش) ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئەجنەبىلەر ئالتەشەھەر رايونىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ئىسىمنى 190 ئەسىردىكى ياۋروپالىق تۈركولوگلار ئىجات قىلغان. چۈنكى ئۇلار بۇ رايوننى غەربىي تۈركىستان بىلەن باغلاپ قارىغان. غەربىي تۈركىستان دېگەن بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق رايونلارنى كۆرسىتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ياكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى خىتاينىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس دېگۈچىلەر «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى قوللىنىدۇ.



بۈگۈنكى شىنجاڭ دېگەن ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۈگۈنكى «ئۇيغۇر» قانداقتۇر ئۆتمۈشنى، تەقدىرنى ۋە تارىخنى ئىزمۇ ئىز باغلاپ، بىر پۈتۈن زەنجىرسىمان ھېكايە قىلغىلى بولىدىغان بىر قەۋمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر بۇنداق چۈشەنمىسەك بىز ئىرق ۋە مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى قايماقتۇرۇپ قويىمىز. ئۇيغۇرلارنى (ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتنى) بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغىنى دىنىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ئەنئەنە، ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەت ۋە جىسمانىي تەن قۇرۇلۇشىدىكى قىسمەن ئوخشاشلىقلار قاتارلىق ئورتاق كىملىك ھېسسىياتى پەيدا قىلىدىغان ئامىللاردۇر. «ئۇيغۇر»

ئاتالغۇسىنىڭ تارىخى ھەقىقەتەن ئۇزۇن، شۇڭلاشقا قىسمەن ئۇيغۇر ئالىملىرى مۇشۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كەلگىلى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان قەۋملەر بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق باغلىنىش ئاساسەن يوق بولۇپلا قالماي، «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ ئارىلىقتا نەچچە ئەسىر مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە «ئۇيغۇرلار»نىڭ تارىخى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، بىز بىرلا قەۋمنىڭ ھېكايىسىنى ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ھەر خىل ئېلېمېنتلارنىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانى ھەققىدە توختىلىمىز، شۇنداقلا مەزكۇر رايوندىكى خاندانلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، زاۋاللىققا يۈزلىنىش ۋە دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇجادىلىلەر ھەققىدە توختالغان بولىمىز.

## غەربىي دىيار قانداق قولغا كەلگەن



يىگىرمىنچى ئەسىردىن بۇرۇن «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە رايونىغا توغرا كېلىدىغان زېمىندا سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توققۇزىنچى ئەسىرلەرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر قانچە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ فېدېراتسىيەسىنى كۆرسىتەتتى. مانى دىنى مەزكۇر خاندانلىقنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ، مانى دىنىنىڭ دىنىي تەلىماتى ماددى ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، يەنى روھىي دۇنيانىڭ پاكلىقى بىلەن ماددى دۇنيانىڭ نىجاسەتلىكى ئوتتۇرىسىدىكى دۇئالىزمنى تەرغىپ قىلاتتى. مەزكۇر خاندانلىق كېڭىيىپ ۋايىغا يەتكەن چاغلىرىدا زېمىنى غەربتە كاسپىي دېڭىزى، شەرقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە كېڭەيگەن. ئەمما كېيىنكى بىر قېتىملىق ئاچارچىلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش شۇنداقلا مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئەتراپىدا يەنسەي قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

ئۇرۇشتىن قېچىپ جەنۇبقا كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۈگۈنكى گەنسۇ ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان رايونلىرىدا ئىككى دۆلەت قۇرغان بولۇپ،

گەنسۇدىكىسى ئۈچ ئەسىر ھۆكۈم سۈرۈپ كېيىن باشقا بىر خاندانلىققا قېتىلىپ يوقىلىپ كەتكەن. ئۇلار تۇرپان رايونىغا كەلگەندە مەزكۇر رايوندا ھىندى ياۋروپا خەلقلىرى ياشايتتى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇنلىرى بۇددا دىنىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى تاشلاپ سوغدىيان يېزىقىنى قوبۇل قىلغان (ئەينى زاماندا سوغد تىلى يىپەك يولىدىكى ئاساسلىق تىل ئىدى.) 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆز رازىلىقى بىلەن چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغان، ئەمما چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخاننىڭ مۇستەقىل ئارمىيەسىنىڭ مەزكۇر رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشىغا ئەگىشىپ تۇرپاندىكى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مەزكۇر رايون بىر قانچە قەلئە دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان تىللىق قەۋملەر، ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر كىملىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ۋەياكى ئۇيغۇر كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېچ قانداق ئامىل قالمىغان. بەك بولسا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللەت كىملىكىنىڭ ئاساسلىق ئېلېمېنتلىرى بولغان ئىسلام دىنى ۋە تۈركى تىلىنىڭ ئاساسى تۇرپان خاندانلىقى زامانىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. قەشقەرنى ئاساس قىلغان غەربى جەنۇبى رايوننى 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا ئىسلامغا كىرگەن قاراخانىيلار دەپ ئاتالغان تۈرك قەبىلىلەر بىرلەشمىسى بېسىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسى بۈگۈنكى ئافغانىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ غەربى رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى شەرقتىكى خوتەن بۇددىست خاندانلىقىغىچە كېڭەيگەن. ئەمما 12 ـ ۋە 13 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇل ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋاقىتلىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. ئەمما 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ رايوننى ئىدارە قىلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئىسلامغا كىرگەن.

تارىم ۋادىسى رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا سوفى تەرىقەتچىلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلار بىمارلارنى داۋالاش، ئوت ئۆستىدىن مېڭىش قاتارلىق مەزكۇر رايوندا مەۋجۇت بولۇپ

كەلگەن شامان دىنىنىڭ ۋاستىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرغان. خۇددى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ياۋروپادا خىرىستىيانلار دىن تارقاتقاندا، يەرلىك ئېتىقادلار بىلەن بولغان ئوخشاشلىقلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنى دىنغا كىرگۈزگەندەك ئىسلام دىنىمۇ مەزكۇر رايوندا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قەدىمىي دىنىي ئېتىقادلاردىكى ئوخشاشلىقلاردىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن.

ئەمما 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە جەنۇبتىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ئىسلام دىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، ئەمما تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولغان جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى باشقا ئىدى. جۇڭغارلار موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي رايونغا تەۋە موڭغۇل قەبىلىلەر بىرلەشمىسى بولۇپ، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادى يوق، بىرلا ۋاقىتتا تەڭرى ئىلاھى، شامانىزىم، تىبەت بۇددىزمى ۋە نىستورىيان خىرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى.



بۈگۈنكى «شىنجاڭ» رايونىنىڭ بىرلىشىپ بىر رايون بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى جۇڭغار موڭغۇللىرى باشلىغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار ئاساسەن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى ئىدارە قىلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بولۇپمۇ 164 ـ يىلى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە بۇددىست لامالارنىڭ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، تىبەت بۇددىزمى موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئېتىقادى بولۇپ قالغان. دىنىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۇلارنىڭ ئۆملىكىنى كۈچەيتىپ، تىبەتلىكلەر بىلەن ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ، نۇپۇزى ئېشىپ، 1678 ـ 1680 ـ يىللىرى تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى رايونلىرىنى بويسۇندۇرغان. ئەمما جۇڭغار موڭغۇللىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قىزىقمىغان (ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا تۇتقان سىياستى كېيىنكى ۋارىسلىرى بولغان مانجۇ چىڭ خاندانلىقى ۋە خىتاينىڭ گومىنداڭ ۋە كوممۇنىست ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك پىرىنسىپىدىن پەرقلىنەتتى). ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ھەر يىلى باج سېلىق ئېلىش بىلەن قانائەت قىلغان بولۇپ، جەنۇبتىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىلتىق دورىسى، كان بايلىقلىرى (قەشقەرنىڭ كۈمۈش كانلىرى) ۋە ئەمگەك كۈچى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ كۆندىلىك ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىگە ئاربىلاشمىغان.

تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىن غۇلجا ئويمانلىقىغا دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئادەم يۆتكىشى جۇڭغارلارنىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكەشتىكى ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭغارلار بۇ كۆچمەنچىلەرنى چاغاتايچە «تارانچى» يەنى دېھقان دەپ ئاتىغان. گەرچە بۇ كۆچمەنچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما ئەينى زاماندىكى كۆچمەن دېھقانلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىساق تارىخىي رېئاللىققا ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ زاماندا بۈگۈنكى بۇ خىل ئۇيغۇر كىملىكى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەريانى، ئۇلار بېيجىڭنى ئىشغال قىلىشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مانچۇ چىڭ ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسەتكەن موڭغۇللارنىڭ خالقا قەبىلىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالىدۇ. شۇندىن تارتىپ تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چيەنلۇڭخان زور قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار دۆلىتى ۋە جۇڭغار موڭغۇللىرىنى تامامەن يوق قىلىۋەتكەنگە قەدەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا پات ـ پات ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان. چيەنلۇڭخان جۇڭغارلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ غەربىي تەرەپتىن ئۆزلىرىگە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تامامەن تارمار قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولۇپ، گېنېراللىرىغا جۇڭغار پۇقرالىرىنى ئاچ قويۇپ يوق قىلىش پەرمانىنى بەرگەن. نەتىجىدە بىر مىليون ئەتراپىدا كىشى ئۆلۈپ ۋەيران بولغان.

بۇ ئىتتىنىڭ قىرغىنچىلىق چىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن نۇپۇس زىچ رايونلاردىكى پۇقرالىرىنى غەربىي دىيارغا تارقاقلاشتۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. گەرچە چىڭ ھاكىمىيىتى كېڭەيمىچىلىك ئۈيىدا بولسىمۇ، ئەمما مانچۇلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى ئىشغال قىلىش پىلانى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق تارىخىي دەلىل ـ ئىسپات يوق. چۈنكى ئىقتىسادىي مۇشكۈلاتلار تۈپەيلى ئەينى چاغدا چىڭ ھاكىمىيىتى جۇڭغارلارنى باستۇرۇش ئۈچۈنمۇ مىڭ بىر جاپادا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشكەن. دېمىسىمۇ غەربىي رايوننى ئىدارە

قىلىش چىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ئۈچۈن بىر ئىقتىسادى يۈك بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كوممۇنىست ھاكىمىيىتىمۇ يەرلىك ئىقتىساد (GDP) نىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىقىغا قارىماي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كەلمەكتە.

مانچۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىشىغا شىمالدىكى قىسمەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى تۈرتكە بولغان. يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بىر قانچىسى بىرلىشىپ، مانجۇلارنىڭ غۇلجا رايونىدا تۇرۇشلۇق لەشكىرى گازارمىسىنى قىرغىن قىلىۋېتىپ جەنۇبقا قېچىپ كېتىشى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا قوغلاپ كىرىشىگە سەۋەب بولغان. چيەنلۇڭخانىنىڭ بۇ قارارى ئەينى چاغدا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، پادىشاھ مەزكۇر رايوننى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ كەلگۈسىدە غەربتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقنى توسۇپ قالىدىغان توسۇق سۈپىتىدە خاندانلىقنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز پىكرىنى قوبۇل قىلدۇرغان (ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى كېيىنكى ھاكىمىيەتلەرمۇ مەزكۇر رايوننى ئىدارە قىلىشتا قايتىدىن تەكىتلىگەن).

بۇ خىل قاراشنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك قالدۇقلىرى بۈگۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئايرىلماس قىسمى دېگەن قارىشىدا ئېنىقچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. جورج تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى جەمس مىلۋاردنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىچە، ... ئېيتقاندا (تاكى 19 - ئەسىرگىچە خىتايلار شىنجاڭنى خىتاينىڭ ئايرىلماس قىسمى دېگەن گەپنى ئاغزىغا ئېلىپمۇ باقمايتتى). ھەتتا 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى گومىنداڭ زامانىدىمۇ قىسمەن خىتاي زىيالىيلىرى خىتاي بولمىغان باشقا قەۋملەر بېسىۋالغان چەت ياقا رايونلارنى خىتاينىڭ قانۇنى زېمىنى دېيىشكە بولارمۇ دېگەن مەسىلىدە بەس - مۇنازىرىلەردە بولغان. ئەمەلىيەتتە، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تەسىس قىلىنىپ ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1959 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى «ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى» دېگەن بۇ خىل پەتىۋا مۇقىملىشىپ، ئومۇملىشىشقا باشلىغان.

ختاينىڭ بۇ خىل تارىخ قارىشى پەقەت نۇرغۇن تارىخىي رېئاللىقلارغا كۆز يۇمۇۋالغاندىلا ئاندىن پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، چۈنكى ئارىلىقتا 800 يىل مەزكۇر رايون ختاي تۇپرىقىدا قۇرۇلغان ھېچ قانداق بىر دۆلەتكە تەۋە بولۇپ باقمىغان. بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش مانجۇ چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمىنى ۋە تارىخىنى مەجبۇرى ئالدىغا سۈرۈپ، ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ كەينىدە مەزكۇر رايوندىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ تارىختىكى ختاي سۇلالىلىرى بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك، ئىقتىسادى ۋە لەشكىرى بېرىش - كېلىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ختايغا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق دېمەك، مەزكۇر رايوننى ھېچ زامان ختاي «قوشۇۋالغان» دېيىشكە بولمايدۇ، بەلكى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ گېپى بويىچە بولسا بۇ رايوننىڭ تەدرىجى ختايغا قوشۇلۇپ كېتىشى، قانداقتۇر ئەزەلدىن ختاينىڭ بىر قىسمى بولغان بۇ زېمىننىڭ «ئانا ۋەتەن بىلەن» قايتىدىن تېپىششى دېمەكلىكتۇر.

بۇ خىل مەنتىقىدىن ختاي ئاخبارات مىنىستىرلىقىنىڭ «قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭدا نۇرغۇن مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن، بۇ تۇپراقتا ياشىغان ۋە كۆپەيگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ختاي گىراژدانلىرى ئىدى» دېگەنىدەك بۇ تۇپراقلاردا ئەلمىساقتىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ۋە ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنى ختاي پۇقراسى ئىدى دەيدىغان بىمەنە خۇلاسىگە باشلاپ بارىدۇ. بۇنداق دېيىش تامامەن خاتا، بىرىنچىدىن، ختاي مىللىتى دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۆزى ھازىرقى زاماننىڭ ئىجادىيىتى، ئىككىنچىدىن، ختاي زېمىندا ئۆتكەن قەدىمى خاندانلىقلاردىن بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. يېقىندا بىر قىسىم ختاي زىيالىلىرىنىڭ شىۋاكمو (غەربى دىيار مەلىكىسى) رىۋايىتىنىمۇ مۇشۇنداق تارىخنى بورمىلاشقا قېتىۋىلىشى، ختاينىڭ تارىخ ياساشتا قولىغا چىققۇدەك ئاساسىنىڭ كەملىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ بىزنىڭكى دېگەن قارىشىغا قارشى تۇرۇش ئەمەس، پەقەت مەزكۇر رايون تارىخىنىڭ دائىم سىياسى مەقسەت ئۈچۈن بورمىلاشقا ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇنۇشتۇر. بەختكە قارشى مۇشۇنداق سىياسى سەۋەبلەر



www.uyghurkitap.com

تۇپەيلىدىن قىسمەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ شىنجاڭدا ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر مۇھىت شەكىللىنىپ قالغان. مەسىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تور بېتىگە قارايدىغان بولساق «شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن قىسمىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۆت مىڭ يىللىق تارىخى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر تارىختىن بىرى بۇ تۇپراقتا نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، مۇشۇ يەردە رۇناق تېپىپ گۈللەنگەن» دەپ يېزىلغان.

مەزكۇر تور بېتىنىڭ مۇشۇ بۆلۈكىدە يەنە مانجۇ چىڭ دەۋرىدىكى بىر قاتار باغلىنىشى بولمىغان ئۇ يەر بۇ يەردە يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنىمۇ قانداقتۇ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي قارشىلىق دەپ ئىلگىرى سۈرۈپ «ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىغا قارشى 42 قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئاخىرىدا بۇ خىل قاراشنى ھازىرقى زامانغا باغلاپ كېلىپ مۇنداق مۇبالىغىلەشتۈرۈپ خۇلاسىلىگەن:

> *خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان شىددەتلىك باستۇرۇشلىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتىگە باش ئېگىشنى رەت قىلىپ، ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان خىتاي مۇستەملىكىسىگە قارشى مەشئەلنى داۋاملىق يالقۇنلىتىپ كەلمەكتە.*

خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش ئورگانلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ خىل قارشى تەرەپنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭكىنى راس قىلىدىغان دەتالاشلار نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. ئىدىئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق «دۆلەت» ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش ئورگانلارنىڭ بۇنداق ئاددىي بىر ئۇچۇرنى تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كەڭرى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما ئۇلار بۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارقىلىق خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئوخشاشلا مەزكۇر رايون تارىخىنىڭ بورمىلىشىنىغا سەۋەبچى بولاۋاتىدۇ.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ كىڭەيمىچىلىكى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ رايونغا ئىگە بولىۋالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ھۆكۈمەت قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە نوپۇسىدا ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن (كېيىنچە كوممۇنىست ھاكىمىيىتىمۇ ئوخشاش سىياسەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ). چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ خۇددى جۇڭغار موڭغۇللىرىغا ئوخشاش شىمالى شىنجاڭنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈمەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، ئىلى ۋادىسىدا خۇييۈەن دېگەن بىر يېڭى شەھەرنى بەرپا قىلىپ، شۇ يەرنى لەشكىرى ۋە مەمۇرى باشقۇرۇش مەركىزى قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە جۇڭغارلارنىڭ تارانچىلارنى يۆتكەپ دېھقانچىلىق قىلدۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا لەشكىرى كۈچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ گازارمىلىرى ئەتراپىدا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، دۆلەت تەۋەلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى تەسىس قىلغان. بۇنداق قىلىشى ئەمەلى ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان، چۈنكى شىنجاڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭنىڭ مۇساپىسىنىڭ يىراقلىقى تۈپەيلى مادىدى تەمىنات بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتى بولمىغاچ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تەمىنلەش زۆرۈرىيىتى تېپىلغان. 1800 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىلى ۋادىسىدا پاختا ۋە باشقا زىرائەتلەر ئۆستۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان تارانچىلارنىڭ سانى 34000 غا يەتكەن بولۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى يەنە جەنۇب ۋە شىمالى شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركى تىللىق قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆملىكى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان.

شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە كانچىلىق ئىشلىرىنى ئېچىشتا ئاساسەن ئېچكىرىدىن پالانغان ئۆكتىچىلەر ۋە شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئىشلىتىلگەن. قاتىللىق جىنايىتى

بىلەن جازالانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك غۇلجا رايونىغا ئەۋەتىلەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى تاكى 1980 - يىللارغىچە شىنجاڭنى ئېغىر جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان يەر قىلىپ پايدىلانغان. يازغۇچى ماجىئەن غەربىي دىيارنى «سۈرگۈنلەر پالىنىدىغان، سىياسىي جىنايەتچىلەر ۋە كۆچمەن تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن قوۋم ئاستىدا قالغان شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرى توپلاشقان جاي» دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئەمما چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا مەجبۇرى ئادەم كۆچۈرۈشكە تايانمىغان، بەلكى قىسمەن تىجارەتچىلەر ۋە پۇقرالارغا باج كەچۈرۈم بېرىشتەك ۋاسىتىلەر بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇ رايونغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولۇپ، بەزىلەرنىڭ كۆچۈپ كېلىش چىقىملىرىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرگەن. ئاساسلىق تىجارەت مەركىزى شىمالدىكى جۇڭغار رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، چىيەنلۇڭخان بۇ يېڭى مەركەزنى «دىخۇا» يەنى مەرىپەت تارقاتماق دەپ ئاتىغان. 1762 - يىللىرىغا كەلگەندە بۇ شەھەردە 500 دىن ئارتۇق دۇكان تىجارەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، يەرلىك ئائىلىلەر ئاساسەن خىتاي، مانجۇ ۋە تۇڭگانلاردىن تەركىب تاپقان (تۇڭگانلار تېگى - تەكتى پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق، ئەمما خىتايچە سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان خەلق) بولۇپ ئارىسىدا تارىم ۋادىسىدىن چىققانلار بەكلا ئاز سانىنى تەشكىل قىلاتتى. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شەھەر ئۈرۈمچى دەپ ئاتىلىپ شىنجاڭ رايونىنىڭ پايتەختى بولۇپ قالدۇ (ئۈرۈمچى دېگەن موڭغۇلچىدا گۈزەل يايلاق دېگەن سۆز.)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىنىڭ دەسلەپىدە ھۆكۈمەت بۇ يەردە بەزى جەھەتلەردە كاتتا پىلانلارنى تۈزگەن، يەنە بەزى جەھەتلەردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ھۆكۈمەت دەسلەپكى ئىدارە قىلىش پىلانى ئاساسىدا ھۆكۈمەتنىڭ تەرەققىيات پىلانلىرىنى ئاساسەن شىمالى شىنجاڭغا مەركەزلەشتۈرگەن. بەلكىم يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىدىن قورقۇپ بولسا كېرەك تاكى 1830 - يىللارغىچە تارىم ۋادىسىغا ئاساسەن خىتاي يۆتكىمىگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ماھىرلىق بىلەن يەرلىك ئەربابلارنى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرى ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە تەيىنلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئەمما بۇ

www.uyghurkitap.com

يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى، ئاۋام خەلق ئۇلار ياتلارغا يانتاياق بولدى ۋە چىرىكلىشىپ كەتتى دەپ ئۇلاردىن بىزار بولۇشۇپ، ئۇلارنى «چىرايى ئادەم، جىسمى ئىت» دەپ تەسۋىرلىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىرىنچى ئەسىر مەزكۇر رايونغا ئۆزۈندىن بىرى كۆرۈلمىگەن تىنچ سىياسى مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەچ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، گاھىدا ئاشلىقنىڭ باھاسى ئېچكىرى ئۆلكىلەردىنمۇ ئەرزان توختىغان. ئەمما شۇنداقتىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەزكۇر رايوننى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىسادىي مەبلەغ ياردەم قىلىپ كەلگەن. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولغان بولۇپ، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش، گىلەمچىلىك ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتلەردە ئالاھىدە تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلگەن (ئەگەر شىنجاڭدا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان سودا دۇكانلىرىنى بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئايلىنىپ چىقسىڭىز يۇقىرىقى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز.)



1830 - يىللاردىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. غەربتىكى پەرغانە ۋادىسىنى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ئاساس قىلغان قوقان خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭ رايونغا توختىماي قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوننى ئىدارە قىلىش پىكرىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە ھۆكۈمەت خىتايلارنى تارىم ۋادىسى رايونىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ۋە ھەربىي كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

1860 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار تۈرتكە بولغان. شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەپيۇن ئۇرۇشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. نەتىجىدە شىنجاڭ رايونغا ئاجرىتىدىغان ئىقتىسادىي مەبلەغ قىسقارتىلغاچ، يەرلىك ھۆكۈمەت باج - سېلىقنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ئەمەلنى پۇلغا سېتىش ئارقىلىق

ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تايانغان. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان چېرىكلىك ۋە ئىقتىسادىي بېسىم چېك سۇلالىسىغا بولغان قارشىلىققا سەۋەب بولغان. «ئالتەشەھەر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مۇشۇ دەۋرلەردە قوللىنىلىشقا باشلىنىشى، ئورتاق بىر دۈشمەننىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ رايونلاردىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بىرلىك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ باشلىنىش بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما مەزكۇر رايوندىكى خەلق ئارىسىدا ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن ئورتاق رايون كىملىك ئېڭى بولمىغان بولسا، يۇقىرىقى ئورتاقلىق ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رىيان تۇم (Rian Thum) نىڭ «ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇقەددەس يوللار» دېگەن يېقىنقى كىتابىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلارنىڭ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقلىق ئېڭى شەكىللىنىشتىكى مۇھىم بىر ۋاسىتە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شىنجاڭدىكى ھەر بىر مازارنىڭ يەرلىك تەزكىرىلىرى بولۇپ، بۇ تەزكىرىلەردە مازارلارغا كۆمۈلگەن ئەۋلىيالارنىڭ تارىخى پۈتۈلگەن. بۇ تەزكىرىلەردىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاغزاكى ئاڭلىغۇچىلار بىر - بىرىگە تارقىتىپ، مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن (ئىسلامدىكى مەدداھلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئاغزاكى ھېكايە قىلىش ئۇسۇلى بۇ رايوندا بەكرەك ئومۇملاشقان.) يۇقىرىقى مازارلار ھەققىدىكى ھېكايە ۋە قىسسەلەرنىڭ رايوندىن - رايونغا كۆچۈشى كىشىلەردە مۇشۇ مازارلارنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئورتاقلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى تاكى 20 - ئەسىرگىچە قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. چۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ۋە تىل ئورتاقلىق ئېڭى شەكىللەنمىگەن بىر مۇھىتتا ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ھېچ قانداق ئەمەلىي مەنىسى بولمايتتى.

## توپىلاڭ كۆتۈرۈش

قىسمەن ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى 1864 - يىلى كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭنى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئەمما بۇنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك دەلىل - ئىسپات يوق. ھېچ بولمىغاندا تۇپىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى مۇستەقىللىقنى ئاساس قىلغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ رايوندىكى تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتىدىكەن دېگەن ئەپقاچتى گەپ بۇ قېتىمقى تۇپىلاڭغا سەۋەب بولغان (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار موڭغۇللىرىنى قىرىۋېتىش بۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەتتى). بۇ قېتىمقى تۇپىلاڭ كۇچادا كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى رايونلىرىغا كېڭەيگەن. كۆپ رايونلاردا تۇڭگانلار باشلىغان بۇ تۇپىلاڭغا يەرلىك تۈركى تىللىق خەلقلەرمۇ قېتىلىپ تۇڭگانلارنىڭ تۇپىلىڭىنى قوللىغان.

مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارىغاندا بۇنى تۈركى تىللىق مۇسۇلمانلار تۇڭگان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ تۇپىلىڭىنى قوللىغانلىق دەپ قاراشمۇ مەنتىقىگە چۈشىدۇ. بەلكىم شۇنداق بولۇشىمۇ خاتا ئەمەستۇر. ئەمما ئىلگىرى باشقا مۇسۇلمانلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلغاندا يەرلىك تۈركى خەلقلەر ئۇلارنىڭ سېپىغا ئەزەلدىن قوشۇلمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى تۇڭگان قوزغىلىڭىنى قوللىشىدىكى سەۋەب دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاشلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاچ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللىغان.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسىدە چىڭ سۇلالىسى شەكىللەندۈرگەن جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭنىڭ بىرلىكى بۇزۇلۇپ، جەبۇنى شىنجاڭ يەنە قايتىدىن نۇرغۇن يەرلىك خاندانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ سىياسى بۇشلۇقنى بايقىغان قىرغىزلار 1865 - يىلى قوشۇن تارتىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان، چۈنكى پەرغانىدىن چىققان، ئەنجانلىقلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ كەلگەن ياقۇپ بەگ ئارمىيەسى ئاۋۋال قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كېيىن ئەينى چاغدا رۇسلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى غۇلجا رايونىدىن باشقا جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. ئەمما ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى خەلقتىن ئېغىر باج - سېلىق ئېلىپ، تارىم ۋادىسى

رايوننى ئىسلام شەرئىتىنىڭ قاتتىق تەلەپلىرى بىلەن ئىدارە قىلغاچ، يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەزكۇر رايونغا سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى قايتىدىن ئىشغال قىلىش ئىستىكىنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرى بولسا بۇ يەرگە پۇل ئاجرىتىپ بېسىۋالغۇچىلىكى يوق دەپ قارىغان. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پىشقەدەم ئەمەلدارلىرىدىن لى خۇڭجاڭ شىنجاڭ بىر كېرەكسىز ۋە نامرات يەر، ئۇ يەرگە پۇل خەجلەپ ئىسراپ قىلغاندىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز مۇداپىئە قۇدرىتىنى ئاشۇرغان ئەلا دەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئەمما گېنېرال زو زۇڭتاڭ بولسا شىنجاڭنى رۇسلارغا تاشلاپ بېرىشكە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا شىنجاڭنى رۇسلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغان توسۇق قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەگەر ئەينى زاماندا لى خۇڭجاڭنىڭ دېگەنلىرى قوللاشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ ئاجىزلاپ ھالىدىن كەتكەن چىڭ سۇلالىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمىغان بولاتتى. ئەگەر شىنجاڭ رايوننى ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قولىغا قويغان بولسا بۇ جاينىڭ بۈگۈنكى خىتاي خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇش ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولۇپ، بەلكىم ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر جۇمھۇرىيىتى، كېيىن بىر مۇستەقىل تۈرك دۆلىتى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

ئەمما ئىقتىسادى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي زو زۇڭتاڭنىڭ پىلانى قوللاشقا ئېرىشىپ، دۆلەتنىڭ يىللىق ئىقتىسادىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ مەزكۇر ئۇرۇش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتى، ھەقىقىي ئۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىدىن كۆپ ئۇزۇن بولغان. ئۇ ئۈچ يىل تەييارلىق كۆرۈپ، 1878 - يىلى ئۈچ ئايغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە شىمالى شىنجاڭنى بويسۇندۇرغان. گەرچە يەرلىك خەلق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمىتىگە سېلىشتۇرغاندا ياخشى دەپ قارىغانلىقىنى تۆۋەندىكى شېئىردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*بېيجىڭدىن خىتايلار كەلدى، ئەرشتىن چۈشكەن يۇلتۇزدەك،*
*ئەنجانلىقلار تىكشۈەتتى قۇرقۇپ، ئورماندىكى تۈگۈزدەك.*
*ئەنجانلىقلار كەلدى قۇرۇق قول، قۇرۇق قول قاچتى،*
*تىكشۈەتتى قۇرقۇپ شەرم بىلەن شۇ ئەنجانلىقلار.*
*كۈندە بىر قىز ئالدى ئانلار،*
*گۈزەللەرنى قوغلىدى،*
*يەنە تېخى بەچچىۋازلىقمۇ قىلىدى[1].*

گەرچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ رايوندا كۆچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ ئەمما بۇرۇنقى ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنى ئەينەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قۇدرىتى يەتمىگەن. گېنېراللارنىڭ بىرى «مالىماندىن كېيىن بۇرۇنقى ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى تامامەن يوق بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى غۇلجىدىكى كونا ھۆكۈمەت مەركىزى بولغان خۈيىۈەن رايونىنى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مانجۇلار رايون مەركىزىنى ئۈرۈمچىگە يوتكەشكە مەجبۇر بولغان. ئىككىنچى چوڭ پەرق، يەرلىك ھۆكۈمەتتىكى مانجۇ ۋە يەرلىك مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا ئاساسەن خىتايلار تەيىنلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا زوزۇڭتاڭنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن خۇنەنلىك خىتايلار %55 نى ئىگەللىگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك مائارىپنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، بۇ رايونغا بولغان كونتروللۇقنىڭ دائىرىسىنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىشتىن كېڭەيتىپ مەدەنىيەت ساھەسىگىمۇ قەدەم باسقان. زوزۇڭتاڭ «ئەگەر بىز بۇلارنىڭ يەرلىك ئادەت قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىگە كىرگۈزمەكچى بولساق، مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ قۇرۇپ، مۇسۇلمان باللىرىنى خىتايچە كىتاب ئوقۇيدىغان قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن. 1908 ـ يىلدىن باشلاپ خىتايچە مائارىپ ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، يەرلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە ئىسىم قويۇلۇشقا باشلىغان.

يۇقىرىقىدەك كۆپلەپ خىتاي ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، يېڭى مەدەنىيەت سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ رايونىنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن



[1] شېئىرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىدى، شۇڭلاشقا ئىنگلىزچىسى تەخمىنەن تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى.

بىرلىشىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. گەرچە ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى 1911 - يىلى يوقىتىلىپ، ئورنىغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ كۆپ قىسمى گومىنداڭچىلار ۋە 1949 - يىلىدىن كېيىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

## مۇستەقىللىق

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى مەزكۇر رايوندىكى خەلقنىڭ ھاياتىدا ئانچە چوڭ تەسىر پەيدا قىلمىغان. گەرچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسى مەقسەت ئۈچۈن قەسلەپ ئۆلتۈرۈشلەر ۋە قوراللىق توقۇنۇشلار گاھىدا يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىيەگە ئوخشاش مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان قوزغىلاڭ ياكى توپىلاڭ چىقىپ باقمىغان. بۇ بەلكىم بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئورتاقلىق قارىشى شەكىللەنمىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك خەلقنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى ۋەياكى ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنچە چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى جەبۇتىكىلەردىن ئۇلارنىڭ كىملىكى ھەققىدە سورالغان سوئاللارغا كۆپ ساندىكىلىرى مۇسۇلمان، تۈرك ياكى يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. گەرچە مۇسۇلمان دېيىشى بىر قەدەر ئومۇملۇققا ئىگە كىملىك قارىشى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ مىللەت ياكى مىللەتچىلىككە ياتىدىغان بىر كىملىك ئەمەس ئىدى. خۇددى رىئان تام ئىلگىرى سۈرگەندەك بۇ خىل كىملىك ئۇقۇمىدىكى كەمتۈكلۈككە پەقەت ھازىرقى زاماننىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندىلا ئاشۇنداق مەسىلە كۆرۈلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

زامانىمىزدىكى مىللەت نامى بىلەن ھەممە نەرسىگە باھا بېرىش مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر، شۇڭلاشقا ھازىرقى زامان قارىشىغا چۈشمەيدىغان، مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلمىغان، بىر خىل ئەركىن كىملىك

ئۇقۇمنى بايقىغىنىمىزدا ئۇنىڭغا ھەيران قىلىش كەتمەيدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىنىڭ مەزكۇر رايونغا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تەسىرى بەلكىم مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئاجرىتىلىدىغان يىللىق ياردەم فوندىنىڭ توختاپ قېلىشى بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنداق بولغاندا شىنجاڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىڭ شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە قاتناش ترانسپورت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرگەن. نەتىجىدە 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تىجارەت سوممىسى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سودا تىجارىتىدىن ئون ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ياڭزېڭشىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنى مۇستەقىل بىر دۆلەت دېيىش سەل مۇبالىغە بولسىمۇ ئەمما مەزكۇر رايون چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئەڭ يۇكسەك ئاپتونومىيەدىن بەھرىمەن بولغان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەزكۇر رايوننى ئۆتكۈزىۋالغاندىن كېيىن 1955 - يىلى «ئاپتونوم رايون» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچ قاچان 1920 - 1930 - يىللاردىكىدەك ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە ئېرىشىپ باقمىغان. ئەمما ياڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلىتارىست ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇ سىياسىي رەقىبلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى دائىم قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزگەن، بەزىلىرىنى بولسا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ تاماق ئۈستىلىدە ئۆلتۈرگۈزگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ دەۋرىدە ھەرگىز مەزكۇر رايوندا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان پرىنسىپ بىلەن ئىدارە قىلىش رىئاللىقتا ئايلانمىغان. ئۇ مەزكۇر رايوندا مىللىي ھېسسىيات كۈچىيىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايتتى.

ئەمما ئەينى زاماندا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي تاۋارلارغا ئەگىشىپ يېڭى پىكىر ئۇقۇملىرىمۇ سىڭىپ كىرگەن. ئاۋستىرالىيە سىدنى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دەۋىد بىروفىي ئەينى چاغدا تاشكەنتتە ھىجرەت قىلغان ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئارىسىدا

ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پىكىر مۇنازىرىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دېيىلىدۇ. بەزى تارانچى ۋە قەشقەرلىك بىلىم ئادەملىرى ياۋروپالىق تارىخچىلارنىڭ موڭغۇلىيەدىن تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى يازمىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ كىملىكنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مىللەت نامى سۈپىتىدە قوللىنىشقا باشلىغان. 1910 - يىللىرى ئەتراپىدا بىر شائىر ئۆزىگە «ئۇيغۇرى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ خىل ئۇقۇم بىلەن دەسلەپتە تونۇشقانلار بەلكىم ئاز ساندىكى بىلىم سەرخىللىرى بولسىمۇ، ئەمما 1913 - يىللارغا كەلگەندە جەنۇبى شىنجاڭدىن پەرغانە ۋادىسىغا بېرىپ ئىشلەيدىغان پەسىللىك ئىشلەمچىلەرنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ كەڭرى تارقىلىش شارائىتى تامامەن ھازىرلانغان.

شۇنداقتىمۇ، 1920 - يىللارنىڭ باشلىرىدا زادى ئۇيغۇر دېمەك نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ دېگەن مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش بولمايلا قالماي، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان. گەرچە قىسمەن تارىخچىلار ئۇيغۇر ئاتالغۇسى تۇنجى بولۇپ 1921 - يىلى تاشكەنتتىكى ئىشچىلار قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېسە، دەۋىد بىروفى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم پەقەت مۇسۇلمان تۈركىي قەۋملەرگىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى خىتايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شىنجاڭلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەزكۇر مىللەت ئاتالغۇسىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە ئون نەچچە يىل داۋاملاشقان بولۇپ، بەزىلەر ھەتتا تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ تىلى تامامەن ئوخشىمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار ئىككى مىللەتكە تەۋە دەپ ئۇيغۇر ئىسمىنىڭ ئومۇمى مىللەت ئاتالغۇسى بولۇشقا قارشى چىققان.



گەرچە ئۇرتاق كىملىك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئامىللار تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما بىر ئورتاق دۈشمەننىڭ بولۇشى ھەممىدىن ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرگۈچى ئامىلدۇر (بۇنىڭ كۆچىنى خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋە تىبەتتە تولۇق تېتىپ كۆردى.) 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جىن شۇرېن باج - سېلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشۇرۇپ جازانىخورلۇق قىلغاچ، خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. 1931 - يىلى قۇمۇلدا ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. ئۇندىن باشقا بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكىمۇ سەۋەب بولغان، مەسىلەن، ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ ئېچكىرىدىن چىققان خىتايلارغا بېرىلگەن (بۇ خىل ھادىسىلەر خىتاي كوممۇنىستلىرى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىدۇ) ئەھۋاللارمۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. نەتىجىدە شىنجاڭ رايونىدا خىتاي ئارمىيەسى، گەنسۇلۇق تۇڭگان گېنېرال ماجۇڭيىڭنىڭ تۇڭگان قوشۇنى ۋە يەرلىك خەلق مەزكۇر رايوننىڭ كونتروللۇقىنى تالىشىپ ئۇرۇشقان. ئىككى يىل داۋام قىلغان جەڭگى - جېدەل مەزكۇر رايوننى مالىمانچىلىققا سالغان. گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار كۆپ ھاللاردا بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، گاھىدا ئۇنداق بولماي قالاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىششىگە كىشىلەر ئويلىغاندەك دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشلىقى ئەمەس، بەلكى ئادالەتسىزلىككە بولغان نارازىلىقى تۈرتكە بولغان.

ئەمما جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارمىغان، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن 1933 - يىل ئاپرېل ئېيىدا ھەربىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ ھوقۇق تارتىۋالىدۇ (سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى ۋە نېفىتىگە ئېرىشكەن.) 1934 - يىلى يانۋار ئېيىدا شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ تۇڭگان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەھرىدە قورشاۋغا ئېلىنغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ئايروپىلانى ۋە قوشۇن چىقىرىپ ئۇنى قورشاۋدىن قۇتقۇزىۋالغان. سوۋېت ھاۋا ئارمىيەسى ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ھاۋادىن خىمىيەلىك بومبا تاشلاپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئۈرۈمچىدىن چېكىنگەن تۇڭگان قوشۇنى جەنۇبتىكى قەشقەر شەھرىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەرنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىشغالىيەت ئاستىدا قېلىشى، مەزكۇر شەھەر تارىخىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ياتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىشىنىڭ داۋامى ھېسابلىناتتى. ئەمما كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشى، بۇ رايوندا تۇنجى قېتىم باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ھەقىقىي ئۇيغۇر كىملىكى

ھەرىكىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنلىك ھېسابلىناتتى.

چۈنكى بۇ چاغدا 1933 - يىلى نويابىردا قەشقەر ۋە خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغان ئىدى. مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا 20 مىڭ كىشى قاتناشقان بولۇپ، مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان ئوقۇغۇچىلار «تۇغىمىز كۆك بايراق، قەبلىمىز ئالتۇن قەبلە، تۈركىستان تۈركى خەلقلەرنىڭ ماكانى، بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز» دەپ مەدھىيە ئوقۇغان. ئۇلار قويدۇرغان تۇنجى مىتال پۇلدا «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئېتىنىڭ نامىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا قىرغىزلار ۋە باشقا تۈركى تىللىق خەلقلەرمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنىڭ بۈگۈنكىدەك تار مەنىدە ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك ئۇيغۇر بايرىقىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغىمۇ ئاساس سالغان. بۇ بايراقنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىمۇ ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان بىر قوشۇنىنىڭ قولىدا بۇنداق ۋاقىتسىز يوقىلىشى گەرچە بىر بەختسىزلىك بولسىمۇ، ئەمما ماددى كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، شۇنداقلا سىرتتىن قوللايدىغان كۈچلەرنىڭ ياردىمىنىڭ بولماسلىقى، ما نىڭ ھۇجۇمىسىزمۇ ئۇزۇنغا قالماي يوقىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. يەنى تۇڭگان قوشۇنلىرى يوق قىلمىغان بولسىمۇ، شىڭ شىسەي يوق قىلىۋېتەتتى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربى ۋە ئىقتىسادىي ياردەم قوبۇل قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىغان. بەلكى سوۋېتلىكلەرنىڭ مىللەت ئايرىش سىياسىتىنى قوبۇل قىلىپ 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جەنۇبى شىنجاڭدىكى تۈركى خەلقلەرنى رەسمى ھالدا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارانچى دېگەن ئىسمىنىمۇ ساقلاپ قالغان. خۇددى باشقا ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئىمپېرىيەلەرگە ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى خەلقلەرنى ئاددى يوللار بىلەن چۈشىنىشنى

تاللىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار گاھىدا يەرلىك مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما نەتىجىدە ئۇلارنى دائىم يەرلىك خەلقنىڭ ئۆزلۈك ۋە ئۆزگىلىك چۈشەنچىسىگە يات بولغان مىللەت ناملىرى بىلەن ئاتىغان. بۇنداق قىلىشتىكى بىر مەقسەت ئۇلارنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆملىكىنى پارچىلاپ، ئۆزگە بولغان تەھدىتنى ئاجىزلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل گۇرۇپپىلار ئارىسىدا ئورتاق كىملىك قارىشى بىخلىنىپ ۋە كۈچىيىپ، ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى ئوخشاش تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىرلىكى بار دەپ قاراپ كەلمىگەن خەلقلەر ئارىسىدا بىر ئورتاق كىملىك ئېڭى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلاردا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان تىلەكنىڭ پەيدا بولۇشىغا باشلاپ بارغان. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىمۇ مۇشۇنداق بىر مىللىي ھېسسىيات مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.



گەرچە «ئۇيغۇر» كىملىكىنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى رەسمىي يوسۇندا مىللەت نامى سۈپىتىدە تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەزكۇر نامنىڭ بىر مىللەت نامى بولۇپ قوبۇل قىلىنىشىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ بۇ مىللەت ئۇقۇمىنىڭ تونۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان. شىنجاڭدا يەنە مىللەت ئېڭىنىڭ سىڭىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىققان. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ خىل تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكىلىك قىلىپ، بۇ تەشكىلاتلار ھەر مىللەت ئارىسىدا ھازىرقى زامان مائارىپىنى تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. تۇنجى مەدەنىيەت ئاقارتىش جەمئىيىتى شەرقىي تۈركىستان زامانىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇلغان شۇ خىلدىكى جەمئىيەتلەر، يەنى ئورتاق تىلنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ئۇقۇمىنىڭ تارقىلىشىغا ئاكتىپ ھەسسە قوشقان. 1940 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن يەنە ئون يىللار كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئاتالغۇسى تارانچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان

بولسىمۇ، ئەمما جەنۇب بىلەن شىمالدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت 1920 ـ يىللاردىكىدىن كۆپ قۇيۇق بولۇشقا باشلىغان. 1944 ـ يىلى غۇلجا رايونىدا كۆتۈرۈلگەن بىر توپىلاڭ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. شىڭ شىسەي 1937 ـ يىلى شىنجاڭدا بىر قېتىملىق سىياسىي يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، مىڭلارچە زىيالىي ۋە مىللەتچىلەرنى تۈرمىگە تاشلاپ جازالىغاچ، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئېتىبارى تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەر قوشۇنى ئۈچۈن غۇلجىدىكى چارۋىچىلاردىن 10 مىڭ ئاتنى مەجبۇرى يىغىشقا بۇيرۇشى توپىلاڭغا باش سەۋەبچى بولغان. بۇنىڭدىن قاتتىق زىيان تارتقان چارۋىچى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ كۈچى غالىب كېلىپ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىن باشقا شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ جۇمھۇرىيەتمۇ بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان ئىشلەتكەن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرى بۈگۈنمۇ ئوخشاش بايراقنى توربەتلىرى ۋە نامايىشلاردا ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقىرىقى ئىككى شەرقىي تۈركىستان جەمھۇرىيىتىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىككى مۇستەقىل ھۆكۈمەت دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. گەرچە بۇنداق قاراشتىكى قىسمەن ئامىللار توغرا بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيەتلىرى ئۇلار ئىلگىرى سۈرگەن مىللەت ئۇقۇمىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ. گەرچە ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىئولوگىيەسى كۆپ خىل قەۋمنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ئىلگىرى سۈرگەن قاراشتىن ئېشىپ چۈشەتتى. دۆلەت خاراكتېرى جەھەتتە بولسا ئىسلام ۋەياكى سېكۇلارىزمنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى خىتايدىن باشقا بارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلغان.

ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئەمەسلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بۇ قېتىمقى توپىلاڭ ھەربىي ۋە قورال ـ ياراق

056

جەھەتتە ئاساسى جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا تايانغان. چۈنكى 1942 ـ يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقەت بىلدۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجا توپىلىڭىنى قوللاش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدەك كۈچلۈك بىر تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچىسىدىن تەلەيلىكرەك چىقىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس، ئەينى چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپونغا (ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىغا) قارشى ئۇرۇش بىلەن ھەلەك بولۇپ، شىنجاڭدا ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىمۇ ئېشىپ ماڭغان. غۇلجىدا ھەتتا سوۋېت كونسۇلخانىسىمۇ ئېچىلغان. مەزكۇر كونسۇلخانا بىناسى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھازىر بىر رېستوران قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. ئۇندىن باشقا مەن 2001 ـ يىلى دەرس ئۆتكەن غۇلجا دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەمۇرى بىناسىمۇ سوۋېت دەۋرىدە سېلىنغان، ئاستىغا ياغاچ پول ياتقۇزۇلغان ئىككى قەۋەتلىك بىنالاردىن ئىدى.

شىڭ شىسەينىڭ يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇش تۈپەيلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تامامەن يوقىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن 1944 ـ يىلى شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈش ئارقىلىق شىڭ شىسەينى يۆتكىلىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن خىتاي گېنېرال جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ كەڭ قورساق خىتاي ئەمەلدارى بولسا كېرەك. 1946 ـ يىلى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ بىرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىققان. ئۇ تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتىدىكى بىر ئاپتونومىيەلىك رايون بولۇشىنى خالايدىغانلىقىنى قوللاپ، ئۇيغۇر ۋە قازاق

تىلىنى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، يەرلىك تىلدا مەكتەپ ئاچقان. ئۇ يەنە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ %70نى يەرلىك خەلق تەشكىل قىلىشى كېرەك دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنى خەلق سايلاپ چىقىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزغان. جاڭ ھەتتا «بىز خىتايلار شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئاران %5نى تەشكىل قىلىدىكەنمىز، شۇڭلاشقا نېمە ئۈچۈن سىياسىي ھوقۇقنى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمىز؟» دەپ سىياسىي ئىسلاھات جەھەتتە قىسمەن رادىكال قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەن.

خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ماختىلىپ تەرىپلەنگەن. مەلۇم بىر گېزىت «شىنجاڭ خىتايدىن كۆپ ئالدىدا مېڭىپتۇ، شىنجاڭ خىتايدىكى باشقا ئۆلكىلەرگە ئۈلگە بولالايدۇ» دەپ يازغان. بۇ خىل خەۋەر شۇنىدىن كېيىن قايتا تەكرارلىنىپ باقمىغان ۋە بۇنىدىن كېيىنمۇ چىقماسلىقى مۇمكىن. گەرچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرى جاڭنىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ قوللۇق سىياسەتلىرىگە قوشۇلۇپ كەتمىسىمۇ ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سىياسەتلىرى نۇرغۇن ساھەلەردە ئەمەلىيلەشمىگەن. بولۇپمۇ سايلام سىياسىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. مەسىلەن، گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان سايلاملاردا ئامما قورقۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، سايلامدا بىرەر تۈركىي ۋەكىلمۇ سايلىنىپ چىقالمىغان. مەمۇرىي ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا گەرچە قىسمەن خىتايلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا يەرلىكلەر قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما نىسپىتى ئۇلار ئالدىن بەرگەن ۋەدىدىن كۆپ تۆۋەن بولغان. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن خىتايلار ۋە يەرلىك خەلق ئوخشاشلا نارازى بولغان. خىتاي ئەمەلدارلار ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ۋايىسا، يەرلىك خەلق بەرگەن ۋەدىنىڭ تولۇق ئەمەللەشمىگەنلىكىدىن نارازى بولغان. بۇ خىل كىشىلەرنى خوش قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان شەكلى ئۆزگەرگەن مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ قوللىنىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن. يەنى پىلانلىق تۇغۇت ۋە مائارىپتا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئوخشاشلا قارشى ئېلىنماي كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاڭنىڭ ئىچكىرىدىكى خىتايلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ يەرلىك سەنئەت ۋە مۇزىكىلىرىنى ياخشى چۈشەنسۇن دەپ شىنجاڭنىڭ يەرلىك سەنئەتچىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىشىمۇ ئويلىغىنىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن. گەرچە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ماختاشقا ئەرزىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىللىي ئەرتىسلەرنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىشى كېيىنچە خىتاي جەمئىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ئۇستا رەڭدار خەلقلەر دېگەن بىر خىل سەلبىي ئوبرازنىڭ بىخ تارتىشىغا سەۋەب بولغان.

ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەت ۋە قىممەت قارىشىدا پەرق چوڭ بولغاچ، ئۇلار قۇرغان بىرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرىمۇ تەبىئىيلا قىسقا بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ كېلىشىمى بىكار قىلىنىپ، جاڭمۇ شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەن. 1949 - يىلى يازدا خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا تۇتاش گەنسۇ ۋە چىڭخەي رايونلىرىغا يېتىپ كەلگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ستالىن ئەينى چاغدىكى گومىنداڭ گېنېرالىغا ئەگەر شىنجاڭدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنسا ھەربىي جەھەتتىن ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان دېگەن گەپلەر تارقالغان. ئەمما بۇنىڭ راس - يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك دەلىللىمىز يوق. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا قول ئاستىدا 80 مىڭ سەرخىل قوشۇنى بار بۇ خىتاي گېنېرال كوممۇنىست خىتايلىرىغا تەسلىم بولۇشنى توغرا تاپقان. نەتىجىدە، 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭنىڭ كونتروللۇقى كوممۇنىست خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

## 2

# ئازاتلىق: كوممۇنىست دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم شىنجاڭ رايونىنى ئارقىدا قالغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا موھتاج يەر دېيىش ئارقىلىق، يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ خىتايدىن ئارقىدا قالغان دەپ ئىما قىلىپ كەلگەن. ھەتتا 2009 - يىلىغىچە خىتاي ئاخبارات مىنىستىرلىقىنىڭ تور بېتىدە «خىتايلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ۋە تېخنولوگىيە ۋە ئەمگەك بايلىقى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ» دەپ يېزىپ كەلگەن. 1949 - يىلى شىنجاڭ خىتايدىكى ئەڭ نامرات رايون ھېسابلىناتتى. نۇرغۇن يەرلەر تېرىلغۇسىز قىلىپ، چارۋاماللار قېرىلىپ، بۇرۇنقى سۇ ئىنشائاتلىرى رېمونتسىز قېلىپ ۋەيرانە بولۇپ كەتكەندىن باشقا، شەھەرلەردىن باشقا يەرلەردە دوختۇرخانىلار يېتەرسىز، تۆمۈر يول يوق، ھېچ قانداق سانائىتىمۇ يوق بىر جاي ئىدى. گەرچە يەر كۆلىمى خىتاي زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگەللىسىمۇ، تېرىلغۇ يەرنىڭ كەملىكى ۋە يۇقىرى ئۆلۈم نىسبىتى تۈپەيلى خىتايدىكى نوپۇسى ئەڭ شالاڭ ئۆلكە بولۇپ قالغان.

شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئاران 4 مىليون 3 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ نوپۇسنىڭ 70% ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي مەركەز بولغان جەنۇبىي شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن.

خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى خىتاي زېمىنىغا قوشۇۋېلىشنى

ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مەيلى بىلەن قوبۇل قىلغان، تىنچلىق يولى بىلەن ئازات قىلىش دەپ ئېلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى شۇندىن تارتىپ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولدى دەپ تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە. ئەمما خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى قىلمىشلىرى مەزكۇر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ئۇزۇندىن بېرى خىتاينىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى توپىلاڭلار ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بىر زېمىن ئىدى. گەرچە كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرۈلمىگەن بولمىسىمۇ ئەمما خىتايلارنىڭ «ئازاتلىقى» قارشىلىقسىز قالمىغان. دەسلەپتە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەرلىك باندىتلار ئارىسىدا بىر قانچە يىل توقۇنۇش بولغان، 1954 ـ يىلى خوتەن رايونىدا قىسقىچە بىر توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تەشكىللىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى. ئاتالمىش «ئازاتلىق»تىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ماۋ زېدوڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا يولغا چىقىپ، يولدا ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىتى ئېنىقسىز قالغان، بەزىلەر ئۇلارنى ماۋ ۋەياكى ستالىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ ئېلگىرى سۈرىدۇ. ھايات قالغان رەھبەرلەردىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىقلار 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈركىيەگە قېچىپ كەتكەن. 1952 ـ يىلى مارت ئېيىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ھىندىستان ۋە پاكىستان ئارقىلىق قېچىپ كەلگەن 2000 ئۇيغۇرغا پاناھلىق بەرگەن. يەنە ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە 900 ئۇيغۇرغا پاناھلىق بەرگەن. تۈركىيە ئالىپتېكىن ۋە بۇغرالارنىڭ گېزىت ـ ژورنال چىقىرىپ، كىچىك تىپتىكى سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان بازىسى بولۇپ قالغان.

ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بەرگەن باھاسى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدى دېگەن قارشىدىن پەرقلىنىدۇ. گەرچە خىتايلار 1951 ـ 1952 ـ يىللىرى مەزكۇر جۇمھۇرىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان ئۇيغۇرلارنى جازالىغان بولسىمۇ، كېيىنچە مەزكۇر

ھەرىكەتنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆرۈشىگە ھەسسە قوشقان ھەرىكەت دەپ تەرىپلەيدۇ. غۇلجا شەھىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسىدە ئۆلگەن شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى نامىدا ئاتالغان بىر كوچا بار. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر باغچىدا شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىنىڭ خاتىرە مۇنارى بولۇپ، ئۇنىڭدا ماۋنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات» دېگەن بېغىشلىمىسى پۈتۈلگەن.

خىتاي كوممۇنىستلىرى گەرچە ھېچ قانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ ئەمما ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان. دەسلەپكى ئون يىلدا مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇلى ۋە باشقا سىياسەتلىرى چەك سۇلالىسىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئوخشاپ قالغان. 1952 ـ 1954 ـ يىللىرى مابەينىدە خىتايلار شىنجاڭدىكى بىر يۇرۇش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق فىرمىلىرى، كارخانىلار، كان ئىدارىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىقتىسادىي تورىنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن بوز يەر ئاچقان. بۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەكچى كۈچلىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈلگەن100 مىڭ ئازاتلىق ئارمىيە ئەسكىرى، جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەر، تەسلىم بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئىچكىرىدىن كۆچۈرۈلۈپ چىققان 100 مىڭ كۆچمەن خىتايلار تەمىنلىگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شاگخەيدىن چىققانلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. چۈنكى ئۇلار «قۇرالىڭلارنى ئېسىپ قويۇپ، قولۇڭلارغا ئىشلەپچىقىرىش قۇرالىنى ئېلىڭلار» دېگەن چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ كەلگەن. بۇندىن باشقا يەنە خۇنەن ۋە شەندۇڭ ئۆلكىرىدىن ئاتالمىشى «ئۆز مەيلى بىلەن» كەلگەن 40 مىڭ خىتاي ئايالمۇ بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئەر ـ ئايال سانىدىكى پەرقىنى تەڭشەش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. بۇ ئاياللاردىن نۇرغۇنلىرى دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىگە مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىلگەن. بۇ ئاياللارغا ھەربىي سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس ئۆي خوتۇنلىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغاچ ئۇلارنىڭ مائاشى ۋە پېنسىيە پۇلىمۇ ئەرلەرنىڭكىدىن

كۆپ ئاز بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش يولىمۇ توسۇلۇپ قالغاچ، مەۋجۇتلۇقى خەتەر ئىچىدە قىلىپ، ياشاش ئۈچۈن تويى قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان.

ئۇلارمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش كېلىشتىن بۇرۇن بەرگەن ۋەدىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي شارائىتىدە ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرگەن. قانداقتۇر كارخانا ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلەپ ئىسسىق مۇنچىلاردا يۇيۇنۇشنىڭ ئورنىغا كۆندە دېگۈدەك جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇن نەچچە يىلىدا شىنجاڭغا چىققان خېنەنلىك خەنزۇ شۈي 2009 - يىلى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەر ئاستى گەمىدە يېتىپ - قوپۇپ، كېچە - كۈندۈز قاتتىق ئىشلەپ جاپا بىلەن ئۆتكەن. دەسلىپىدە كۈندە دېگۈدەك كۆز يېشى قىلاتتۇق، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئازاپلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق.»

063

ئىچكىرىدىن چىققان كۆچمەن خىتايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشلەپ-چىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش كورپۇسى (بىڭتۇەن) گە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەركىزىي ئورگاننىڭ ئاتاقتىكى ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسىمۇ، ئەمەلدە ئىككى خىل رول ئوينايتتى، يەنى بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىمۇ بار بولغاچ، بىڭتۇەنلەردە «بىر مۈرىمىزدە مىلتىق، بىر مۈرىمىزدە كەتمەن كۆتۈرىمىز» دېگەن شوئارنى ھەممە يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. بىڭتۇەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆچمەن خىتايلار بىلەن يەرلىكلەشتۈرۈلگەن ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىپ، قانال كولاپ، سۇ تۇسۇقلىرىنى ياساپ قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرغان. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى مەركىزى تەدرىجىي شىمالدىكى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، كۈيتۇن قاتارلىق شەھەرلەرگە مەركەزلىشىپ، بۇ شەھەرلەر شىنجاڭنىڭ قاتناش ترانسپورت، تىجارەت ۋە سائانەت مەركىزى بولۇپ قالغان.

شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن بۇ تەرەققىياتلار خىتايدا ئورۇشتىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، خىتاي تارىخىدا تۇنجى قېتىم شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە

ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ئايرىم سىياسەت تۈزگۈزۈلمىغان. بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش نوپۇز تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئەركىن كېلىپ ـ كېتىشىنى چەكلىگەن. 1950 ـ يىلى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى يېزىلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئادەم سانىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نوپۇز تۈزۈمىنى ئورناتقان بولۇپ، كىشىلەر نوپۇسى تىزىملانغان يەردىن يىراققا بارالمايدىغان بولۇپ قالغان. دېمەك، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلىرىدا قاپسىلىپ قالغان. كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە تۈركۈملەپ خىتاي شىنجاڭغا كۆچۈپ كىلىپ يەرلىكلەشكەن بولۇپ، خىتاي نوپۇسى تېز ئېشىشقا باشلىغان، 1954 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلى ئارىسىدا 400 مىڭ خىتاي بىڭتۇەنگە ماكانلاشقان، 1959 ـ 1961 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق مەزگىلىدە 2 مىليون خىتاي ئۇلارغا قېتىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، گەرچە ھەممىسى شىنجاڭدا مەڭگۈ ئولتۇراقلىشىپ قالمىغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى قالغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر نوپۇس بىلەن كەلگەن، يېزا نوپۇسلۇقلارغىمۇ شىنجاڭدا شەھەر نوپۇسى بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى ئىگەللەيدىغان قىسمەن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالى قىرغىقىغا توغرا كېلىدىغان كورلا ئەسلى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 1949 ـ يىلىغىچە خىتايلار كورلا رايونىنىڭ 30 مىڭ نوپۇسىنىڭ ئاران %2نى ئىگەللەيتى، 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي نوپۇسى 3 ھەسسە ئاشقان بولۇپ، 1965 ـ يىلى نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى خىتايلار ئىگەللەيدىغان بولغان. خىتايلارنىڭ سانى ئاز رايونلاردا بولسا كۆچمەن خىتايلار يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، يەرلىكلىشىشكە تىرىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن.

خىتايلارنىڭ تۈركۈملەپ كۆچۈپ. چىقىشىنىڭ نەتىجىسىدە، 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە شىنجاڭدا شەھەر ۋە يېزا نوپۇسىنىڭ مىللەتلەرگە بۆلۈنۈشىگە باشلاپ بارغان بولۇپ، يېزا نوپۇسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنى يامانلىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتقان. بۇنى كىتابىمىزنىڭ ـ 3 بابىدا تەپسىلى بايان قىلىمىز. بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى گەرچە خىتاينىڭ

قەستەن قوللانغان مىللىي سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دۆلىتىنىڭ نۇپۇس سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان كۆتۈلمىگەن بىر رېئاللىق بولۇپ قالغان. شۇڭلاشقا ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا شىنجاڭدىكى خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەر دۇچ كەلگەن ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مىللىي كەمسىتىشنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دېيىشكە بولمايدۇ دەپ قارايمەن.

خىتاي دۆلىتى يۈرگۈزگەن كوللېكتىپلاشتۇرۇش سىياسىتىمۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. كوممۇنىست ھۆكۈمىتى شەخسىي يەر مۈلۈك ھوقۇقىنى فېئودالىزمدىن قالغان كونا قائىدە - تۈزۈم، شەخسىي يەرنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش كېرەك دەپ قارىغان. شىنجاڭدا ئاساسەن دىنىي مۇئەسسەسەلەر ۋە بايلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنغان بولسىمۇ، چارۋىچى مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان رايونلاردا (مەسىلەن، ئىلى رايونىدا) يەر ئىسلاھاتى سەل ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى نۇرغۇن خىتاي ئەمەلدارلار يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش پەرمانى بەرگەن. مەسىلەن، ئەينى چاغدىكى خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ۋاڭ جېن 1950 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، چوڭ خىتايچىلىقتىن ساقلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىچكىرىدە قوللانغان سىياسەتلەرنى يەرلىك خەلق بىلەن مەسلىھەتلەشمەستىن، شىنجاڭنىڭ ئەملىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالماستىن قارا - قويۇق تونۇشتۇرماسلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن. كوممۇنىست ھۆكۈمىتى دەسلەپتە بۇ خىل مەسىلىلەرگە راستىنلا كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن، بىكتۇەننى ئاساسەن خىتاي نۇپۇسى جەملەشكەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا قۇرۇپ، تاكى 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دىنىي مەدرىسىلەردە دىن ئۆگىنىشكە يول قويغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك خەلقنى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت كادىرلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. گەرچە قىسمەن يەرلىك مىللەت كادىرلىرى

يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەملىي ھوقۇقى يوق ئىدى، ھەممە ئىشنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خىتاي كادىرلار يۈرگۈزەتتى (بۇ خىل سىياسەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋاملاشماقتا.) مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىدىن پويىز بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ جېنى ئامان قالغان سەيپىدىن ئەزىزى گەرچە شىنجاڭنىڭ تۇنجى رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، تاكى 1967 ـ يىللارغىچە شىنجاڭنىڭ ئەملىي ھوقۇقنى ۋاڭ ئېن ماۋ ۋە ئۇنىڭ چۇماقچىلىرى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. ۋاڭ گەرچە ئەينى چاغدا ئاران 36 ياشقا كىرگەن ھېچ قانداق ئالىي مەلۇماتى ۋە مەمۇرى خىزمەت ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسى بولمىسىمۇ شىنجاڭغا تۇنجى ئۆلكە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ئازاتلىق ئارمىيىسى بىرىنچى كورپۇسىنىڭ سىياسى كومىسسارى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابى تۆھپىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىشى ئۇنىڭغا بۇ پۇرسەتنى ياراتقان. ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغاندا ھەربىلەرگە بەكرەك تايانغان بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىدا شىنجاڭدىكى مۇھىم ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ 40% نى ھەربىدىن چىققان خىتايلار ئىگەللىگەن.

خىتاي كوممۇنىستلىرى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. دەسلىپىدە شىنجاڭنىمۇ سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەردەك بىر جۇمھۇرىيەت قىلىش پىكرى چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما خىتايلار يەنىلا باشقا ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سىياسى ئىمتىيازى يۇقىرى بولغان ئاپتونوم رايون تەسىس قىلىشنى توغرا تاپقان (خىتايدا بۇنداق ئاپتونوم رايوندىن يەنە تىبەت، نىڭشا، گۇاڭشى ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىقلىرى بار.) گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيەنىڭ سىزىقىدىن چىقماي، بۆلگۈنچىلىككە ۋە سوۋېت تەسىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ئاتالغۇسىدا مەزكۇر رايوننىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدە چىڭ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسى تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 4 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار 75% نى ئىگەللەيتتى. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا خىتايلار ئىككىنچى چوڭ مىللەت ھېسابلانمايتتى، 326 مىڭ قازاق، 187 مىڭ خىتاي،

92 مىڭ تۇڭگان ۋە 65 مىڭ قىرغىز ياشايتتى. سەيپىدىن ئەينى چاغدا ماۋزېدۇڭغا ئاپتونومىيە تاغ ـ داۋان ۋە دەريالارغا ئەمەس، يەرلىك مىللەتلەرگە بېرىلىشى كېرەك دەپ ئىلتىجا قىلغان.

نەتىجىدە 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەسىس قىلىنغان. گەرچە ئۇيغۇرلار جەنۇبتا توپلىشىپ ياشىسىمۇ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دېگەن نامنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇرلاردا شىمالى شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شىنجاڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ھېس پەيدا بولغان. ئاتالمىش «ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولدى» دېگەن شوئار نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلاردا گويا ئۆز تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە قارار چىقىرىش ھوقۇقى باردەك بىر ئۈمىد پەيدا قىلغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن خىتاي ئاپتونوم رايونلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق شۇكى، سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىش ئەركىنلىكى بار ئىدى، ئەمما خىتاي دۆلىتىنىڭ يېڭى ئاساسى قانۇنىدا ئاپتونوم رايونلارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ كېتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغان.



خىتايدا بۇ خىل مىللەت ئۇقۇمى مەمۇرى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەلۇم بىر مىللەت توپلىشىپ ياشىغان رايونلادار مىللىي ئاپتونومىيەلىك ئوبلاستلار تەسىس قىلىنغان. بۇ خىل ئوبلاستلار پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدىمۇ چاڭجى تۇڭگان ئوبلاستى، بايىنغولىن ۋە بورتالا موڭغۇل ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئوبلاستى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستى قاتارلىق بەش ئاپتونوم ئوبلاست تەسىس قىلىنغان. گەرچە بۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز يۇرتلىرىدا خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، بۇ خىل سىياسەتنىڭ قىسمەن تەپسىلاتلىرى كىشىنىڭ كاللىسىدا سوئال پەيدا قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، قىسمەن رايونلاردا ئاپتونومىيە بېرىلگەن مىللەتلەرنىڭ سانى باشقا مىللەتلەردىن ئاز بولۇشىغا قارىماي ئۇلارغا بېرىلگەن يەرلەر نوپۇسىنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن (مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ زېمىنى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ئىگەللىسىمۇ، موڭغۇللار ئاران

نوپۇسىنىڭ %35نى ئىگەللەيدۇ.) ئامېرىكىنىڭ ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز رايونىنى تەتقىق قىلىدىغان پروفېسسورى گاردىنېر باۋىڭدۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەرنى زېمىن ماجىراسىغا سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆم بولۇپ ئۆزلىرىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىلگىرى سۈردى.

ۋاڭ ئېن ماۋنىڭ شىنجاڭنى باشقىچە ئىدارە قىلىش پىلانى خىتاي سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇشلىرى تۈپەيلى ئەمەلىيلەشمەي قالغان. 1956 - يىلى ماۋ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە قۇشلار بەس - بەستە سايرىسۇن» دېگەن سىياسىي ھەرىكىتى (ياكى ماۋنىڭ گېپى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا يىلاننى ئالداپ ئۇۋىسىدىن چىقىرىش ھەرىكىتى) شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نارازىلىقلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى كۈتكەن سالقىن شاماللىق سىم - سىم يامغۇردەك مەيىن بولمىغان. يەرلىك مىللەتلەر ئاتاقتا مىللىي ئاپتونومىيە دېگەن بىلەن ئەمەلدە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك سىياسەتكە ۋە قارارلارغا ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، بىكتۇەننى خىتاي ئىشغالىيەتچىلىكى دەپ تەنقىد قىلغان. ئۇلار يەنە پەقەت خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇلىدىغانلىقىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ خىل سىياسەتنى تەنقىد قىلسا بېشىغا يەرلىك مىللەتچى ۋە بۆلگۈنچى دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن (بۇ خىل ھادىسە ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە). ئەمما خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى بۇ خىل تەنقىدلەرگە بۇرۇنقىدەكلا قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. 1958 - يىلى 1500 دىن ئارتۇق ئادەم «يەرلىك مىللەتچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلانغان. شۇ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان دوكلات بېرىپ چوڭ خىتايچىلىققا قارشى پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىپ، خىتايلارنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلارغا قويۇلۇشى ئۇلارنىڭ مول ئىنقىلابى تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايلارنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈش سىياسىتىنى ئاقلىغان.

1960 - يىلى ۋاڭ ئېن ماۋ ئېخىمۇ بەكرەك كۈچەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيا-

تىنىڭ تېخىمۇ ئۇگۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى پەرقلەرنى يوق قىلىش كېرەك دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مىللى مەدەنىيەت ۋە كىملىكىنى يوق قىلىپ خىتايلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىشنى ئىما قىلغان. 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى خىتاي تارىخى يازمىلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ياۋايى، مەدەنىيەتتى قالاق دەپ يازغان مەزمۇنلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدىغان خىتايچە خەتلەردە ھايۋان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ يېزىلاتتى (شۇڭلاشقا خىتايلاردا بۈگۈنگىچىمۇ ئۇيغۇرلارنى ياۋايى ۋە كۆندۈرۈلمىگەن دېگەن قاراش ساقلىنىپ كەلمەكتە). يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ خىل قاراشلار خىتاي ھۆكۈمەت دۆكلاتلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن دېيىدىغان سۆزلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ كەلمەكتە.

ھازىرقى زامان خىتايلىرىدىكى ئىرقى ئۈستۈنلۈك ئېڭى، گومىنداڭنىڭ قۇرغۇچىسى سۇنجۇڭشەننىڭ ئېقىمىنىڭ پىكىر تەسىرىدىن پەيدا بولغان. سۇن جۇڭشەن خىتاي پۇقرالىرى خىتايلار، مۇسۇلمانلار، مانجۇلار، موڭغۇللار ۋە تىبەتلىكلەردىن ئىبارەت بەش قەۋمدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ،«يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە ئۇلارغا ئورتاق» دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. قىسمەن زىيالىلار سۇن جۇڭشەننىڭ مىللەت ۋە دۆلەت نەزەرىيەسى بۈگۈنكى خىتاي دۆلىتىنىڭ خىتاي مىللىتى ۋە دۆلەت قارىشىنىڭ مەنبەسى دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. سۇن مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خىتايلارنى بىرلىككە كەلگەن كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقان، چۈنكى تاكى شۇ چاغقىچە ھەر قايسى رايونلار ئارىسىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت پەرقى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئوخشاشلىقىدىن بەكرەك روشەن ئىدى (بۇ تەرىپى شىنجاڭدىكى تۈركى تىللىق قەۋملەر ئارىسىدىكى پەرقلەردىن ئانچە بەك پەرقلەنمەيتتى). ئەمما سۇن جۇڭشەننىڭ قارىشىدا خىتايدىكى بەش قەۋم ھوقۇق ۋە نوپۇزدا باراۋەر ئەمەس ئىدى. 1924 ـ يىلى ئۇ خىتايدا «خىتايلارلا ئەڭ ساپ مىللەت، باشقا مىللەتلەرنىڭ چوقۇم ئاسسىملاتسىيە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ «خىتايدىكى مانجۇ، تىبەت قاتارلىق يەرلىك مىللەت ئىسىملىرىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىش» خىتاينىڭ بىرلىكى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

گەرچە مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يەرلىك مىللەتلەرنى يوق قىلىش خىتاينىڭ شىنجاڭدا قوغلاشقان بىردىنبىر سىياسىي نىشانى دەپ قاراش مەسىلىگە سەل ئاددى قارىغانلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەمما خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان شوئارلارنى دائىم تەكرارلاپ تۇرغان. خىتاي دۆلەت ۋەزىرى جۇ ئېنلەي 1957 - يىلى ئاسسىمىلياتسىيە ھەققىدە توختىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن بىرلىشىشكە قاراپ مېڭىشى تەرەققىياتنىڭ ئىپادىسى، شۇنداق ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللىنىشكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىق» دېگەن.

گەرچە خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپ ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ قوغلىشىدىغان مەقسەتلىرى سەل غۇۋا بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنى يىغىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى «قوشۇۋېلىش»نى مەقسەت قىلغان دېگەن خۇلاسىگە كەلمەي قالمايمىز (خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلى توختىلىمەن). ئەمما خىتاينىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەشۋىقاتى تاختىسىدىكى «مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشى، مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ بىر دۇنياۋى تەرەققىيات، شۇنداقلا مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى» دېگەن شوئارىدا ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىق بايان قىلىنغان.



## مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىقلار

خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى شىنجاڭغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل نەتىجىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى 30 يىل ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ نېفىت ۋە كان بايلىقلىرىدىن توسالغۇسىز پايدىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ ماڭغان. ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىدا ئىدىئولوگىيەلىك سەۋەبلەرمۇ بار بولۇپ، ستالىن ئۆلگەندىن

كېيىن خورۇشوۋنىڭ ستالىننىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىشى ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭنىڭ ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلغانلىق ئىدى، چۈنكى ماۋ ھەممە ئىشتا ستالىننى ئۈلگە قىلىپ كەلگەن.

ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ يامان كۈنلەر 1962 - يىلى ماۋنىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» سىياسىتىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى دېھقانچىلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، غۇلجا رايونىدىن 50 مىڭ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە قېچىپ كەتكەندە يۈز بەرگەن. خىتاي ئارمىيىسى ۋە بىڭتۇەن خىتايلىرى دەرھال چېگرىنى قامال قىلغان. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار خىتاينىڭ چېگرىنى تاقىۋېلىشىغا قارشى چىقىپ، غۇلجا شەھەرنىڭ مەركىزى مەيدانىدا نامايىش قىلغان بولۇپ، كېيىن توقۇنۇشقا ئۆزگىرىپ كەتكەن. نامايىشچىلار ھۆكۈمەت بىنالىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، خىتاي ۋە مىللىي كادىرلارنى رەنىگە ئېلىپ ئۆلارنى ئۇرغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئوق چىقىرىپ نامايىشنى بېسىقتۇرغان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان رۇسلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن. 1949 - يىلى شىنجاڭدا20 مىڭ ئەتراپىدا رۇس بولۇپ، 1970 - يىللارغا كەلگەندە ئاران 500 ئەتراپىدا رۇس قالغان. 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن كىشى سوۋېت پەرەس دېگەن قالپاق بىلەن تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغان. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا قوللىنىۋاتقان كىرىل (رۇسچە) ئېلىپبەنى لاتىنچە يەنى يېڭى يېزىقچىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغقانلىرى بار يەرلىك خەلقنىڭ ئۇ تەرەپتىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا قاتتىق گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئەگەر بىرەرسى ئۇ تەرەپتىن بىرەر پارچە خەت - ئالاقە ئېلىپ قالسا، ساقچىلار ئۇ كىشىنى ئىزدەپ كېلىپ سوراق قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن خىتاي ھاكىمىيىتى قاتتىق كۆچىگەن بولۇپ، 1962 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە «ئانا ۋەتەنگە مەدھىيە» دېگەندەك ناخشىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تاكى 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان.

*جۇڭگو ئانام، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر، مەن ئوغلانى.*
*پۈتۈن مېھرى ـ مۇھەببىتىم بىلەن باغلانغان رىشتىم.*
*پارتىيەم قەلبىمنىڭ مەركىزى، ھەمرىيىم ۋە يول باشچىم،*
*پارتىيە ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر كۈرەشتۇر پەخرىم.*
*بۇ قىزىل زامانىم پەخرىم ۋە بەختىم،*
*زاماننىڭ كۆپچىسى ۋە قۇرغۇچىسىمەن، بۇ دۇر بەختىم.*[1]

گەرچە سوۋېت ۋە خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىششى خىتاي جەمئىيىتىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خىتاي ئىچىدە يۈز بەرگەن يەنە بىر ئاپەتنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولغان. 1966 ـ يىلى ماي ئېيىدا ماۋ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئېلان قىلىپ، خىتاي جەمئىيىتىدىكى كونا قالدۇق ئىدىيە ۋە قائىدىلەرنى، شۇنداقلا جەمئىيەتتە ساقلىنىپ قالغان كاپىتالىزم ۋە غەيرى ئىنقىلابى كۈچلەرنى، بولۇپمۇ زىيالىلارنى يوق قىلىشنى نىيەت قىلغان. مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسىنى 1966 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا چىققان شىنجاڭ گېزىتىدە بېسىلغان ماقالىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ ماقالىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى خۇددى قارا قۇيۇندەك كۆتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىنى ۋە باشقا ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلانى ئۇچۇرۇپ چىقىدۇ» دېيىلگەن. شىنجاڭ رايونىنىڭ يەنە بىر قېتىم بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قوماندانلىقىدا كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر سىياسىي ھەرىكەتنىڭ قۇربانى بولۇشى، مەزكۇر رايوندا ئەمەلىيەتتە ھېچ قانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گەرچە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭ رايونىمۇ خىتاي رايونلىرىغا ئوخشاش سىياسىي شوئارلارنى توۋلاپ، مەزكۇر ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشقاندەك قىلغان بىلەن، ۋاڭ ئېن ماۋ بىر مەزگىل شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەمىلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق سىياسىي كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مالىمانچىلىقنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىنى ۋاقىتلىق توسۇپ قالغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سىياسىتى



[1] ناخشا تېكىستىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە نۇسخىسى كىرگۈزۈلدى.

1966 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بېيجىڭدىن كەلگەن قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئۇلار ۋاڭئېنىڭ بۇ سىياسىتىنى ئەمەلدىكى بۆلگۈنچىلىك، ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشقا ئۇرۇنغان دەپ ئەيىبلەشكەن، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراشنىڭ قانچىلىك ئىمەنىلىكىنىمۇ ھېس قىلىشمىغان.

شۇندىن كېيىنكى ئۈچ يىل بولسا ئىچكىرىدىن چىققان قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن ۋاڭ ئېن ماۋنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدىكى تەرەپبازلىق ماجىرالىرى بىلەن ئۆتكەن. 1967 ـ يىلى يانۋاردا خىتايلارنى ئاساس قىلغان شىخەنزە شەھىرىدىكى بىر ۋەقە ۋاڭئېنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرگەن. شىخەنزە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شەھەر بولۇپ، بىڭتۇەننىڭ باش قوماندىلىق شتاۋى مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان بولۇپ، خىتايلار ھازىرمۇ شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. بىر قىسىم رادىكاللار بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنى كونتروللۇققا ئېلىپ بىرمۇنچە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىنى رەنىگە ئېلىۋالغان. ئەتىسى 10 ماشىنىدا قۇراللىق ئەسكەر كېلىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولۇپ ئون نەچچە كىشى ئۆلگەن.

شۇندىن تارتىپ شىنجاڭدىكى تەرەپبازلىق سوقۇشلىرى تاكى 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، يەرلىك خەلق بۇ جېدەللەرگە ئانچە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەتمىگەن. يەرلىك خەلقمۇ ئاۋاز قوشقان، ۋاڭئېنىڭ چوڭ خىتايچىلىق سىياسىتىگە قارشى نەچچە ئون مىڭ كىشى نامايىش قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا خىتاي دۆلەت ۋەزىرى جۇ ئېن لەي يەرلىك تۈركىي خەلقنىڭ مۇشۇ نامايىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ نامايىشنى بىكار قىلغان.

ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ خىتايلارنىڭ تەرەپبازلىق جېدەللىرىگە قاتناشماسلىقى ئۇلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قالالمىغان. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دەسلەپتە يولغان قويغان يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسەتلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا «ئەكسىلئىنقىلابىي» تەلىمات دەپ بىكار قىلىنغان. 1968 ـ يىلى لوڭ شۇجىن ۋاڭ ئېن ماۋنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، خىتايلارنىڭ قاتتىق قوللۇق مىللىي سىياسىتىدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. گەرچە خىتايلارنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، ماۋزېدۇڭنىڭ غالجىر خوتۇنى جاڭ چىڭ ئاز سانلىق مىللەتكە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ، ئۇلارنى «تاجاۋۇزچىلار» دەپ ئاتىغان. شىنجاڭدىكى يەرلىك مەدەنىيەت «قالاق» ۋە فېئودال دەپ كەمسىتىلگەن. مەسچىتلەر دەپسەندە قىلىنىپ، قۇرئان كۆيدۈرۈلۈپ، يېزا بازارلىرى تاقىتىۋېتىلگەن. ناخشا - ئۇسسۇل ۋە ھېيت - بايراملار مەنئى قىلىنغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان (مەسىلەن، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىنى ئۆزى تۈزگەن ئۈچ تومىلىق لۇغەت بىلەن بىشىغا ئۇرغان). مەن غۇلجىدا موغۇل چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مەقبىرىسىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، مازارنىڭ شەيخى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ مازاردا چوشقا بېقىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى. بۇ خىل يەرلىك سەزگۈرلۈكنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلا شىنجاڭ مىقياسىدا كەڭ تارقالغان. قەشقەردە دوستىنىڭ بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئاتاپ قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ يۈزى قارا بويىلىپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، قولىغا «كونىلىقنى قارشى تۇرىمەن» دېگەن تاختىنى كۆتەرتىپ كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنغان. قىزىق يېرى شۇكى كونىلىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۆزى كونىلىق ئىدى، يەنى 1930 - يىللاردا زىناخورلۇق قىلغان ئەر - ئايال دەل مۇشۇنداق ئۇسۇلدا يۈزىنى قارا بوياپ، قىپ يالىڭاچ ئىككى ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ كوچىدا سازايى قىلىنىدىكەن.

يەرلىك خەلق ئۆز دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە قىلىنغان بۇنداق خورلاشلارغا بىۋاسىتە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتەلمىسىمۇ باشقا يوللار بىلەن قارشىلىق قىلغان. بەزىلەر دىنىي كىتابلارنى كۆمۈپ قويغان، بەزىلەر بولسا ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرغان. بۇ ھەقتە تارىخ ئانتىرپولوگىيە ئالىمى ئىلدىكو بېللەر خەنىي (Ildiko Beller-Hann) تاماق ئېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمەن دىنىي مۇراسىملارنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللاھتىن مۇبارەك تىلەش ۋە ياكى ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى ئەسلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر

ئىدى. ئۇ «كۆندىلىك تاماق ئۈچۈن ماي قىزىتىشمۇ ئۆلگەنلەرنىڭ روھى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بىر خىل دىنىي پائالىيەت» دەپ يازغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى باستۇرۋاتقان بىر مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوللاپ ئىلگىرى سۈرگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاننىڭ ئالماتى شەھرىدە بىر ئۇيغۇر تىياتىرى تەسىس قىلغان، تاشكەنتتە بىر ئۇيغۇر ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ ئۆزبېك رادىئو تېلېۋىزورلىرىدا ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلىغان. بۇنىڭغا ئەينى چاغدا ئۆزبېكىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەڭ مۇھىمى بۇ ھەرىكەتلەر ئاساسەن خىتايدىن تالانت ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىپ، خىتاي سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەنە خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىنىش بولغاندا، ئىككى دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.



بۈگۈن خىتايدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى پاراگلار مەلۇم دائىرە ئىچىدە بىر قەدەر ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ قىلىنغىنى يوق. شۇنىسى ئېنىقكى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ يەرلىك خەلق بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدە شەك يوق. خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ بۇزغۇنچىلىق ئۈچۈن ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سورىمىغان بولسىمۇ، 1978 - يىلى ئېچىلغان بىر يىغىندا مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەپۇ سورىشىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەزكۇر يىغىندا «پرولېتارىيەت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تايىقى نۇرغۇن يەرلىك مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ئاممىسىغا تېگىپ كەتكەن» دېيىلگەندىن باشقا يەنە «بۇ بىر قىممەتلىك ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاق بولدى، بۇنىڭدىن چوڭقۇر

ئىبرەت ئالدۇق» دېيىلگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىبرەت ئالغانلىقى يالغان ئىدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى شىنجاڭدا ئەۋجىگە چىققاندا قالايمىقانچىلىقلار يامراپ كەتكەن بولۇپ، 1967 ـ 1968 ـ يىللىرى مابەينىدە 1300 قېتىم قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەچ، مەركىزى ھۆكۈمەت شىنجاڭ رايونىنى (بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەنمۇ بار) ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلق ياكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن قورققان بولسا كېرەك. گەرچە ئەينى چاغدا يەرلىك خەلق خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە نارازى بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ يۈز بەرمىگەن. بۇنداق بولۇشىدا بىر بولسا يەرلىك ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت خەلقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان بولۇشى سەۋەب بولغان ۋەياكى خىتايلار يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆملۈكىنى بۇزغاچ ئۇلاردا بىرلىك بولمىغانلىق سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ توپىلاڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ بۇنىڭغا يەرلىك خەلق ئارىلاشماي خىتايلار ئۆزلىرى قوزغىغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا شاڭخەيدىن ئاقسۇ رايونىغا كەلگەن نەچچە ئون مىڭ خىتاي ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلغاندا نوپۇسىنىڭ شىنجاڭغا مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ 1979 ـ 1980 ـ يىللىرى توپلىشىپ نامايىش قىلىپ يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا يۇرتلىرىغا قايتالىغان.

گەرچە خىتاي ئازاتلىق ئارمىيەسى بىڭتۇەننىڭ كونتروللۇقىنى ئۆتكۈزىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ بۇ ئورگاننىڭ ۋەيران بولۇشىنى توسۇپ قالالمىغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا 70 مىڭ بىڭتۇەنلىك خىتاي «سىنىپى دۈشمەن»، «جىن ـ شەيتانلار» دېگەن قالپاق بىلەن ئاسارەتكە ئېلىنىپ، ئىچكى مالىمانچىلىقلار تۈپەيلى بىڭتۇەننىڭ پۈتۈن فونكسىيەسى توختاپ قالغان. خۇددى خىتاي ئۆلكىرىگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى نورمال ھاياتنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئەزەلدىن ئاجىز بولغان يەرلىك ئىقتىسات ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. گەرچە نوپۇس سانى

40 پىرسەنت كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما 1965 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بىڭتۇەندىكى تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى تۈپەيلى 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قايتىپ كەتكەن بولۇپ، 1974 ـ 1975 ـ يىللىرى شىنجاڭدىكى خىتاي نوپۇسى 2 مىليون 300 مىڭدىن 1 مىليون 700 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە 1975 ـ يىلى بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان باشقا ئورگانلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولۇپ، يەرلىك ئىقتىساد يەنە ئىككى يىل يامانلىشىپ ماڭغان. يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىلا قالغان. دەل شۇ زاماندا مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر ئىسلاھات يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. 1978 ـ يىلى يېڭىدىن ھوقۇق تۇتقان خىتاي رەھبىرى دېڭ شاۋپىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ماۋ زامانىدىن قالغان نۇرغۇن قۇرۇلمىلارنى ۋە تۈزۈملەرنى يوق قىلىۋەتكەن. دەسلەپكى قەدەمدە كوللېكتىۋىزمنى يوق قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىشىكنى چەت ئەل مەبلىغى ئۈچۈن ئېچىۋېتىپ، شەخسىي تىجارەتكە يول قويۇلغان بولۇپ، بۇنى خىتايچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى دەپ ئاتىغان. بۇ تۈزۈمنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ پىلانلىق ئىقتىسادىي تۈزۈمى بىلەن زىت كاپىتالىزم تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتىشىگە تەبىر بېرىلگەندە سوتسىيالىزمنى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلىم پەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن.

خۇددى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئوخشاش ئىسلاھات شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ياخشىلاشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 1978 ـ يىلىدىن تاكى 2000 يىلىغىچە يەرلىك ئىقتىساد ھەر يىلى 10% ئېشىپ ماڭغان بولۇپ، 2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادى دېڭىز ياقىسىدا بولمىغان ئىچكى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادى ئەڭ يۇقىرى ئۆسكەن رايون بولۇپ قالغان. گەرچە بۇ جەرياندا يەرلىك ئىقتىساد ياخشى ماڭغان بولسىمۇ، دۆلەت سىياسىتىنىڭ بۇ رايوندا ئەمەللىشى كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلغان. كىشىلەر بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ مەقسەت مۇددىئاسىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ،

بۇ ئىقتىسادىي بايلىقتىن زادى ھەر مىللەت خەلقى ئوخشاش بەھرە ئالالامدۇ
دېگەن كىشىنى ئارامسىز قىلىدىغان سوئاللار سورىلىشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3

# ئىشسىزلىق ئېچىۋېتىش



1984 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك يېزا «مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىدا ئۈلگە يېزا» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتو ناھىيىسىگە تەۋە بارىن دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېزا نوپۇسىنىڭ ئۈچتە ئىككى قىسمىنى ئۇيغۇرلار، ئۈچتە بىر قىسمىدىن سەل ئازراق قىسمىنى قىرغىزلار، قالغانلىرىنى خىتاي، تاجىك ۋە تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان. گەرچە بۇ خىل ھەر مىللەت جامائىتى ئارىلىشىپ ياشايدىغان جايلار شىنجاڭدا ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى»نى تەشۋىق قىلىدىغان بىرەر پۈرسەتنى تاپسىلا ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتى. مەزكۇر يېزا قارىماققا تىنچىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەردە يۈز بەرگەن مىللىي توقۇنۇش ھەممىنى چۆچۈتىۋەتكەن ئىدى. بۈگۈنمۇ نۇرغۇنلىغان شىنجاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەرب مۇتەخەسسىسلىرى بارىن ۋەقەسىنى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىدىكى ۋەقە ھەققىدىكى ئۈچۈردا 5 ـ ئاپرېل كۈنى ئەتىگىنى نەچچە يۈز غەزەپلەنگەن ئاما بىر مەسچىتتىن يولغا چىقىپ

يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋالغان. ئۇلار قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىپ قەسەم ئىچىشكەن، بەزىلىرى ئىسلام دىنى ماركسىزم بىلەن لېنىنىزمنى يوق قىلىدۇ دېگەن شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈۋالغان دېگەن. كېيىن خىتاي تېلېۋىزورلىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر خەۋەردە ئاتالمىش جىھادچىلارنىڭ قولىدا «كاپىرلار»غا قارشى غازاتقا دەۋەت قىلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە 300 كىشى يۇقىرىقى نامايىشچىلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت نامايىشچىلار بىلەن سۆلھى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىككى كەنت كادىرىنى نامايىشچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نامايىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن خىتاي قۇراللىق ساقچى قىسىملىرىمۇ ئۇلارنى بېسىقتۇرالماي، قورشاۋغا ئېلىشتىن باشقا چارە قىلالمىغان. گەرچە ساقچى قىسىم قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ «ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا قايتۇرما زەربە بەرگەن» دېگەن. بەزى خىتايچە ئۇچۇرلاردا ئىككى ماشىنىدا لىق ساقچى پالتا، پىچاق ۋە خەنجەرلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ماشىنىسىغا ئوت قويىۋېتىلگەن دېيىلگەن. 080

شۇ كۈنى كېچىسى توپىلاڭچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا پارتلاتقۇچ ۋە قۇرال بىلەن ھۇجۇم قىلغان. تاكى 6 - ئاپرېل كۈنى ئازاتلىق ئارمىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇراللىق ساقچىلارغا ياردەمگە كېلىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغىچە ۋەزىيەت جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتكەن. خىتاي تەرەپنىڭ دېيىشىچە توپىلاڭچىلاردىن 10 كىشىنى ئەسكەرلەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى زەيدىن يۇسۇپ رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى دېگەن رادىكال تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان، زەيدىن توپىلاڭدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ خەۋەر قىلغان. بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا ئەمەلىيەتتە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرىنىڭ سەۋەبچى بولغان بولۇشى ئېھتىمالىنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمىغان.

يۇقىرىقى بايان گەرچە ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئەينەن خەۋەر قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەنلىرىنى ئىسپاتلايدىغان نەخ مەيدانىنى كۆرگەن گۇۋاھچىلار، فوتو سۈرەت ۋەياكى سىن ئالغۇ خاتىرىلىرىمۇ كۆرسىتىلمىگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تور بېتىدە بارىن ۋەقەسى ھەققىدىكى ئۇچۇردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىيە ۋە دىنىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىپ تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان نامايىشنى قانلىق باستۇرۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئەر - ئايال ۋە باللارنى ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلغانلىقى يېزىلغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بارىن ۋەقەسى ھەققىدىكى دوكلاتىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما سەل يۇمشىتىلغان ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار خىتاي قوراللىق كۈچلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىغا توپلىشىۋالغان نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئاممىنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ تارقىتىۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. ئۇلار غەيرى رەسمى مەنبەلەردىن ئىگەللىگەن ئۇچۇرلارىن 50 نەچچە نامايىشچىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، قىسمەن دېھقانلار قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن ئوققا تۇتۇلغانلىقىنى، ئۇلارغا زەمبىرەك ۋە تانك ئۇچار ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بارىن يېزىسىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتىن باشقا يېڭى ئۇچۇرلارنى بەرمىگەن. ئەمما بۇ قېتىمقى توپىلاڭ ئالدىن پىلانلانغانمۇ ياكى تاسادىپى يۈز بەرگەنمۇ، خىتاي ئارمىيەسى ئالدىن قورال ئىشلەتكەنمۇ ياكى نامايىشچىلار ئالدىن ھۇجۇم قىلغانمۇ دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللار جاۋابسىز قالغان.

ئەينى چاغدا خىتايدا تۇرۇشلۇق برىتانىيەلىك دىپلومات ۋىللام پېتىر 1990 - يىلى سىنتەبىردە شىنجاڭنى كۆزىتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغان بىر پارچە ماقالىسى، بارىن ۋەقەسى ھەققىدىكى بىر قەدەر ئىشەنچلىك خەۋەر دېيىشكە بولىدۇ. پېتىر بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ رامىزان ئېيىدا يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر مىچىت ۋە مەدرىسە قۇرۇلۇشىنى توسۇپ قويۇشى سەۋەب بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ خىتايلار كۆككە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاتالمىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تازا ماس كەلمەي قالغان.

ئۇ يەنە بارىن ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئايدا قەشقەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، خۇنجىراپ ئېغىزىنىڭ شۇ يازدا ئېتىلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئۇ يەنە بىر ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئىگەللىگەن ئۇچۇر ئاساسىدا، ئەسلىدە رامىزاندىن كېيىن، يەنى 12 - ئاپرېل كۈنى خىتايلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ چىقىشىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت پىلانلانغانلىقىنى، بارىن ۋەقەسى تۇيۇقسىزلا پارتلاپ كېتىپ بۇ نامايىشنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقىنى دېگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. خىتايدا مۇستەقىل ئاخبارات ئورگىنى بولمىغاچ، دائىم نۇرغۇن خەۋەرلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ ھۆكۈمەتنى خىجالەت قىلىپ قويىدۇ. ماڭا بارىن ۋەقەسىگە ئائىت قىسمەن دەلىل - ئىسپاتلارنى ئەنۋەر توختى (ھىجرەتتە ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچى، ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ تەپسىلاتىنى 5 - باپتىن كۆرۈڭ) تەمىنلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە 1990 - يىلى باھارنىڭ دەسلىپىدە ئۇ تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقان چېغىدا بەزىلەر ئۇنىڭغا «ۋەتىنىڭدىكى قىرغىز رايونىغا ئېھتىيات بىلەن دىققەت قىلىڭ، ۋەزىيەت سەل چاتاق كۆرۈنىدۇ، ئۇ يەردە ئىش چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ئىكەن.

پېترىنىڭ دوكلاتىدىكى قىسمەن ئۇچۇرلار راس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماقالىسىنى بارىن ۋەقەسىنىڭ تولۇق خۇلاسىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بارىن ۋەقەسىنى تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان نارازىلىق نامايىش ياكى ئىسلام بۆلگۈنچىلىرىنىڭ قىلمىشى دەپ قاراش باھا بەرگۈچىلەرنىڭ خىتاي مەتبۇئاتىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە بولغان ئىشەنچىسىگە باغلىق. ئەمما خىتاي مەتبۇئاتى (ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى)نىڭ ھەر قانداق دوكلاتلىرىغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، شۇنداقتىمۇ خىتايدىن تارقىلىپ چىققان ئاخباراتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا يالغانغا چىقارغىلىمۇ بولمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەقە ھەققىدە تەپسىلى ئۇچۇر تەييارلىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن قىسمەن يۇچۇقلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خىتاي تارقاتقان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك توپىلاڭچىلارنىڭ تولۇق قوراللانغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخباراتلىرىدىكى قوراللارنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇلار دېگەندەك تولۇق قوراللانمىغانلىقى، شۇنداقلا

ئىشلەتكەن قۇراللىرىنىڭ ئىپتىدائىي قۇراللار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ سان ـ سىفىرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ خىتاي دېگەندەك ئىقتىسادىي ئاساسى كۈچلۈك، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان توپىلاڭ بولماستىن، بەكلى ئۆزلىكىدىن تەشكىللەنگەن نامايىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما خىتاي دۆلىتىنىڭ بارىن ۋەقەسى ھەققىدىكى شەرھىسىنى رەت قىلغانلىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەزكۇر ۋەقەنى «قىرغىنچىلىق» دەپ ئىلگىرى سۈرىشىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلار قورال ئىشلەتمىگەن دېيىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، چۈنكى ھېچ قانداق بىر تەشكىلات ئۆزى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى تۈپەيلى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچراشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشىنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق تاشقى دۇنيانىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا بولغان دىققىتى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرەلىشكە پايدىسى بولىدۇ (بۇ خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاردىن كېلىۋاتقان تېررورچىلىق خەۋپىنى مۇبالىغە قىلغىنىغا ئوخشاش ئىش).

بارىن ۋەقەسى غەرب مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىنغان شىنجاڭ ھەققىدىكى تۇنجى خەۋەر ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورۇك گېزىتىنىڭ خەلقئارا نۇسخىسىدا «خىتاينىڭ يەنە بىر يۈزى... تىنچسىز ئاز سانلىق مىللەتلەر بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى سىنىماقتا» دېگەن سەرلەۋھىدە خەۋەر بېرىلگەن. چىكاگو تىربيۇن گېزىتىدە بولسا «خىتاينىڭ تۈركلىرى غازات قىلىشى مۇمكىن» سەرلەۋھىلىك كىشىنى بىئارام قىلىدىغان خەۋەر بېرىلگەن. چىكاگو گېزىتىنىڭ بۇ خىل تېمىنى ئىشلىتىشىدىن، ئامېرىكىدا ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك بىلەن خەۋەر بېرىدىغان ئادەتنىڭ 2001 ـ يىلى يۈز بەرگەن 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇنلا باشلانغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.

بارىن ۋەقەسى ھەققىدە ئۈچ خىل بېرىشتىكى مۇشكىلاتلاردىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە خەۋەر بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. شىنجاڭدىكى بۇنداق ھادىسىلەر ھەققىدە ئۈچۈر بېرىشتە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن تەرەپلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغان ھەر تۈرلۈك قارىمۇ قارشى

ئۇچۇرلار ئارىسىدا بىرەرسىنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەتتا بۇ رايوننىڭ ئىسمىنى قانداق ئاتاشنىڭمۇ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز، يەنى بۇ رايوننى «شىنجاڭ» دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىنىمۇ بەزىلەر خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. خۇددى يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭغا ئائىت يېزىلغان ئەڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىلمىي كىتابنىڭ باش تەھرىرى س. فرىدېرىك ستار شىنجاڭ ھەققىدە توختىلىپ «شىنجاڭ ھەققىدىكى ھېچ قانداق بىر ‹پاكىت› پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك مەزمۇت ئەمەس، ھېچ قانداق ئۇچۇر بىتەرەپ ئەمەس، بۇنداق ئۇچۇرلار ئاساسىدا چىقىرىلغان ھەر قانداق بىر خۇلاسىنىڭ دۇرۇسلۇقى كەسكىن مۇنازىرە ۋە تالاش - تارتىش قوزغىماي قالمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان.

## شىنجاڭ «ئېچىلدۇ»

گەرچە بارىندا زادى نېمە ئىشلەر يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما بارىن ۋەقەسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كەمچىل بولغاچ يەنىلا زادى بۇ ۋەقەگە نېمە سەۋەب بولغان دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشنى توغرا تاپتىم. كىشىلەر مەيلى تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلسۇن ۋەياكى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرسۇن، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك كۈندىلىك ھاياتىدىكى ئىشلار سەۋەبچى بولىدۇ (گاھىدا بۇ خىل ئىشلار ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن).

1980 - يىللىرى خىتاي مىقياسىدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساس قىلغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان. خىتايدا يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يېزىدا بالىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى شەھەرلەرنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، يېزىلىق ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئاران يېرىمى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرەلەيتتى. 100 مىليون يېزا نوپۇسى دائىم يېرىم ئاچ، يېرىم توق كۈن كەچۈرۈپ، نامراتلىق ۋە يوقسۇز ياشاپ كەلگەن. شىنجاڭدا يېزا بىلەن شەھەر نوپۇسلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدىمۇ پەرق ئالاھىدە چوڭ ئىدى (شەھەر نوپۇسىنىڭ

ئوتتۇرىچە يېشى 69، يېزا نوپۇسىنىڭ 57 ياش).

1980 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئەسلىگە كېلىشكە تىرىشىۋاتقان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا چىققان كۆچمەن خىتايلارنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز ئېشىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 13 مىليونغا يەتكەن. تاكى 1985 ـ يىلغىچە يەرلىك ئاشلىق يېتىشمەي، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياردەم سوراپ كەلگەن. خىتايلارنىڭ نوپۇس سانى 40% تىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ نوپۇسقا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى خىتايلار بىلەن ئۆزى كېلىپ ئەمما نوپۇسىنى يۆتكەپ كەلمىگەن خىتايلارنىڭ سانى كىرگۈزۈلمىگەچ، ئەمەلىيەتتە خىتاي نوپۇسى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇسۇپ كەتكەن.

شىنجاڭ گەرچە بۇ قېتىمقى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن بىر چەتكە چىقىرىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئانچە بەك ئېتىبارغىمۇ ئېرىشىپ كەتمىگەن. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى بەش يىللىق پىلان بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ كەلگەن ئىدى (يەنى بۇنىڭدىمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى دورىغان). ئالتىنچى (1981 ـ 1985) ۋە يەتتىنچى (1986 ـ 1990) بەش يىللىق پىلاندا شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ قاتارلىق غەربىي شىمالى رايونلار دېڭىز بويى رايونلارنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلغان. بۇنداق قىلىشتىكى پىلان ۋە مەقسەت قىسمەن رايونلار ئالدىن بېيىسا باشقا رايونلارغا ئۈلگە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى باشقا رايونلارغىمۇ پايدا يەتكۈزىدۇ دېگەن نەزەرىيەنى ئاساس قىلغان. گەرچە بۇ خىل خاتا كۆز قاراش پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما بايلىق يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، خىتايدا نۇرغۇن نارازىلىقلارنى قوزغىغان. قىسمەن ئىقتىسادشۇناسلار بۇ خىل ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رايون پەرقىنىڭ چوڭىيىپ ماڭسا، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئامانلىقتا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭلاشقا بەزىلىرى شەرقىي رايونلارنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇش

بىلەن كۆپايە قىلماي، شىنجاڭنىڭمۇ قىسمەن كارخانا ۋە باشقا ساھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەمما بۇ خىل تەكلىپلەرگە ئېتىبار بېرىلمىگەن. 1980 ـ يىللىرى شىنجاڭغا سېلىنغان مەبلەغ ئاساسەن قاتناش تىرانسپورت قاتارلىق ئاساس قۇرۇلۇش ساھەلىرىگە سېلىنغان. 1982 ـ يىلى پۈتتۈرۈلگەن قاراقۇرۇم تاش يولى جەنۇبى شىنجاڭ رايونى بىلەن پاكىستان ئارىسىدىكى ئىقتىساد ۋە تىجارەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. مۇشۇ خىلدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن سالغان مەبلەغلىرىنىڭ ئاساس نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

گەرچە دىڭ شاۋپىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساس سالغۇچىسى دەپ تەرىپلەنسىمۇ، ئەمما دىڭنىڭ ئىقتىسادىي پىلانىنىڭ كونسىرۋاتىپ كۆچلەرنىڭ قارشىلىقلىرىغا قارىماي ئەمەللىشىشىگە مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىن تاۋ تۈرتكە بولغان. ئۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى 1950 ـ يىللاردىكىدەك ئادىل تۈزۈمگە قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قاراشتا بولۇشىغا 1980 ـ يىلى ئاقسۇدا ئىككى خىتاي بىر ئۇيغۇر ياشنى ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن توپىلاڭ سەۋەبچى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇ ياۋ باڭ تىبەت قاتارلىق مىللىي رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ھەقىقىي ئاپتونومىيە بېرىپ خىتايلارنى (خىتاي ئەمەلدارلىرىمۇ بار بۇنىڭ ئىچىدە) ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قايتۇرۇپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە دالاي لامادەك سىياسى رەھبىرى بولمىغان شىنجاڭدىن خىتاي دۆلىتىگە تىبەتتەك تەھدىت كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئۇنىڭ بۇ خىل قارشىغا خىتاي كوممۇنىست كونسىرۋاتىپ كۆچلىرى قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرگەن بولۇپ، بىر خىتاي ئەمەلدار:

*ئۇلارغا راستىنلا ئاپتونومىيە بېرىدىغان بولساق، ئۇلار قوپۇپ شەرقىي تۈركىستان قۇرۇۋالىدۇ. خۇياۋ باڭ خىتاي كادىرلارنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداق قىلغانلىق*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيەگە تۇتقۇزۇپ قويغانلىق.*
*بۇ خىل ئىشنى پەقەت بىر خائىنلا قىلالايدۇ، دېگەن.*

شىنجاڭدا خۇياۋ باڭنىڭ سىياسىتى تىبەتتىكىدەك ئىجرا قىلىنمىغان، تىبەتتىن خىتاي كادىرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن، ئەمما شىنجاڭدا ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە قاراپ بىرەر قەدەممۇ ئېلىنمىغان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب زادى خۇنىڭ ئېغىزدا دېگەنلىرى بىلەن ئەمەلدە ئويلىغانلىرى بىردەك بولمىغانلىقىنىمۇ ياكى خۇددى گومىنداڭ زامانىدىكى جاڭ جىجۇڭغا ئوخشاش ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەر ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىنى باستۇرۇپ قويغانلىقتىن شۇنداق بولغانمىدۇ دېگەن سوئالغا كېسىپ بىر نېمە دېمەك تەس (1987 - يىلى خۇياۋباڭنىڭ رەقىپلىرى ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋەتكەن). ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە «بۆلگۈنچى» دېگەن توقۇلما جىنايەت بىلەن ئۆمۈرلۈك تۈرمىگە تاشلانغان بېيجىڭدىكى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي پەنلەر پروفېسسورى ئىلھام توختى نېمىلا بولمىسۇن خۇنىڭ سىياسىتىنىڭ تەسىرى بولغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. (ئىلھام توختىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى 8 - باپتىن كۆرۈڭ). ئۇ خۇ دەۋرىدە «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك نىسبەتەن ياخشىلانغان»، شۇنداقلا «سىياسى مۇھىت سەل ئەركىن بولغان» دەيدۇ.

دىنىي ئەركىنلىكنى يولغا قويۇشى بۇ يېڭى دەۋردىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەرەققىيات بولغان. 17 يىلدىن بېرى يېغىن ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم يېغىن ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا يېزىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەسچىتلەر ھۆكۈمەت ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن رېمونت قىلىنىپ، بەزىلىرى قايتىدىن سېلىنغان. ھەج قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلار ئەۋجىگە چىققان. بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى پاكىستاندا نەشىر قىلىنغان كىتابنى ئاساس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خىتايدىن مۇسۇلمانلارنىڭ چەت ئەل مەدرىسلىرىدە دىن ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان.

بۇ خىل سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا

بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايغا مەبلەغ سېلىش ئېھتىمالى بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ئۆزىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى «شىنجاڭ ئۇزۇندىن بىرى سەئۇدى ئەرەب، تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر ۋە مالايسىيا قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن» دەپ يازغان.

ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل دىنىي ئىسلاھاتى قىسمەن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن روشەن پىكىرلىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى جەمئىيەتتە كونسېرۋاتىزم ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئىسلام دىنىنى قوللاش شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ دېگەن. گەرچە بۇ خىل قاراش ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى شەھەر زىيالىيلىرىنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلسىمۇ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پىكىر قاراشتىكى ئوخشاشماسلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىكىر ئەركىنلىكىمۇ بىر قەدەر ئەۋجىگە چىققان. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەردە يەرلىك ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ نەشىر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ رايونغا كىرىشتىن بۇرۇن يېزىلغان ئەسەرلەر تەشكىل قىلغان. 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تۇرپانلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1920 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرى قايتىدىن نەشىر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مۇئاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلغان. ئابدۇخالىقنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، شائىر 1933 - يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچ، ئۇنىڭغا شەھىد دەپ نام بېرىلگەن. گەرچە شائىردىن ھېچ قانداق بىر فوتو سۈرەت قالمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۈرىتى سىزىپ چىقىلغان. ھېچ ئامال تېپىلمىغاچ، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىش بويرۇقىنى ئالغان رەسسام، مەرھۇم شائىرنىڭ قەۋرىسىنى ئاچقۇزۇپ ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى ئۆلچەپ شۇ ئاساستا سۈرىتىنى سىزىشقا مەجبۇرلانغان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيەسى تۇرپانلىق زىيالىلارنىڭ ئابدۇخالىقنىڭ ئەسىرىنى قايتا نەشىر قىلدۇرۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، بۇنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى «ئويغان» دېگەن شېئىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز:

## ئويغان

*ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،*
*سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.*
*بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزەڭنى قۇتقۇزمىساڭ،*
*ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.*

*قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!*
*رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!*
*كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،*
*ئۆلىسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج .*

*ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،*
*شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟*
*قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،*
*ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!*

*كۆزلۈكنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،*
*ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.*
*كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسىتى،*
*كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.*

*ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،*
*سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.*

*كۆيۈنۈپ ھالىڭغا، ئويغاتسام سېنى،*
*ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ؟*

*كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،*
*تەكتىڭگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.*
*«خەپ!» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالار،*
*شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن.*

1981 - يىلى مەزكۇر شېئىرنى بىرى قەشقەردە تامغا چاپلاپ قويغاندا خىتاي ساقچىلىرى شائىرنى ئىزدەپ كىشىلەرنىڭ خەت نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، كېيىن بۇ شېئىرنى يازغان شائىرنىڭ ئۆلگىنىگە 50 يىلدىن ئاشقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاران بولدى قىلىشقان ئىكەن.

بەزى تۈرمىگە چۈشكەن ياكى ئەسەرلىرى مەنئى قىلىنغان يازغۇچىلارنىڭ يازمىلىرىمۇ قايتىدىن نەشر قىلىنغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسى گېزىتى «ئالتاي گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرلىكىنى قىلغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 1949 - يىلى خىتايدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، تۇتۇلۇپ قېلىپ تاكى 1958 - يىلىغىچە تۈرمىدە ياتقان، كېيىن يەنە 1966 - يىلدىن 1976 - يىلىغىچە تۈرمىگە قامالغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ 1920 - يىللاردىكى قۇمۇلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان تارىخىي رومان ۋە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ رومانلىرىدىن بىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا قىستۇرۇلغان «ئىز» دېگەن شېئىرى بەكرەك ئالقىشلانغان.



## ئىز

*ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،*
*ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى ـ نى ئارسلانلار دەشت ـ چۆلدە قەۋرىسىز.

قەۋرىسىز قالدى دېمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل ـ چېچەككە پۈركىنۇر ئاڭنا باھاردا قەۋرىمىز.

قالدى ئىز ، قالدى مەنزىل ، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
ئاپقۇسى ھېچبولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز،
يا ئەۋرىمىز.



بۇ شېئىر گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە لوزۇنكىلاردا بېسىلىپ، تاملارغا چاپلىنىپ كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. بىر تارىخى رومان كونتېكستىدە تۇرغۇزۇپ قارىغاندا بۇ شېئىر ئادەتتىكىچە بىلىنگەن بىلەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئوقۇغاندا بۇ شېئىرنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدىكى خىتاپنامە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى شائىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلىتتا كەلگۈسى زامانىنى ئىشلىتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنى بەزى سىياسى پائالىيەتچىلەر بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىما قىلغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئون بىرىنچى ئەسىردە ئۆتكەن، شەرقىي تۈرك تىللىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغىتىنى يازغان مەھمۇت قەشقىرى، بىلەن ئونىنچى ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

ھۆكۈمرانى ساتۇق بۇغراخان قاتارلىق داڭلىق ئەرباپلارنى تەشۋىق قىلغان. ئىلگىرى شىنجاڭ رايونىنىڭ رەئىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ھەققىدە مىڭ بەتلىك بىر رومان يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كىتابى كەڭ تارقىلىپ ئالقىشلانغان.

بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مۇزىكا سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرلارنى ھەر خىل مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەن ئۇرۇنلىنىدىغان مۇقاملارنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ، 12 مۇقام قىلىپ تولۇقلاپ سىستېمىلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مۇقامنى رەتلەشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ «مۇقامنى يىغىپ رەتلەش ئارقىلىق ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۇزىكا بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى قىلىپ تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان» دەيدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلىرىدىن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قارشى ئەمەسلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى قوۋەتلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا سىياسى ئىدىئولوگىيەلىك مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى بولسىمۇ، تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ سەنئەت بايلىقى دېگەن قاراشنى گەۋدىلەندۈرگەن.

1986 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەقسەت ئاساس قىلىنغان. بۇ قېتىمقى تەنتەربىيە يىغىنىمۇ ئىسمى بىلەن جىسمى ماسلاشمىغان بىر ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدەك ھەقىقىي ماھارەت سىنىقى كۆرۈلمىگەن بولۇپ، يىغىن زالىغا ئېسىلغان لوزۇنكىلاردا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئانا ۋەتەننى گۈللەندۈرەيلى» دېگەندەك شوئارلار ئېسىلغان. بۇ قېتىمقى يىغىندىمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ئاساس قىلىنىپ، مۇسابىقىغە قاتناشقان ۋەكىللەرنى مىللىتىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس رايون تەۋەلىكىنى ئاساس قىلىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلگەن.

بۇ مەزگىلدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بىر قەدەر ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى بەزىلەر ئاقسۇ ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان چارە دەپ ئېلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ئۇلارغا خىتاي گىراژدانى دېگەن ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. يۇقىرىقىدەك مىللىي تەنتەربىيە ۋە مىللىي سەنئەت پروگراملىرىنى خىتاي تېلېۋىزورلىرىدا كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەردە ئىدارە قىلىشقا ئوڭاي بىر مىللىي كىملىك ئېڭى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەزكۇر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى كۆرگەن بىر كۆزەتچى «خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىي ھېسسىياتنى فولكلور قېلىپىغا سېلىپ، ئۇنى يىغىنچاقلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتسا كېرەك» خىتايلارنىڭ نەزىرىدە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ رەڭدار ئەسلىمىسىلا خالاس، بۇ ئۇلارنىڭ خىتاي دۆلىتىگە سىڭىشىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ دەپ قارايدىكەن» دېگەن.

ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرى يەرلىك مەدەنىيەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق بۇ رايوننى ئىدارە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. 1982 - يىلى خىتاي قايتىدىن بىڭتۇەننى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، دەسلەپىدە ئۇنى ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى ئاساس قىلمىغان (بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادى يوق دېيەرلىك ئىدى). ۋاڭ جېن بىڭتۇەن ئازاتلىق ئارمىيەگە ياردەمچى مەنبە بولۇپ، ھۆكۈمەتنى ئەسكەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ دەپ ئېلگىرى سۈرۈپ «ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشى خۇددى ئىككى مۇشقا ئوخشاش بىرى ئالدىدا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىرى ئارقىدا يانتاياق بولۇپ بېرىدۇ» دېگەن. بىڭتۇەننىڭ جايلىشىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن ۋە ماددىي بايلىقنىڭ تارقىلىشىنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار ئاساسلىق شەھەرلەرنى قورشاپ، قاتناش تۈگۈنلىرىگە يېقىن جايلاشقان بولۇپ، ھەر قانداق بىر تاسادىپىيلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قولايلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچكى توپىلاڭدىنلا ئەنسىرەپ قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىدىنمۇ ئەنسىرەپ تۇرغان، چۈنكى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جىددى ۋەزىيەت تاكى 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1975 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى قۇتلۇقلاپ يازغان بىر سەرلەۋھىسىدە «دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان، سوۋېت شپيونچىلىقىچىلارنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئاتقان بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى كۈچلەر»گە زەربە بېرىشكە چاقىرىق قىلغان. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتچىلىقىدىكى ئوخشاشلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدا چاتاق چىقىرىدىغانلارنىڭ «دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان، چەت ئەلدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مالىمانچىلىق چىقىرىدىغانلىقى» دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەينى چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان تەھدىتكە جىددى قاراپ، 1979 - يىلى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايوننى ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. چۈنكى ئەينى چاغدا خىتاي بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋيېتنام سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، خىتايلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللىشىپ، 1980 - يىللىرى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تىجارەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 1983 - يىلى قورغاس ئېغىزى سودا ئۈچۈن ئېچىلىۋېتىلگەن. 1989 - يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئاپتوۋۇز قاتنايدىغان بولغان. نەتىجىدە 1960 - يىلدىن بېرى بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇيغۇرلار تۇغقانلىرى بىلەن قايتىدىن تېپىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.



## يېزا ئۇرۇشى

گەرچە شۇ يىللارنى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى ئارام يىللار دەپ كېتىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن يېزا ئىگىلىك

www.uyghurkitap.com

سىياسىتى ۋە دىنىي ئەركىنلىك سىياسەتلىرى قارشى ئېلىنغان. ئەينى زاماندىكى قىسمەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دوكلاتلىرىدىن «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خىتاي جەمئىيىتى بىلەن بىر قەدەمدە ئىلگىرلىگەچ، ئۇيغۇرلار يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشىنى، شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان» دېگەن مەزمۇنلارنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر دوكلاتتا «شىنجاڭ خەلقى كەلگۈسى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ شەكلىنى ئالدىن كۆرەلىدى» دېگەن.

1996 - يىلىمۇ شىنجاڭدىكى دېھقانلار ئىسلاھات دەۋرىنى «يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىش» ياكى قىسقارتىپ «ئەركىنلىك» دەۋرى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما ئەمەلىيەتتە خىتايدا پۇقرالاردا شەخسىي يەر مۈلكى ھوقۇقى بولمايدۇ. يەرگە دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، يېزىلاردا يەرگە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، دېھقانلارغا قىسمەن يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىلا بېرىلىدۇ. شىنجاڭدىمۇ خۇددى خىتاي يېزىلىرىغا ئوخشاشلا دېھقانلارغا يەرلەر بۆلۈپ بېرىلگەن بولۇپ، نەزەرىيەدە دېھقانلار نېمە تېرىشنى خالىسا بولاتتى. بۇ خىل يەر ئىسلاھاتىغا قىسمەن خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ يەر مۈلك ھوقۇقىنى شەخسلەشتۈرۈشكە ئوخشىشىپ قالىدى دەپ بىر مەزگىل قارشى تۇرغان. ئەمما خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى گۇرۇچ چىقىدىغان يەرلەردىكى دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، يەرلىك كادىرلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىش باشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ھۆكۈمەت بۇ خىل يەر ئىسلاھاتىنى ھەممە يەرلەرگە ئومۇملاشتۇرغان. 1982 - يىلىغا كەلگەندە يەرنى ھۆددىگە بېرىش رەسمىي تۈزۈملەشكەن.

گەرچە كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە يول قويۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى قارىماققا كىشىنى سەل ھەيران قالدۇرسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلماي باشقا چارىسىمۇ قالمىغان ئىدى. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرماي بولمايتتى. چۈنكى كارخانا، زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ قورسىقىنى بېقىشى

ئۈچۈن يېتەرلىك ئاشلىق بولۇشى كېرەك، يىپنى سانائەت ئۈچۈن خام ئەشيا كېرەك، ئەگەر ئېكسپورت قىلغۇدەك ئېشىنچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى بولمىسا يېتەرلىك تاشقى پېرىۋۇتى بولماي قالاتتى. شۇڭلاشقا يەرلەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىش كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ئىدىئولوگىيەسىگە توغرا كەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىغا كۆز يۇمۇشقا بولمايتتى.

ئەمما بۇ دېھقانلار نېمىنى قىلىشنى خالىسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. قىسمەن ئەمەلدارلار دېھقانلارنىڭ ئەركىن تىجارەتتىن پايدىلىنىپ بېيىپ كېتىشى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى ئەركىن سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان. ئەمما دېھقانلارنىڭ قولىدىكى پۇل تېپىش ئېھتىمالى ۋە ئىمكانىيىتى ھەر خىل، شۇنداقلا پۇل تېپىش يوللىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنۇش تازا ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيتتى. بۇنى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى دېھقانلار شۇغۇللانغان ھەر خىل دېھقانچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دېھقانلار غاز بېقىش، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، سەھنە ئويۇنلىرىنى قويۇش... قەپەز ياساش، تالادىن ئارغامچا ياساش، بامبۇ نەي ياساش ۋە ۋەلسىپىت چاقىنىڭ سىملىرىنى ياساش قاتارلىقتىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ قىمار ئويناشقا بولغان قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن، كوچىلاردا تەلەي چارقىنى پىرقىرىتىش ئويۇنى ئويناپ، بەزىدە ئۆيدىكى تېلېۋىزورنى ھويلىسىغا ئەچىقىپ قويۇپ، قۇلۇم - قوشنىلاردىن ئاز مىقتاردىكى تېلېۋىزور كۆرۈش ھەققى ئېلىپ پۇل تاپقان.

1980 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە خىتاي يېزىلىرىدىكى دېھقانلار قايسى مىللەت ۋە رايونغا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى دېگۈدەك ئىقتىسادىي كىرىمىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرغان. ئەمما تۆۋەندىكى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىقى بولغان ئىككى سەۋەب تۈپەيلى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئىقلىمى بىرىنچى توسۇق بولۇپ، شىنجاڭدا تېرىلغۇ قىلىشقا ماس كەلگۈدەك يەر يېتەرسىز، سۇ مەنبەسى قىممەت، شۇنداقلا ئۇرغۇن دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بازارلار بىلەن بولغان باغلىنىشى ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قولىدىكى ئۇششاق كۆلەملىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىگتۇەننىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار دائىم زىيان تارتاتتى، چۈنكى بىگتۇەن ئاساسلىق سۇ مەنبەلىرىنى كونترول قىلىۋالغاندىن باشقا دۆلەتتىن ياردەمگە ئېرىشىپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارتۇقچىلىقىدىن مەنپەئەتلىنەتتى. بۇ خىل سېلىشتۇرما 2012 - يىلى بۇ كىتابنى يېزىۋاتقىنىمدىمۇ ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان زېمىننىڭ 31%نى بىگتۇەن ئىگەللىۋالغان. ئۇندىن باشقا شىنجاڭدىكى سۇ مەنبەسىنىمۇ شۇلار كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئۇششۇق سۇنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالغان.

بۇ ھەقىقەتەن تەلەيسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك بولسىمۇ، بۇ خىل نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ خىتايلار ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن قوللانغان سىياسىي كەمسىتىشنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. كۆپ بولسا سىياسەت تۈزگۈچىلەر ياكى شىنجاڭ ئەمەلدارلىرى دېھقانچىلىق سىياسىتىنى تۈزگەندە ئۇيغۇر دېھقانلار دۇچار بولۇش ئېھتىمالى بولغان مۇشكۇلاتلارنى تولۇق نەزەرگە ئالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مەركىزى ھۆكۈمەتتىن كەلگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى بىگتۇەنگىلا تۆكمەي، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىدىن باشقا، يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىياسى مەنپەئەتىمۇ باشقىچە بولغان بولاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ئالاھىدە چوڭ ياخشىلىنىش بولغان. لېكىن 1985 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان جەنۇبى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن قەستەن يولغا قويۇلغان مىللىي سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدىن بولمىغان. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب خىتاينىڭ يېزىلىرى خىتاي دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇتۇۋەتكەنلىكىدىن بولغان. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا چارە تېپىش ئۈچۈن ھەر يىلى دېھقانلار ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەلۇم

بىر قىسمىنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ھۆكۈمەت باھاسىدا ساتقان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتى بازار قىممىتىدىن كۆپ تۆۋەن بولغان. مەسىلەن، ئاشلىقنى مىسالغا ئالساق ھۆكۈمەت باھاسى 1966 - يىلىدىكى باھا بولۇپ، بۇ بازار باھاسىنىڭ ئاران 20% گە توغرا كېلەتتى.

شۇڭلاشقا دېھقانلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈمگە نارازى بولۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس، چۈنكى ھوسۇل تۆۋەن بولۇپ قالغان يىللىرىدا ھۆكۈمەت باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن دېھقانلار قەرزدار بولۇپ قالاتتى. بەزى دېھقانلار بولسا ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى تېرىپ، تاپقان پۇلغا ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. چۈنكى 1978 - يىلىدىن 1988 - يىلغىچە قىسمەن ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى50% ئېشىپ كەتكەن. ئەمما نۇرغۇن دېھقان ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنىڭ يوچۇقىدىن پايدىلانغان. ھۆكۈمەت سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنىڭ ئۈچ خىل باھاسى بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىقنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن، ئاشۇرۇپ تاپشۇرغان ئاشلىقنىڭ ئۇنىڭدىن يۇقىرى، ئېشىندى ئاشلىقنىڭ بولسا ھەممىدىن يۇقىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن. دېھقانلار تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىقنى كۆپلەپ تېرىش ئارقىلىق ئېشىندى قىسمىنى يۇقىرىقى باھاسى يۇقىرى كاتېگورىيە بويىچە سېتىش چارىسىنى تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش چارىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنى زىيانغا ئۇچراتقان. يەنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەھسۇلاتلاردىن پاختىغا ئوخشاش بىرەر زىرائەتنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن تەمىنلىسە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشلىق بىلەن مۇكاپات بېرەتتى. بەزى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئاشلىقتىن كۆپلەپ مەھسۇلات ئېلىپ، ھۆكۈمەتكە يۇقىرى سۈپەتلىك ئاشلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەدىلىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن ئاشلىقنى يۇقىرى باھادا ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرگەن. نەتىجىدە، دېھقانلار ئاشلىق مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋالغۇدەك قۇدرىتى يەتمەي قالغان. 1984 - يىلغا كەلگەندە ھۆكۈمەت دۆلەت خەزىنىسىنىڭ 10%نى دېھقانلاردىن پىلانلىق مەھسۇلات سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھۆكۈمەت ئامالسىز پىلاندىن سىرت يۇقىرى باھا ئاشلىق سېتىۋېلىشنى توختاتقان. 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاشلىق باھاسى بىر خىل قىلىپتا مۇقىملاشتۇرۇلغان. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئاجرىتىدىغان مەبلەغ 10 دىن 15% گىچە تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئاشلىق تېرىمىغان بولۇپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى بىراقلا 10% تۆۋەنلەپ كەتكەن. خىتاي نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بولغاچ ھۆكۈمەت بىر ئامال قىلىپ زاپاس ئاشلىق تېپىشنىڭ كويىغا چۈشكەن. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۇمشاق ۋە قاتتىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئاشلىق توپلاشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ھۆكۈمەت دېھقانلارغا جەرىمانە قويۇش، تەھدىت سېلىش ۋە يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق قاتتىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنى پىلانلىق ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە قىستىغان. ئەينى چاغدا خەلق گېزىتى لىئاۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر يېزىسىدا يېزا كادىرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ماسلاشمىغان دېھقانلارنىڭ تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ قاتارلىق ئائىلە سايمانلىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى، شۇنداقلا مەخسۇس كانايچىلارنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا سۇناي چالدۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

«ئۆچكە ئېتىبار بېرىش»، يەنى دېھقانلارغا ئەرزان باھادا كىرسىن ۋە خىمىيەۋى ئوغۇت ئېلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان يۇمشاق تاكتىكىسى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ قارىماققا ياخشى تەدبىردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە كىرسىن ماي بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشى ئۇنداق ئاسانغا توختىمايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىرىنچى ئومۇمىي ئۆتكەل بانكىنىڭ قەرز ئۆتكىلى بولۇپ، ئۇ چاغدا بانكىلاردا دېھقانلار ئۈچۈن ئالدىن قەرز بېرىپ تۇرغۇدەك يېتەرلىك پۇل قالمىغان ئىدى. قىسمەن ئۆلكىلەردە پارىخور يەرلىك ئەمەلدارلار كىرسىن ۋە خىمىيەۋى ئوغۇت ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ياردەم پۇلنى يۇتۇۋالغان بولغاچ، يۇقىرىقىلارنى تەمىنلەش مۇمكىنچىلىكى قالمىغان. نەتىجىدە قىسمەن رايونلاردا ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان، مەسىلەن، 1987 ـ يىلى يازدا خۇنەن ئۆلكىسىدىلا دېھقانلار خىمىيەۋى ئوغۇت ئامبارلىرىغا 200 قېتىم ئەتراپىدا

ھۇجۇم قىلغان.

خۇددى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش خىتايدىمۇ پارىخورلۇق ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولمىسىمۇ، 1979 - يىلىدىن باشلاپ بەكرەك ئەۋجىگە چىققان. كىشىلەرنىڭ بېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىگە ئەگىشىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ پارىخورلۇق، جەرىمانە ئېلىش ۋەياكى ھۆكۈمەت مەبلىغىگە خىيانەت قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق پۇل تاپىدىغان بولغان. ھۆكۈمەت ئىدىئولوگىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر قىسمەن ئەمەلدارلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن، چۈنكى مەرتىۋىسى تۆۋەن ئەمەلدارلار ئۈچۈن قانۇنلۇق يول بىلەن بېيىش پۇرسىتى يوق ئىدى. نەتىجىدە، 1980 - يىللارغا يېقىنلاشقاندا دېھقانلار يەرلىك ئەمەلدارلارغا تۆلەيدىغان باج ۋە سېلىقلار ئاستا - ئاستا ئۆسۈپ ماڭغان بولۇپ، 1978 - يىلىدىن 1990 - يىلى ئارىلىقىدا دېھقانلارنىڭ باج سېلىقى ئىككى قات ئۆرلىگەن. دېھقانلار تاپشۇرىدىغان باج سېلىقنىڭ بىر قىسمى قانۇنلۇق باج بولسىمۇ، بەزىلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز مەيلىچە قېتىۋالغان پۇل تېپىش ۋاستىسى ئىدى. ئەڭ ئېغىر چاغلىرىدا دېھقانلار «دەرەخ ئۇرۇغى بېجى» ياكى «رادىئو، تېلېۋىزىيە، دېھقانچىلىق مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن قالغان سائەت بېجى» دېگەندەك بىمەنە باجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67 تۈرلۈك باج تۆلىگەن.

دېھقانلار بۇ خىل يولسىز باجلارغا ئون نەچچە يىل نارازىلىق قىلغان بولۇپ، قىسمەن ئەمەلدارلار بۇ نارازىلىقلار كوممۇنىست پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىشقان. (ئەمما بارىن ۋەقەسىدىن كېيىنمۇ، 1990 - يىللىرىدىكى خىتاي ۋەزىيىتىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تەرەققىياتلارنى مۆلچەرلىگەن بىر يازمىنىڭ ئاپتورى ئىشەنچلىك ھالدا خىتايدا مىللىي مەسىلە ئاساسلىق مەسىلىلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ دەپ خۇلاسىلىگەن). يۇقىرىقىدەك باج سېلىقلارنىڭ ئېشىشى ۋە ھۆكۈمەت ياردەم مەبلىغىدىكى ئۆزگىرىشلەر خىتايلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى يەنە بىر قېتىم مۇشكۈل ئەھۋاللارغا چۈشۈرۈپ قويغان. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ھەر يىلى ھۆكۈمەت پىلانىدىن بەھرىلىنىپ كەلگەن، ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى بىلەن پىلانسىز ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ باھا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرقىنى يوق قىلىۋېتىشى پاختا ۋە ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچراتقان. گەرچە بۇ خىل سىياسەت ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى نامراتلاشتۇرۇۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىش دەرىجىسى شەھەر نوپۇسىدىكىلەردىن كۆپ ئاستا بولغان. خىتايلارنىڭ كۆپ قىسمى بولسا شەھەر نوپۇسىدا ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىنجاڭنىڭ يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى پەرق زورىيىپ ماڭغان. 1987 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلى مابەينىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان ناھىيىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى شىنجاڭدىكى باشقا رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا 26% دىن 17% گە چۈشۈپ قالغان. شۈبھىسىزكى، بۇنى ئەينى چاغدا خىتاينىڭ شەھەرلىشىش ئومۇمىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئەينى چاغدا خىتاي دۆلەت كىرىمىنىڭ توتتەن بىر قىسمىنى شەھەر ۋە بازارلارنى ئاساس قىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان.



1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇش پۇلى ئېلىش دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن. گەرچە ئوقۇش پۇلى تۆۋەن بولسىمۇ، نامرات ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن بىر ئۇشۇقچە يۈك بولۇپ قالغان، نەتىجىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر باللىرى ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ 16 ياشتىن يۇقىرى خىتاي باللىرىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش نىسبىتى ئۇيغۇرلاردىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. يېزىلاردىكى ئۇيغۇر باللىرىدا باشلانغۇچ ۋە ئالى مارىپ تەربىيەنىڭ يېتەرسىز بولۇشى 1990 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۆزگىرىشكە قاراپ ماڭغان ئەمگەك بازىرىدا نۇرغۇن توسقۇنلارغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان.

جەنۇبى شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى شەھەرلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي پەرقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن زادى قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس (ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان پەرقتىن بولسا ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ). تەتقىقاتچى لىندا بېنسون قىسقىغىنا تۆت

يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق بايان قىلغان:

*1982 - يىلى مەن ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتىمدا ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدىكى قاتناش ۋاسىتىلىرى يېپ يېڭى ئاممىۋى ئاپتوبۇسلار بىلەن قىسمەن ئېشەك ۋە ئات ھارۋىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. 1986 - يىلى بولسا كوچىلاردىكى ماشىنىلارنىڭ كۆپلىكىدىن يولنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈشمۇ تەسلەشكەن.*

بۇ مەزگىلدە شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ۋە خىتاي ياشلىرى ئارىسىدىكى قىسمەن ئۇرۇش - جېدەللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر مىللەت خەلقى گەرچە ئارىلىشىپ ياشىمىسىمۇ ئاساسەن تىنچ ۋە ئىتتىپاق ئۆتكەن. بۇ جەرياندا دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى چىقارماسلىقى ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ يېڭى سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىنىڭ ئۇ قەدەر كۈچلۈك بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزگىلدە ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆپ داۋالغۇشلار بولغان. 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى، بېيجىڭ ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار ئارىلىشىپ قالغان نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت دەپ چىقارغان قىسمەن قارار ۋە سىياسەتلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلغان.



## «جاھاندىكى ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپە»

1980 - يىلى يولغا قويۇلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، خىتاينىڭ ئەڭ كۆپ تونۇلغا ۋە چۈشىنىش ئەڭ يېتەرسىز بولغان قانۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ كېتىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن بۇ چارىنى يولغا قويغان. چۈنكى 1949 - يىلى خىتاينىڭ نوپۇسى 540 مىليون بولۇپ، 1976 - يىلىغا كەلگەندە 940 مىليونغا يەتكەن. نوپۇسنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىگە بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئۆمرىنىڭ

ئۈزۈرۈشى تۆرتكە بولغان. ئەمما كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ گىراژدانلىرىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن قوشقان بۇ تۆھپىلىرى دائىم تىلغا ئېلىنماي قالىدۇ. گەرچە غەربتە خىتايدا پەقەت بىرلا پەرزەنت كۆرۈش رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ قاراپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن بولساقمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بىر پەرزەنتلىك بولۇش تەلىپى پەقەت خىتاي نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا قويۇلغان. يەنى پەقەت شەھەر نوپۇسىدىكى خىتايلاردىن بىر پەرزەنتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، يېزا نوپۇسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئەگەر قىز بولسا ياكى مەجرۇھ بولسا ئىككىنچى پەرزەنت ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى (خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل سىياسىتىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ).

خىتايدا، بولۇپمۇ يېزىلاردا دائىم كۆپ ئەۋلادلىق بولۇپ ياشاش ئادىتى ئومۇملاشقان بولغاچ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۇنداق ئاسانغا توختىمىغان. يەرلىك ئەمەلدارلارنى قورقۇتۇش ۋە جەرىمانە ئېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن كىشىلەرنى سىياسەتكە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشقان. شۇڭلاشقا يول ياقىلىرىغا يېزىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان شوئارلارنىڭ كۆپ قىسمى كىشىگە قورقۇنچ سالىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان. مەسىلەن، بەزىلىرى «ئەگەر سىياسەتكە خىلاپلىق قىلساڭلار پۈتۈن ئائىلە - تاۋابىئاتىڭلارنى يوق قىلىمىز!» ياكى «ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنغاندىن بالا ياتقۇزىنى ئېلىۋەتكەن ياخشى» دېگەندەك سوزلەر يېزىلغان. خۇددى ئادۋوكات چېن گۇاڭچېن 2005 - يىلى ئاشكارىلىغاندەك خىتاينىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرلاپ بالا ئالدۇرۇۋېتىش ۋە بالا ياتقۇنى بوغۇپ قويۇش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق تۇغۇت چەكلەش ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇندىن باشقا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بويسۇنۇپ كىچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەرگە تۇغقۇتتىن كېيىن ئۇزۇنراق دەم ئېلىش، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە پۇل مۇكاپات بېرىش قاتارلىق رىغبەتلەندۈرۈش چارىلىرىمۇ قوللىنىلغان.

شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى خىتاي نوپۇسى 41% دىن 37% گە چۈشۈپ قالغان. بىڭتۇەنلىك قىسمەن خىتايلارنىڭ پىنسىيەگە چىقىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىمۇ شىنجاڭدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە تەسىر

كۆرسەتكەن (ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى داۋاملىق چىقىپ تۇرغان). ئاز سانلىق مىللەت تاكى 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولۇپ، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى داۋاملىق ئېشىپ ماڭغان.

ئەمما پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. 1985 ـ يىلى ھۆكۈمەت گېزىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ نوپۇس سانىنى كونترول قىلىشى كېرەك دېگەن خەۋەر چىققاندىن كېيىن مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنى، ئىچكىرىدىن كۆچۈپ چىقىۋاتقان خىتايلارنى توختىتىشنى، لوپنۇردا ئاتوم بومبىسى سىنىقىنى توختىتىشنى، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا جىنايەتچىلەرنى يۆتكەشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭغا جىنايەتچى يۆتكەش چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرۇنقى سىياسىتىدىن پەرقلەنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىنايەتچىلەرنى بۇ يەرگە يۆتكەش يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقىنى تولىلاش ئۈچۈنمۇ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. چۈنكى 1980 ـ 1990 ـ يىللىرى شىنجاڭغا پالانغان ھەر بىر جىنايەتچى ئۈچۈن مەركىزى ھۆكۈمەت ۋە جىنايەتچىنى ئەۋەتكەن ئۆلكە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم دەرىجىدە پۇل بەرگەن. 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شىنجاڭغا پالانغان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى 50 مىڭ ئەتراپىدا بولغان. شۇنچىلىغان كۆپ خىتاي كۆچمەن ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا سۇدەك ئېقىپ كېلىشىگە باقماي، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى زىچلىشىپ كەتتى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك دېگەن بۇ سىياسەت نامايىشچىلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن.

گەرچە ئۇيغۇرلار بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق يەرلەردە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى نامايىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، 1986 ـ يىلى مەركىزى ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە مەجبۇرى

بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن قارارنى چىقارغان. شەھەرلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش، يېزىلاردا ئۈچ پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم مۇشۇ مىسال ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىتىغا ياقمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز رايى بىلەن تەلەپ قىلغان، شۇڭا بۇ ئۇلارنىڭ «ئەركىن تاللىشى»نىڭ نەتىجىسى دېگەن ناتوغرا قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار خىتاي كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى دېگەن ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات 1949 - يىلى تىبەت ۋە موڭغۇل رايونلىرىدا تارقالغان سىبلىس كېسىلى ئاپىتى تۈپەيلى قىسمەن كۆچمەن چارۋىچى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نوپۇسى تۆۋەنلەپ كەتكەن دېگەن پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىققان. مەزكۇر جەمئىيەت قىسمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 48%گە يەتكەن دېگەن، ئەمما ئۇنداق بولۇشى تازا ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى خىتايدا ئومۇمى يۇقۇملىنىش نىسبىتى3%-2 ئەتراپىدا بولغان. ئۇلار يەنە دوكلاتىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلى مۇھىت تەسىرگە ئۇچراپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بويسۇنۇشى كېرەكمۇ يوق دېگەن بەس - مۇنازىرە كۆتۈرۈلگەن دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ مۇنازىرىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئالدى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. نەتىجىدە ھۆكۈمەتمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ماس ھالدا «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەلىپىنى قوللىغان» دېيىلگەن.

مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دوكلاتى 1985 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىشنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ ئەمما پەقەتلا بۇ نامايىشنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈنلا قىستۇرۇپ ئۆتكەن. دوكلاتتا يەنە ئۈرۈمچى نامايىشىدىن كېيىن بىر خىتاي دوختۇر پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ھەققىدە ئۇيغۇرلارغا لېكسىيە بەرگىنىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دوكلات

بەرگەن جاڭ پاملىلىك خىتاي پروفېسسور ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ «لىكسىيەگە قاتناشقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئۇلار لىكسىيەنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كەتتى» دەيدۇ. ئۇ يەنە «ھەر قېتىمقى لىكسىيەدىن كېيىن كىشىلەر ئەتراپىمغا توپلىشىۋېلىپ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ئۇلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى» دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئەمەلىيەتتە قانداق قاراشتا بولغانلىقىنى 1989 - يىلىدىكى پەرزەنت كۆرۈش ئىستاتىسكىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ بىر ياكى ئىككى پەرزەنتلىك بولغان نىسبىتىنى سېلىشتۇرساق، خىتايلار 80%، ئۇيغۇرلار بولسا ئاران 40%نى ئىگەللەيدۇ. 15% ئۇيغۇر ئۈچ پەرزەنتلىك، 12% تۆت پەرزەنتلىك، 30% دىن كۆپرەكى بەشتىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغان. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تارتىپ دىنىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپ جانلىق چوڭ ئائىلە بولۇپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن، چۈنكى چوڭ ئائىلىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار باشقا جايلارغا بېرىپ پەرزەنتلىك بولۇش ۋەياكى تۇغقانلىرىنىڭ نامىدا باللىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق پىلاندىن سىرت پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ چارىلىرىنى تاپقان.



گەرچە قىسمەن ئۇيغۇرلار پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يۇچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ كۆپ پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان نارازىلىقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىغان. بىر يەرلىك ئەمەلدار يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بولغان قارشىلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ۋايساپ «بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەس خىزمەت» دېگەن. بۇ خىزمەتنىڭ مۇشكۈللىكىنى ھۆكۈمەتمۇ بىلگەچ يەرلىك كادىرلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى - يامان ئىشلىشىگە قاراپ ئۇلارغا مۇكاپات ۋە جازا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قىسمەن يەرلىك كادىرلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە قاتتىق قوللۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىزغىن بولۇپ كېتىشى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بولغان قىزغىنلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جەرىمانە قويۇش ئارقىلىق تاپقان كىرىمگە بولغان ئىشتىياقى تۈرتكە بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەن نامرات دېھقانلار مەزكۇر سىياسەتنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانى بولغان. چۈنكى گاھىدا ئۇلار تۆلىگەن جەرىمانە يىللىق كىرىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. 1990 - يىلى شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتلەرگىمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى نامرات دېھقانلار قاتارىغا كىرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ نامراتلىقىغا ختاينىڭ پىلانلىق مەھسۇلات سىياسىتى، نامرات رايونلارغا يېتەرلىك مەبلەغ سالماسلىقى، شۇنداقلار بىڭتۇەن بىلەن رىقابەت قىلالماسلىقى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زادى قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىغا ختاينىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياسىتى ئاساسلىق سەۋەب بولغان دەپ قارايدىغانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ نازۇك يەرلىرى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا بەزىلىرىنىڭ ئۇنى قوغداپ قېلىشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئۆزۈنغا قالماي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.



## مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل مۇئامىلىگە ئۇچرىمايدۇ

1989 - يىلى كىتاب كۆيدۈرۈش ۋە نامايىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دېيىشكە بولاتتى. بۇ قېتىمقى سىياسىي داۋالغۇش ئاخىرلاشقاندا شەرقى ياۋرۇپانى ئاساس قىلغان كوممۇنىست ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسى غۇلاپ چۈشكەن ئىدى. برادفورد، يېڭى دېھلى، لاھور ۋە باشقا شەھەرلەردە مۇسۇلمانلار سالمان رەشدىنىڭ «شەيتان ۋەسۋەسىسى» دېگەن كىتابىغا قارشى نامايىش قىلىپ كىتاب كۆيدۈرگەن. شۇ يىلى باھاردا ختاي ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بېيجىڭ ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە چېركىلىككە قارشى، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغان بولۇپ ئاقىۋىتى بېيجىڭ تيەن ئەنمېن قىرغىنچىلىقى بىلەن ئاخىرلاشقان.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 12 - ماي كۈنى بېيجىڭدا كىچىك كۆلەملىك بىر نامايىش يۈز بەرگەن. بۇ نامايىشقا تۇڭگان ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن

تەركىب تاپقان3 مىڭ ئەتراپىدا كىشى قاتناشقان. ئۇلار «خىتاينىڭ سالمان رۇشدىسىنى جازالايلى» دەپ شوئار توۋلىغان. بۇ قېتىمقى نامايىش شەنشىلىك ئىككى خىتاي مۇئەللىم بىرلىشىپ يازغان «دۇنيادىكى جىنسىي ئادەتلەر» دېگەن كىتابتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جىنسىي ئادىتى ھەققىدىكى مەزمۇنغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان. نامايىش چىققاندا50 مىڭ نۇسخا كىتاب سېتىلىپ بولغان ئىدى. نامايىشچىلار مەزكۇر كىتابتا مۇسۇلمانلارنىڭ جىنسىي ئادەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، مۇسۇلمانلار ھەجگە بارغاندا بەچچىۋازلىق قىلىش ۋە تۆگە بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارىدۇ، ئىسلامچە سېلىنغان مەسچىتنىڭ مۇنارى ئەر كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشايدۇ، گۈمبەز بولسا ئايالالارنىڭ كۆكسىگە ئوخشايدۇ دېگەن مەزمۇنلىرىدىن نارازى بولغان. بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ھەققىدە توختىلىپ «بۇلار چوقۇم تۈرمىگە تاشلىنىشى كېرەك.... ئۇلار يەر يۈزىدىن يوق بولسا بىز خۇشال بولىمىز» دېگەن.

شۇ يىلى يازدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن نامايىشلار قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىشى ئىران پرېزىدېنتى ئەلى خامىنىينىڭ بېيجىڭغا قىلغان زىيارىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولغاچ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى باستۇردى دەپ ئەيىپلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ قېتىمقى نامايىشقا يول قويغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ھەپتە نامايىش قىلىشقا رۇخسەت قىلىپلا قالماي، يەنە كوچىلارنى نامايىش ئۈچۈن بىكارلاپ بېرىپ، نامايىشتىن كېيىن نامايىشچىلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشقا ئاپتوۋۇز ئاجراتقان.

شۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا تۇڭگانلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمانلارمۇ نامايىش قىلغان. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھرىدە 20 مىڭ كىشى نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىپ، مەزكۇر كىتابتىن بىر ماشىنا كىتابنى كۆيدۈرۈپ، ئاپتورلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. نامايىش جەريانىدا نامايىشچىلار بىلەن ساقچىلار ئارىسىدا سۈركىلىش بولۇپ، بەزىلەر قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت بۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسىگە يۇمشاق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلان قىلىنغان. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدىمۇ نامايىش بولغان. بۇ قېتىمقى نامايىشنى دەسلەپتە رادىئودا تىيەن ئەنمېن نامايىشچىلىرىنى قوللاپ قىلىنغان نامايىش دەپ خەۋەر قىلغان، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي گېپىنى ئۆزگەرتىپ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سېلىش ئۈچۈن ئاۋۋالدىن خەۋەرسىز ئاممىنى قايماقتۇرۇپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئېلىپ بارغان، بىر قېتىملىق بۇلاش، چېقىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى دەپ خەۋەر قىلغان. ھۆكۈمەت ئاخبارات ئورگانلىرى بۇ قېتىمقى نامايىشتا 150 ساقچى ۋە قوراللىق ساقچى ئەسكەرلىرى يارىلانغان، 40 ماشىنا ۋەيران قىلىنغان دەپ خەۋەر قىلدى. بەزىلەر نامايىشچىلارنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، بۇنىڭدىن نامايىشچىلارنىڭ تەلىپىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



ھۆكۈمەت بۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلماستىن قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر ھەرىكەتكە باشلامچىلىق قىلدى دېگەن ئۈچ كىشىنىڭ بىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، بىرىگە 15 يىل، بىرىگە سەككىز يىل مۇددەتلىك قاماق جازاسى بەرگەندىن باشقا تۆت نەپەر كىشىگە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن بىر يىلدىن سەككىز يىلغىچە قاماق جازاسى بەرگەن.

گەرچە لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىشلار ئارىسىدا پەقەت بىر ھەپتە پەرق بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىككى نامايىشقا تۇتقان مۇئامىلىسى تامامەن باشقىچە بولغان. خىتايدىكى مۇسۇلمانلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر تەتقىقاتچى دىرۇ گىلادنى لەنجۇ بىلەن بېيجىڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ نامايىشىنىڭ شىنجاڭدىكى نامايىش بىلەن بولغان ئەڭ مۇھىم پەرقى شۇكى ئۇلار ھۆكۈمەتكە تەلىپىنى بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان، ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلمىغان، شۇڭلاشقا ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيۇزىنغا تەھدىت سالمىغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر كىتابنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ، سېتىلىشىنى مەنئى

قىلىشىدىن كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە دىنغا قارشى، قاتمال ئىدىئولوگىيە دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش نامايىشىغا بۇنداق پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ دېگەن مەسىلىگە دائىم تۇڭگانلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇلار خىتاي مەدەنىيىتىگە بەكرەك سىڭىشىپ كەتكەن، كۆپ ساندىكى تۇڭگانلارنىڭ چىراي شەكلىمۇ خىتايلار بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەن، خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار 16 ـ ئەسىردىن باشلاپلا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان. ئۇندىن باشقا تۇڭگانلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى ھالقىلىق رايونلار ئەمەس، شۇنداقلا ئەزەلدىن كەڭرى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىپ باقمىغان (مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش خىيالىدىمۇ بولمىغان) بولغاچ، خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىي شىمالدىكى نوپۇسىنىڭ35% نى تۇڭگانلار ئىگەللەيدىغان نىڭشا تۇڭگان ئاپتونوم رايونىغا نىسبەتەن ئەركىن دىنىي سىياسەت بەرگەن. قىسمەن دۆكلاتلارغا ئاساسلانغاندا نىڭشالىق بىر تۇڭگان سوفى ھاجىمنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇرىتلىرى (ئەگەشكۈچىلىرى) ۋە نۇرغۇن مەدرىسەلىرى بار ئىكەن، ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە پاكىستاندىكى نۇرغۇن ئاشقۇن فۇندامېنتالىستچى مۇللىلار بىلەن ئۇچراشقانىكەن. ئەڭ مۇھىم بولغىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇڭگانلارغا تۇتقان ئەركىن دىنىي سىياسىتى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۈچۈن خىتايغا مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن ئىجابىي مىسالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلغان.

تۇڭگانلارنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىگە بەكرەك سىڭىپ كېتىشىگە غەرب ئالىملىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەنستىمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۇڭگانلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى بىر خىل مەغلۇبىيەت ۋە كەملىكىنى يوقىتىش ھېسابلىنىدىكەن. شۇنداقتىمۇ، تۇڭگانلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخنى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشلەر بىلەن تولغان دەپ تەسۋىرلەنسىمۇ (ئامېرىكىنىڭ س ن ن تېلېۋىزور قانىلىنىڭ بىر مۇخبىرى شىنجاڭ تارىخى22 ئەسىر خىتايغا قارشى تۇرغان دەپ خەۋەر قىلىدۇ)، تاكى 1949 ـ يىلىغىچە تۇڭگانلارنىڭ تارىخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە ئوخشاشلا خىتايغا قارشى توپىلاڭلار بىلەن تولغان. 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي جەنۇبتىكى يۈننەن قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي تۇپرىقىدا تۇڭگانلار خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن. يۈننەن ئۆلكىسىدە خىتاي كۆچمەنچىلىرى بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ كېتىپ، 1856 ـ يىلى مانجۇلار بىلەن خىتايلار يۈننەننىڭ مەركىزى كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۈچ كۈن تۇڭگانلارغا قارشى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان بولۇپ، 4000 تۇڭگاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۇڭگانلارنىڭ ئېلىپ بارغان نامايىشلىرى بىلەن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە 1980 ـ يىللاردىن بېرى تۇڭگانلارمۇ نۇرغۇن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا شىنجاڭدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان. 2004 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورك تايمىز گېزىتى خىتاينىڭ مەركىزى رايونىغا جايلاشقان خېنەن ئۆلكىسىدە خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇپ 150 كە يېقىن ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. 2009 ـ 2012 ـ يىللىرى بىر مەسچىتنىڭ چېقىۋېتىلىشى تۇڭگانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلغان. ئەمما بۇ نامايىشلارنىڭ ھېچ قايسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئەينى چاغدا ۋە كېيىنمۇ تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ بېكىتمىگەن (مەن كېيىنكى بابلاردا 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى سېلىشتۇرما قىلىپ بايان قىلىمەن).



خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇڭگان رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش سىياسىي مۇددىئاسى بار ياكى دىنىي ئەسەبىلىك تۈپەيلى كېلىپ چىققان دەپ ئېنىقلىما بەرمەسلىكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ شىنجاڭدا بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بارلىق سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇتلەق قارمۇ قارشى مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. مەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك بارىن دېھقانلىرىنىڭ نارازىلىقى كۆپ خىل ئامىللىق بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار خىتاينىڭ دېھقانچىلىق سىياسىتى، بىكتۇەن رايونلىرىنى

ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگەللىۋېلىش سىياسىتى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى قاتارلىق تۈزۈملىرىگە نارازى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئامىللارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئۇلارنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگەننى ئېتىراپ قىلمىغان. ئۇلار ئەكسىچە بۇنى ئاز ساندىكى ئاشقۇن كۈچلەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئېلىپ بارغان دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. 1990 - يىلى ماي ئېيىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇپ چىقىش خىيالى ئەڭ چوڭ خەۋپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

## بارىن ۋەقەسىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس

بارىن ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، مەزكۇر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەر داۋاملىق سىر بولۇپ كەلمەكتە. شۇنداقتىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەقەگە قايتۇرغان ئىنكاسىدا قىلچىمۇ دىلغۇللۇق بولمىغان. خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئىسلام تېرورىزمى دەپ بېكىتمىگەن بولسىمۇ، ۋەقەدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتنى قايتىدىن چىڭىتىۋېتىشىدى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەقەنى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ قارايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى شۇندىن كېيىنكى ئايلاردا ھۆكۈمەت «قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر»گە زەربە بېرىپ، مەسچىت قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ، دىنىي مەكتەپلەرنى تاقىتىپ، دىنىي زاتلار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتكەن. دىنىي زاتلارنى سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلغان 250 مىڭ دىنىي زات ئارىسىدىن 10% كىشىنىڭ دىنىي زاتلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان. ھۆكۈمەت 8000 كادىرنى يېزا - قىشلاقلارغا چۈشۈرۈپ «چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، سىياسىي ئورگانلارنى كۈچەيتكەن». بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسلىق فونكسىيەسى يەرلىك خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئىسلاھات قىلىپ، سىياسىي ئىدىئولوگىيەنى كۈچەيتىشنى مەركەز قىلغان.

112

1990 ـ يىلى 16 ـ سىنتەبىر كۈنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار چوقۇم كوممۇنىست پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى كېرەك دەپ تەلەپ قويۇلغان. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى خەۋىرىدە دىنىي زاتلار چوقۇم ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنغان «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئورگانلار» تەرىپىدىن تارقىتىلغان كىنىشكە ئېلىشى كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ يەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى تەرىپىدىن ھەر يىلى تەكشۈرۈلىدىغانلىقى، ئەگەر ئۆلچەمگە يەتمىسە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان جايلارنىڭ سىرتىدا دىن ئۆگىنىش ۋە دىنىي ماتېرىياللارنى تارقىتىشنى مەنئى قىلغان (يەنى بۇ شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ۋە باشقا شەخسىي سورۇنلاردا يۇقىرىقىلارنى قىلىشقا بولمايدۇ دېگەنلىك). يىغىپ ئېيتقاندا ئىسلامغا ئائىت ھەر قانداق بىر ساھەدە ھۆكۈمەت ئارىلاشمىغانلىرى قالمىغان ئىدى. گەرچە ھۆكۈمەتنى دىنىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بۇ سىياسەتلەرنىڭ بەزىلىرى خىتايدىكى باشقا دىنلارغىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلانغان بولسىمۇ، بۇنداق بولۇشى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر تەسەللى ئېلىپ كەلمىگەن. ئىككىنچى يىلى شىنجاڭنىڭ خىتاي سېكرىتارى ۋاڭ لېچۈەن دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى ئوچۇق باياق قىلغان. ئۇ: «شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت» دېگەن.

113

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنىلا كونترول ئاستىغا ئېلىش بىلەن توختاپ قالمىغان. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 68 ياشقا كىرگەن تارىخشۇناسى تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابى ئۈچۈن ئۆيىدە نەزەربەنت قىلىنغان. گەرچە مەزكۇر كىتاب 1989 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بارىن ۋەقەسىدىن كېيىنكى سىياسىي مۇھىتتا مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» ۋە «بۆلگۈنچىلىك»نى تەرغىب قىلغان دەپ ئەيىبلەنگەن. ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق دېيىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس، چۈنكى تۇرغۇن ئالماس تارىم

ۋادىسىدىن قېزىلغان ئىككى مىڭ يىلدىن ئالتە مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانغا تەۋە ئاق تەنلىك ئىرقىغا تەۋە مۇمىيا ئايلانغان قەدىمى جەسەتلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ھەتتا يەھۇدىيلارمۇ 2000 يىلدىن كېيىن دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن، ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دېگەن. بۇ خىل قاراشنى توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى تەكلىماكاندىن قېزىلغان بۇ قەدىمى جەسەتلەرنىڭ خىتاي ئەمەسلىكى ئېنىق، ئەمما ئۇلارنى قانداقتۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دېيىشمۇ توغرا ئەمەس. قەدىمى توقۇلما رەختلەر مۇتەخەسسىسى ئېلىزابېت باربېرنىڭ خۇلاسىسىگە ئاساسلانغاندا تۈرك ۋە موڭغۇل تىپىدىكى ئىرقلارنىڭ بۇ رايوندا پەيدا بولۇشى ئاز دېگەندىمۇ يۇقىرىقى جەسەتلەر ياشىغان زاماندىن مىڭ يىل كېيىنگە توغرا كېلىدىكەن. يۇقىرىقى جەسەتلەر بەلكىم مەركىزى ياۋروپادىن كەلگەن كۆچمەنلەر بولسا كېرەك. تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ قەۋرىلەردىن شامان دىنىنىڭ ئىزنالىرى بايقالدى، ئۇيغۇرلارمۇ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، شۇڭا بۇ جەسەتلەرمۇ ئۇيغۇر دېگەن مەنتىقىسى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.



ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى زىيالىلار ۋە كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابلىرىنى تەنقىد قىلدۇرغان. 1991 - يىلى ئىيۇل ئېيىدىن ئۆكتەبىرگىچە شىنجاڭ گېزىتى تۆت پارچە باش ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرغۇن ئالماسنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ كىتابىنى يوققا چىقارغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماقالىدە ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئىچىدىكى 100 خاتالىق كۆرسىتىلىپ تەنقىد قىلىنغان. ئۇنىڭ كىتابى مەنئى قىلىنىپ، سېتىلغانلىرى يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، ئەمما ھۆكۈمەت قاتتىق تۇتقانسىرى ئۇنىڭ كىتابىنىڭ تەسىرى ئېشىپ ماڭغان. شۇندىن كېيىنكى 10 يىل مابەينىدە تۇرغۇن ئالماس تاكى 2001 - يىلى ۋاپات قىلغانغا قەدەر نەزەربەنت ئىچىدە ئۆتكەن.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى كىتابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت بىر يۈرۈش كىتابلارنى چىقىرىپ، شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى

قسمى دېگەن ئۇقۇمنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ كىتابلار ئاساسەن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق بۇ خىل قاراشنى ئومۇملاشتۇرغان. ئۇيغۇرچە باسما ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىغا بولغان نازارەت كۈچەيتىلىپ، نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ۋە مۇھەررىرلىرى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن.

شۇندىن بېرى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دىنىي ئەركىنلىكنى بوغۇش، تۇرغۇن ئالماسنى تەنقىد قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ھەرىكەتلەر ھۆكۈمەتنىڭ بارىن ۋەقەسىگە قايتۇرغان ئىنكاسى ھېسابلىناتتى. شۈبھىسىزكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا بەزىلەر بارىن ۋەقەسىگە 1080 - يىللارنىڭ بېشىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ۋە مىللىي سىياسىتىدىكى ئەركىنلىك سەۋەب بولغان دەيدىغانلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. ئەمما 1989 - يىلىدىكى تيەن ئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن بولسا خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتىدە چېكىنىش يۈز بېرىپ، خىتايدا سىياسى مۇھىتنىڭ قايتىدىن جىددىيلىشىپ ماڭغانلىقىنى ئېنىقلىماي چىقارماسلىقىمىز كېرەك. 1989 - يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت مائارىپ ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى مۇقىملىق ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپ مىقداردا ئاشۇرغان، بولۇپمۇ قوراللىق ساقچى قوشۇنلىرىغا سېلىنغان مەبلەغنى ئالاھىدە ئارتتۇرغان. خىتاينىڭ سىياسى مۇھىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتىگە قولايلىق يارىتىپ بەردىمۇ ياكى ئۇلارنى تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشكە رىغبەتلەندۈردىمۇ دېگەن مەسىلىنىڭ جاۋابى ھېلىھەم تازا ئېنىق ئەمەس.

## شىنجاڭدا دىنىي ئەسەبىيلىك راسلا مەۋجۇتمۇ؟

سىياسى مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل نارازىلىقلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى قاتارلىق رىئاللىقلارنىڭ ھەممىسىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ راستىنلا قىسمەن تەھدىتكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈردى. چۈنكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا «دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى تۈپەيلى»، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى قوللايدىغانلارنىڭ سانى ئېشىپ بارغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار قانچىلىك دېگەن سوئالنىڭ جاۋابسىز قېلىشى، بۆلگۈنگە قەدەر شىنجاڭدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ئارىسىدىكى ئېنىقسىز قالغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى بەلكىم مەڭگۇ ئېنىقلانماي قېلىشى مۇمكىن. خىتايدا بۇ تېمىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سەزگۈر تېما دەپ قارىلىپ كەلگەن بولۇپ، 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىتايغا ئىنتېرنېت تورى كىرگەندىن بىرى تور بەتلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلار، مەتبۇئاتلار ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ ھەقتە ئوچۇق - ئاشكارا مۇزاكىرە قىلىش قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار بۇ مەسىلىگە بولغان راس قاراشلىرىنى يېپىق سورۇنلاردا بايان قىلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈمەتنى ياقتۇرمايدىغان، مۇستەقىللىق خالايدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى.

ئەمما قىسمەن شەخسلەرنىڭ كۆز قارىشى، ياكى بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ قارىشىغا ئاساسلىنىپلا ئۇيغۇرلار مۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن دەپ خەۋەر بېرىدىغان بولساق ئۇ چاغدا رېئاللىق بىلەن خەۋەر ئارىسىدا چوڭ بوشلۇق قالىدۇ. غەرب مەتبۇئاتلىرى بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە خەۋەر بەرگەندە شىنجاڭدىكى ئارامسىزلىقلارغا قاتناشقۇچىلار بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئالاقە قىلماستىن، بىپەرۋالىق بىلەن «مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» ياكى «بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ خەۋەر بېرىپ كەلمەكتە. ئۇلار دائىم يەرلىك خەلقنىڭ خىتايلارنى ياقتۇرماي قىلغان سۆز - ئىبارىلىرىنى مۇستەقىللىق تەرەپدارى بولغانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنداق قاراش ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا دېگەنلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە خالايدىغانلىرى ئارىسىدىكى چوڭ پەرقنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. 2001 - يىلى مەن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا بارغىنىمدا، مەن قاتناشقان ھەر قانداق بىر سورۇندا ئورغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھە دېسىلا خىتايلارنى كەمسىتىدىغان پاراڭلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئىدىم (ئۇلار خىتايلارنى سەت، ئاجىز، قورقۇنچاق دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى). ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ

116

www.uyghurkitap.com

كۆپ قىسمىنىڭ مېنى ئاڭلىسۇن دەپ قەستەن قىلىنغان پاراڭلار ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بايقىدىم. شىنجاڭدا تۇرغان بىر يىل مابەينىدە بۇ خىل پاراڭلارنى قىلغۇچىلارنىڭ گېپىگە ئاساسلىنىپلا ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكنى قوللايدىغان ياكى قوللىمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگىلى بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

نىيۇ يۇرك تايمىز گېزىتىنىڭ مۇخبىرى نىكولاس كىرىستوففا ئوخشاش شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇخبىرلار ھەققەتەن كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ 1993 - يىلى شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

*شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ئامېرىكا قاتارلىق دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىرقىي مەسىلىگە ئوخشاش مەسىلىمۇ ياكى خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالىدىغان ھەرىكەتمۇ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. بىز ئۇ يەردىكى ئاممىۋى كۆز قاراش ھەققىدە ئاساسەن ھېچ نېمە بىلمەيمىز، شۇڭا زادى كۆپ ساندىكى ئامما مۇستەقىللىق خالامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىگىمۇ كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمىز.*

يېقىندا، يەنى 2013 - يىلى ۋاشىنگتون پوشتىسى گېزىتىدە بېسىلغان بىر پارچە ئاخباراتتا «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار زادى نېمە خالايدۇ؟» دېگەن قاملاشمىغان سوئالغا ئۆزلىرى سەزگۈرلۈك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ «سەمىمىيەتلىك بىلەن بۇ مەسىلىگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارىشى ئوخشاش دېيىشكە بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تەلىپى ۋە ئۈمىدى پەرقلىق كېلىدۇ، بەزىلىرى باراۋەرلىك تەلەپ قىلسا، بەزىلىرى خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دەپ يازغان.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللايدىغان ياكى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز قالغان بولساق، ئۇنداقتا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى رولىنى قانداق قاراش كېرەك؟ چۈنكى شىنجاڭدا بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە قاراشلىرى تۇڭگانلارنىڭكىگە قارىغاندا

بەكرەك نازارەتكە ئۇچرايدۇ. بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن (بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن) ئىسلام دىنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھالقىلىق رول ئوينايدىغان بولۇپ قالغان، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك ئۇقۇمى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرگە بولغان ئېنىقلىمىرى ئاساسەن ئىسلام دىنىنى مەركەز قىلىدىغان بولۇپ قالغان (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى 4 - باپتىن كۆرۈڭ.)

شۇنداقتىمۇ بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى «ئىسلام دىنىنىڭ ئەسەبىي كۈچلىرى بولغان» شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ئابدۇل رەقىب تۇنىيازنىڭ گېپى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا:

*دىنىي ئەسەبىلىك دىنىي مەسىلە ئەمەس، سىياسىي مەسىلە. شىنجاڭ كۆپ مىللەت ۋە ھەر خىل دىن ئېتىقادچىلىرى جەملىشىپ ياشايدىغان چېگرا رايون بولغاچ، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر دىنىي ۋە مىللىي مەسىلىلەرگە چېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا تېرروررىستلار ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر، سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دىنىي ئەسەبىلىكتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى يۇيۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ.*

خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە «دىنىي ئەسەبىلىك» دېگەن ئۇقۇمغا ئوچۇق ئېنىقلىما بەرمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىن تارقالغان كونسېرۋاتىپ ۋاھابى مەزھىبىنى كۆرسىتىدىغانلىقنى ئىما قىلغان. خىتاينىڭ ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان «چاينا دەيلى» دېگەن گېزىتىنىڭ 2014 - يىلى ئاپرىلدىكى بىر سانىدا شىنجاڭدىكى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ «تېرروررچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئەسەبىيلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان سىن ئالغۇلارنى كۆرگەن، بەزىلىرى ھۇجۇم قىلغاندا ئەسەبى شوئارلارنى توۋلىغان. ئۇلار ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىپ ئەقلىي - ھوشىدىن ئازغان» دېگەن. مەزكۇر ماقالىدا يەنە شىنجاڭنىڭ باش ئۇيغۇر ئەمەلدارى نۇر بەكرىنىڭ سۆزىمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇ: «دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئاممىنى تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش، گېزىت ئوقۇش، ھەتتا توي - تۆكۈنلەردە كۈلكە - چاخچاق، ئۆلۈم - يىتىملەردە ھازا تۇتۇپ يىغلاشتىن توسقان» دېگەن.

شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەينى چاغدا ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرىئەت قانۇنىنى تۇرغۇزۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن مەزكۇر رايوندا دىنىي ئەسەبىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئەزەلدىن يوقلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[1]. ئەمما 1980 - يىللاردىن بىرى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋاھابىزمنىڭ تەسىرى مەلۇم دائىرىدە تارقىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى كونسېرۋاتىپ كىيىم كىيىپ ئورىنىۋالىدىغان ئاياللارنىڭ كۆپىيىشى، ئەرەپ تىلى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، جۈمە نامىزىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ مېڭىشى قاتارلىق ئامىللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى پاكىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كېلىشى، دىنىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىستانغا تىجارەت ۋە دىنىي تەلىمات ئېلىش ئۈچۈن مەدرىسەلەردە ئوقۇشى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىنىي قاراشلاردا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ۋاھابىزمنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە باشلاپ بارغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى دىنىي ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل دىنىي قاراشلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە يەرلىك خەلق ئارىسىدىمۇ قىسمەن قارشىلىقلار بولغان. مەسىلەن، 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇلھەمىد دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قىسمەن دىنىي قائىدىلىرىنى (يەنى ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ تەسىرىنى) ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتى گەرچە قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ «ۋاھابىزمچى» دەپ ئەيىپلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىلگىرى سۈرگەن دىنىي ئەقىدە شەخسلەر ئارىسىدا باراۋەرلىكنى تەرغىب قىلغاچ، ياشلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئابدۇلھەمىدنى 1997 - يىلى ئىماملىق ۋەزىپىسىدىن



[1] ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا شەرىئەت قانۇنى تۇرغۇزماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق رىۋايەت يوق. ياقۇپبەك شەرقىي تۈركىستاندا قىرغىنچىلىق بىلەنلا بولۇپ، دۆلەت قۇرۇپ، قانۇن تۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن - تەھرىردىن.

ئېلىپ تاشلىشى بەلكىم ئۇنىڭغا قارشى موللىلارنىڭ ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەلىپى بويىچە بولغان بولسا كېرەك.

گەرچە 1980 ـ يىللاردا قىسمەن «دىنىي ئەسەبىلىك» قاراشلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن بولسىمۇ، دىنىي ئەسەبىلىك بارىن ۋەقەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭلىرىغا سەۋەبچى بولغان ئەمەس. گەرچە قىسمەن نارازىلىق ھەرىكەتلىرىدە دىنىي مەزمۇندىكى ئېلېمېنتلار بولسىمۇ، يەنى دىنىي شوئارلارنى توۋلاش، دىنىي بايراقلارنى كۆتۈرۈش، دىنىي ئادالەت ئۇقۇمىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگەندەك مەزمۇنلار بولسىمۇ، ئەمما تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل نارازىلىق ھەرىكەتلىرىگە سەۋەب بولغان ئامىللار كۆپ خىل بولۇشى مۇمكىن. خۇددى گاردنېر بوۋىنگدۇن دېگەندەك «ئۇيغۇرلار ھەمىشە دىنىي قاراشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن ياكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرىشىنى باشقا كەڭ مىقياستىكى باستۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە قىلىپ كەلگەن».

يەنى بارىن ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگە نامايىشچىلارنىڭ دىنىي قارشى سەۋەب بولغان (مەيلى دىنىي ئەسەبىلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن) دەپ قاراشنىڭ ئۆزى، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىدە خىتايلاردىن پەرقلىق بولغان باشقا ئامىللىرىدىن تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، تارىخي كەچمىش قاتارلىق تەپسىلاتلارغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ (غەرب مەتبۇئاتلىرى ھەمىشە بۇ ئامىللارغا سەل قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىلا بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ خەۋەر قىلىدۇ). يەنى بارىندىكى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز دېھقانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە نارازى بولۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، مەھەللىدىكى بىر مەسچىتنىڭ تاقىلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپ، ئاخىرىدا نامايىش قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولۇشى مۇمكىن.



1980 ـ يىللاردا شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن نامايىشلارنىڭ ھەممىسىنى دىن بىلەن باغلاشتا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى تەرغىپ قىلغان زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان سەكۇلارچىلار ئىدى. خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك مىللىي مەدەنىيەتمۇ خۇددى دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا نارازىلىق

ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. 1980 ـ يىللاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتمۇقات بېسىم ۋە ئادالەتسىزلىكلىرىگە كۆرسەتكەن نارازىلىقلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىپادىلىنىش شەكىللىرى دەپ قارىسا بولىدۇ.

1990 ـ يىللاردىكى نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقلاردىمۇ قىسمەن مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. يەنى باي ۋە نامراتلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كەتكەن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدىكى ئادالەتسىزلىكلەر تۈپەيلى نامراتلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەكرەك روشەن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، بەزى ئۇيغۇرلاردا مىللىي كىملىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كەڭرى ئاپتونومىيەگە ئېرىشىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادالەتسىزلىككە قارشى ئاڭنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بوشقا چىقىشى سەۋەبى تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسايىن يامانلىشىپ مېڭىشقا باشلىغان.

# 4

# 1990 - يىللاردىكى قاتتىق زەربە بېرىش



1993 - يىلى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا10 مىڭدىن ئارتۇق توپىلاڭچى «يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىغا ۋە مەكتەپ بىناسىغا بېسىپ كىرىپ، كادىرلارنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلغان» دەپ خەۋەر قىلىندۇ. ساقچىلار توپىلاڭچىلارغا كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان بومبا بىلەن تاقابىل تۇرغاندا بەزى ساقچىلار گۆرۆگە ئېلىنغان. توپىلاڭچىلار يەنە ساقچى ماشىنىلىرىغا ئوت قويۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن دەپ خەۋەر بېرىلگەن.

بۇ خىل مەنزىرە 1989 - يىلى ئۆرۈمچىدە، 1990 - يىلى بارىندا يۈز بەرگەن توپىلاڭلاردىكى مەنزىرىلەردىن پەرقلەنمەيتتى. ئەمما بۇ قېتىمقى توپىلاڭ شىنجاڭدا ئەمەس، بەلكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ رېن شۇ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، توپىلاڭچىلار ئۇيغۇر ئەمەس، خىتاي دېھقانلىرى ئىدى. ئۇلار دېھقانلارغا يۈكلەنگەن باج - سېلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن نارازى بولۇپ نامايىش قىلغان بولۇپ، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلاردىن ئالىدىغان بېجى5% ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك دېگەن بەلگىلىمىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بېجى بەزىدە 17.5% گە يەتكەن. بىر نامايىش ئىشتىراكچىسى بۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ: «كادىرلار ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى خىيانەت قىلىپ يېۋالسا بىز ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلدۇق، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار بىزنىڭ پۇلىمىزنى خىيانەت قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلىپ تۇرالايمىز؟!»

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ئۇلارنىڭ مەيدانىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى توپىلاڭدىمۇ ئوخشاشلا كادىرلارغا تاش - كېسەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىنىپ، مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت پەقەت بىر قانچە كىشىنىلا ماددى زىيان كەلتۈردى دەپ قولغا ئالغان. بۇ قېتىمقى ماجىرا ئاخىرىدا مۇئاۋىن ھاكىم دېھقانلارنىڭ ئارتۇق يىغىۋېلىنغان باجلىرىنى ئۆسۈمىنى قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىشكە بويرۇش بىلەن ھەل قىلىنغان.

رىن شۇ ناھىيىسى ھېچ قانداق ئالاھىدىلىكى يوق دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان نامرات بىر رايون بولۇپ، خىتاي دېھقانلىرىمۇ خۇددى ئۇيغۇرلارنى نارازى قىلغانغا ئوخشاشلا يەرلىك مەسىلىلەرگە نارازى بولغان. باج - سېلىقنىڭ كۆپلىكى، پىلانلىق ئاشلىق ئۆستۈرۈش مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ياش ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى دېگەندەك مەسىلىلەردىن كېلىپ چىققان زىددىيەت. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەمگەك كۈچلىرى شەھەرلەردە پۇل تېپىشقا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمەي قالغان. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا خۇددى 1989 - يىلى تۇڭگانلارنىڭ نامايىشقا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندەك پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىدىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىغا قاتتىق قوللۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى تۈركۈملەپ قولغا ئېلىپ، زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرىنىڭ سەۋەب بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ خىل ئاممىۋى نامايىشلارنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشكە باغلىق ئىستراتېگىيەلىك مەسىلە ئىدى. 1985 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت دۆلەت ئىچى ۋە

تېشىدىكى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورچىلاردىن كېلىدۇ دېگەن پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شۇندىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق بىر نارازىلىق ھەرىكىتىنى مۇشۇ تاياق بىلەن ھەيدەيدىغان بولغان. شۇندىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرسىلا بىردەك «بۆلگۈنچىلىك» ياكى «تېررورلۇق» ھەرىكىتى دەيدىغان بولىۋالغان. گەرچە بۇنداق ئېھتىماللىقلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى نېمە ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى نامايىش ۋە نارازىلىق ھەرىكەتلىرىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغاندۇ؟ چۈنكى قارىماققا شىنجاڭدىكى بەزى ئاممىۋى نارازىلىقلارنىڭ خارەكتېرى ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكەتلىرىگە تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ چېگرا رايوندا ئۇزۇن مەزگىل مۇقىمسىزلىق بولسا تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇ ئارامسىزلىقتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ۋەيرانچىلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى 1960 - يىلى خىتاي بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندا بۇ خىل ئېھتىماللىق راسلا كۈچلۈك بولغان، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن خىتاينىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت سالىدىغان ئامىللارمۇ يوقالغان. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى 1990 - يىللاردىن كېيىن خىتاينىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ، يەنى خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەربىي بازىسىمۇ شىنجاڭدا ئەمەس، بەلكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان سىياسىتىگە بەلكىم ئىدىئولوگىيەلىك سەۋەبلەر تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1949 - يىلدىن تارتىپلا خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ دەپ داۋراڭ سېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل شوئارنى 2009 - يىلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئاقتاشلىق قەغىزى»دە مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن:

*1949 ـ يىلىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھات سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ، ئومۇمىي قۇدرىتى ئاشقان. بۇنىڭدىن يەرلىك خەلق كۆزگە كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە مەنپەئەتلەنگەن. دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، دۆلەت شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دۆلەت چېگرا رايونلاردىكى بارلىق ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق سىياسەتنى يولغا قويدى.*



بۇ خىل تەشۋىقاتلار ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەرگەن بىر ۋەدە بولۇپ، خىتاي بولمىغان يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەمىشە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىتايلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان دەپ جار سېلىپ كەلگەن. خىتاي ئاساسى قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنىڭ ماددىلىرىغا ئاساسلانغاندا ھۆكۈمەت يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. چۈنكى ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، خىتايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان بۇ رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنىي ئاساسى قالمايتتى.

1990 ـ يىللارغا كەلگەندە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يۆتكەشكە باشلىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغان. تارىم ئويمانلىقىدىن نېفىت بايلىقى بايقالغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلانىدا شىنجاڭغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلغان. خىتاينىڭ

دۆلەت ئىگىلىدىكى خىتاي دۆلەتلىك نېفىت قېدىرىش شىركىتى قارىماي ۋە كورلا رايونلىرىدا نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 10 مىڭ ئىشچى ئەۋەتىپ، تاش يول ۋە تۆمۈر يوللارنى ياساپ، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم بىر قاتناش لىنىيەسىنى پۈتتۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ نېفىت بازىلىرى كۆپلەپ نېفىت چىقىرىپ، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما نېفىت شىركەتلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچ، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتى يەرلىك مالىيەگە ئەمەس، بەلكى مەركىزى هۆكۈمەتنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى يەنە بىر ئىقتىسادىي تۈگۈن هېسابلىنىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىمۇ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ماڭغان.

خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەخسىي تىجارەتنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان سودا تۇسۇقلىرىنى بىكار قىلىۋېتىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىقتىسادىي مۇهىت يارىتىپ بەرگەن. 1992 - يىلى خىتاي هۆكۈمىتى «شىنجاڭدا ئىستراتېگىيەلىك چېگرا ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىپ، توسۇقلار ئېلىۋېتىلىدۇ» دەپ چاقىرىق قىلغان. كوچىلارغا ئېسىلغان لوزىنكىلاردا «تاشقى دۇنيا شىنجاڭنى چۈشەنسۇن، شىنجاڭ تاشقى دۇنيانى چۈشەنسۇن» دېگەن شوئارلار يېزىلغان. بۇ قېتىمقى سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسەن يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن تىجارەت، ساياهەتچىلىك ۋە بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ كارخانا ئېچىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزلىگەن.



دەسلىپىدە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى ئالاهىدە ياخشى بولغان. 1992 - يىلى چېگرا تىجارەت سوممىسى 220 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىسىدىن 350% ئاشقان. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت يېقىنچىلىقى بولغاچ، نۇرغۇن ئۇيغۇر بۇ تىجارەتلەردە ئارىچى بولۇپ مەنپەئەتلەنگەن. گەرچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىچكىرىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرا ئاسىيالىق تىجارەتچىلەر بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىشقا باشلاپ، ئۇيغۇرلارنى سىقىپ چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما

بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىيىپ، شەھەرلەردە ئۇيغۇر ئوتتۇرا قاتلام سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. يەنى ئۇيغۇرلاردىن رابىيە قادىرغا ئوخشاش مىليونېرلار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ ئەينى چاغدا خىتايدىكى ئەڭ پۇلدار بايلاردىن بولۇپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېگرىنىڭ ئېچىلىشى ئۇيغۇرلارغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، تىجارەت شېرىكلىرى ۋە دوست - يارەنلىرى بىلەن قايتىدىن ئالاقىلىشىش شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن. شۈبھىسىزكى بۇ خىل ئالاقىلارنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۇيغۇرلاردا بۆلەك ئاپتونومىيە ياكى مۇستەقىل «ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش ئىستىكىمۇ ئەۋجىگە چىققان. نەتىجىدە، 1990 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەشكىلاتلار بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەن. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي ئىدىئولوگىيەدىن خالىي، سېكۇلار تەشكىلاتلار ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى دېگەندەك ئاز ساندىكى تەشكىلاتلار خىتايغا قارشى قوراللىق تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن نامايىش ۋە نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتلار بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار يوق. بۇ مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللاپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان.

ئەمما شىنجاڭدىكى قاتناش تىرانسپورت قاتارلىق ئاساسى قۇرۇلۇش ساھەلىرىدىكى تەرەققىياتلارغا سېلىنغان مەبلەغلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساسەن ھېچ قانداق مەبلەت سېلىنمىغان. پىلانلىق ئاشلىق تېرىش تۈزۈمى يەنىلا داۋاملىشىپ، دېھقانلار پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن ھېچ قانداق پايدىغا ئېرىشەلمىسىمۇ، داۋاملىق مۇشۇنداق زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلانغان. نۇرغۇن دېھقانلاردا يېتەرلىك يەر بولمىغاچ ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەن. شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىرى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىشقا

مەجبۇرلانغان. ئۇندىن باشقا دېھقانلار ھەر يىلى مەجبۇرى ھاشارغا سېلىنىپ، ئاتالمىش كوللېكتىپ ئىشلىرى دەپ ئاتالغان ئۆستەڭ قېزىش ۋە يول ياساش ئىشلىرىغان سېلىنغان. ئون نەچچە يىل قازاقىستاندا ياشاپ شىنجاڭغا قايتىپ بارغان ئۇيغۇرلار سىئەن روبېرتسون ئىشلىگەن «ئۇيغۇرىستاننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈش» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمدا شىنجاڭنىڭ بەكلا نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن (بۇ فىلىم 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا رايونلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قالغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ).

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ كۆنى ياخشى بولمىسىمۇ، 1990 ـ يىللاردا سىنچۇەننىڭ رىن شۇ رايونىغا ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇشلار يۈز بەرمىگەن. بۇ ھەرگىزمۇ قەشقەر خەلقىنىڭ نارازىلىقىنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بارىن ۋەقەسىدىن كېيىنكى كۈچەيتىلگەن نازارەت تۈزۈمى كەڭ كۆلەملىك نامايىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما خۇددى ئىچكىرىدىكى خىتاي دېھقانلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ «ئاجىزلارنىڭ قورالى» دەپ ئاتالغان باشقا پاسسىپ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز قارشىلىقىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، ساختا ئىشلەپچىقىرىش ستاتىستىكىلىرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، ئىشنى ئالدىرىماي قىلىش، يەرلىك ئەمەلدارغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان. 1885 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر يېزىنىڭ دېھقانلىرىغا ھۆكۈمەت مەلۇم مىقداردا يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى بەرگەن بولۇپ، يىپەك قۇرۇتى بېقىش ئەمگەك كۈچىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك بولۇشىغا قارىماي، دېھقانلارغا بۇ ساھەدە يېتەرلىك بىلىممۇ بېرىلمىگەن. نەتىجىدە دېھقانلار قەستەن ئىشنى بۇزۇپ، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاچ، ئىككىنچى يىلى ھۆكۈمەت ئۇلارنى قايتا يىپەك قۇرۇتى بېقىشاق سالمىغان.

بىر سىياسەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ ئەمىلىلىشىش دەرىجىسىگە باغلىق. 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئالاھىدە ياخشى بولغان. مەسىلەن، قۇمۇللۇق دېھقانلار نېمە تېرىشنى خالىسا شۇنى

تىرىپ، قانچىلىك تىرىغۇسى كەلسە شۇنچىلىك تىرىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ھاشارغا چىقىدىغان ۋاقتىمۇ ھەر يىلى 3 ـ 5 كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەن. گەرچە شەرقىي شىنجاڭدا سىياسەتنىڭ بۇ خىل پەرقلىق بولۇشىغا ھۆكۈمەت چۈشەنچە بەرمىگەن بولسىمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن مەدەنىيەت (گايدا ھەربى جەھەتتە) يېقىن بولۇپ كەلگەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار موڭغۇللىرىنى باستۇرغاندا قۇمۇل ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئەسكەر بەرگەن،17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل ئۆز مەيلى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان (بۇ تارىخىي ۋەقەنى بۈگۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتىگە بولغان ساداقىتىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە خاتىرىلەپ قۇتلۇقلاپ كەلمەكتە.) ئەڭ مۇھىم بولغىنى جەنۇبى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا قۇمۇلدا خىتايلارنىڭ سانى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلاردىن كۆپ بولغان بولۇپ، بۇ يەردە خىتايچە سۆزلىيەلەيدىغان ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوخشاش بىر سىياسەتنى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا پەرقلىق ئىجرا قىلىشىمۇ بەلكىم قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىگە سىڭىشىپ كېتىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا بېرىلگەن مۇكاپات دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى جەنۇبى شىنجاڭغا ئوخشاش سەزگۈر ئەمەس، چۈنكى قۇمۇل رايونىنىڭ چەت ئەل بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرىسى يوق.

شۇنىسى ئېنىقكى شەرقىي شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جەنۇبى شىنجاڭغا قارىغاندا باي ۋە تىنچ رايون ھېسابلىناتتى. «ئىشكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بىرى تۇرپان رايونىدا چوڭ كۆلەملىك توقۇنۇشلار بولۇپ باقمىغان. تۇرپان دېھقانلىرى ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلەردىن كەلگەن ئىقتىسادىي كىرىمى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق ۋە پاختا قاتارلىق زىرائەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان جەنۇبى شىنجاڭ دېھقانلىرىغا قارىغاندا كۆڭلى ياخشى ئىدى. 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادى ئالاھىدە ياخشى بولغان، نۇرغۇن ئاققۇن خىتايلار بۇ رايونغا كېلىپ، ئۆستەڭ قېزىش، ئاياغ ياماش ۋە قۇرۇلۇش سېلىش قاتارلىق تۆۋەن قىممەتلىك ئىشلارنى قىلغان.

بۇلار خىتايدا «ئاقما نوپۇس» دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئۇلار شەھەرلەرگە كىرىپ پۇل تېپىپ جان بېقىش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئەمما شەھەر نوپۇسى بولمىغاچ مائارىپ، ساغلاملىق سىستېمىلىرىدىن پايدىلىنالمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار باشقا كۆچمەن خىتايلاردىن پەرقلىق بولغاچ، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى نىسبەتەن ياخشى ئىدى. قىسمەن خىتايلار ئۇيغۇر تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، توي - تۆكۈنلەرنى ھالال رىستورانلاردا ئۆتكۈزگەن. مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ خىل ئىناقلىقلار بولغاچ، تۇرپان يەرلىك ھۆكۈمىتى مەزكۇر رايونغا بولغان كونتروللۇقنى ئانچە چىڭ تۇتۇپ كەتمىگەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدىكى 5 - ئىيۇل ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى ھەربىي كونتروللۇق ئەۋجىگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما تۇرپان رايونىدا پاترۇل قىلىدىغان ساقچى ۋە ھەربىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي پەرقلەرنى نەزەرگە ئېلىپ ئانالىز قىلىدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى مائارىپ ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتلىرىگە ئوخشاش دۆلەت سىياسەتلىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما بەزىدە رايونلار ئارىسىدا پەرقلىق مۇئامىلە پەرقلىق نەتىجىگە باشلاپ بارىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنىمۇ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بىرى قەشقەر قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن دىنىي سىياسەت ئۈرۈمچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قاتتىق بولغان.

130

# تۆمۈر تاۋاقنىڭ چېقىلىشى

1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىككى قۇتۇپلىشىش ۋە نامراتلىق، تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى پەرقلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى پەرقلەرنى ئاساس قىلغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

شەرقىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرگە مەركەزلەشكەن كارخانىلارنىڭ رونىاق تېپىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي مىقياسىدا شەھەر بىلەن يېزا ئىقتىسادىدىكى پەرق كۆنسايىن ئېشىپ ماڭغان. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزىلىقلارنىڭ يىللىق كىرىمى شەھەرلىكلەرنىڭ كىرىمىنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىغا تەڭ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا بولسا يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق خىتاي رايونلىرىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان غەربىي جەنۇبىي شىنجاڭدا پەرق تېخىمۇ چوڭ بولغان. شىنجاڭدىكى 20 نامرات ناھىيەدىكى 13 ناھىيىنىڭ نوپۇسىنىڭ 90%نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى قەشقەردىكىلەرنىڭ كىسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈش نىسبىتى قارىماي شەھىرىنىڭكىدىن ئالتە ھەسسە ئۈستۈن ئىدى (قارىماي شەھىرى بولسا نوپۇسى خىتايلارنى ئاساس قىلغان، نېفىتتىن كەلگەن پۇلغا چۆللۈكتە بەرپا قىلىنغان بىر شەھەر).



شەھەر ۋە يېزا ئارىسىدىكى بۇ خىل ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىككە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شەھەرلەشتۈرۈش قورۇلۇشىنى تېزلىتىشى سەۋەب بولغان (بۇ خىل يۆنىلىش ھېلىمۇ داۋاملاشماقتا، بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەت شەھەرلىشىش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا ئىقتىسادىي ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ). ئەمما شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇپ، ھۆكۈمەت سالغان مەبلەغ ئاساسەن شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خىتايلار شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيتتى. نەتىجىدە شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ شەھەرلىشىش نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ سەۋىيەگە يېتەلمىگەن. شۈبھىسىزكى بۇ خىل ھالەت خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەھەر نوپۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يېزا نوپۇسىنىڭ ئىقتىسادىي پەرقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق ۋە نىسبىي نامراتلىقىغا باشقا قوشۇمچە ئامىللارمۇ سەۋەب بولغان.

1990 ـ يىللاردىن باشلاپ كۆچىپىشكە باشلىغان بىڭتۇەننىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن يېڭىدىن قۇدرەت تېپىشى بىرىنچى ئامىل بولغان. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كۆچۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە قىسقىغىنا

10 يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئۈچتە بىر ھەسسە ئاشقان بولۇپ، نوپۇس كۆپىيىشى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئالاھىدە تېز بولغان. بۇ قېتىمقى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كېلىشى ئىلگىرىكى كۆچمەنلەردىن بىر قانچە پەرقى بار ئىدى. 1990 ـ يىللاردا كۆپ ساندىكى خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا چىقسا ئىككى يىل دېھقانچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىمىز دەپ ۋەدىلەرنى بېرىپ بۇ يەرگە جەلپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىرى ئۆز مەيلى بىلەن كۆچۈپ چىققان. ئىككىنچى پەرق بولسا، بىڭتۇەن جەنۇبى شىنجاڭ رايونلىرىغا كېڭىيىشكە باشلاپ جەنۇبنىڭ نازۇك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تېخىمۇ ۋەيران قىلىپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، مۇھىت چوڭ تەھدىتكە ئۇچراشقا باشلىغان، يەنى جەنۇبنىڭ ئەڭ چوڭ ئىچكى دەرياسى ھېسابلىنىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى پاختا تېرىلغۇسى ئۈچۈن قىسىپ قېلىنغانلىقى ئۈچۈن دەريا سۈيى قۇرۇپ قېلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان. يەرلىك دېھقانلارنىڭ بۇ سىياسەتلەرگە نارازى بولغىنىغا قارىماي ھۆكۈمەت تېخىمۇ كۆپلەپ خىتاينى شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان. 1992 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى سەنشا (ئۈچ جىلغا) توسىقى رايونىدىن ئۆي ـ ماكانى سۇ ئاستىدا قالىدىغان 100 مىڭ خىتاينى قەشقەر رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى جاكارلىغان. ئەمما بۇ پىلان ئىچكى ۋە تاشقى بېسىملار تۈپەيلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

بىڭتۇەننىڭ كۈچىيىشىگە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا خاس بەزى سىياسەتلىرى يولغا قويۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان بولۇپ، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرىۋەتتىشكە بولسا سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكى سەۋەب بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە خىتاي بولمىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ نامراتلىشىشىغا سەۋەب بولغان باشقا مۇھىم ئامىللار تۈپىتىن ئېلىپ ئېيتقاندا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي سىياسەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچ، ئانچە بەك كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ. ماۋ زامانىدا خىتاي گىراژدانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۇراق جاي، خىزمەت، داۋالىنىش جەھەتلەردە ھۆكۈمەتكە تايىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل تۈزۈم تۆمۈر تاۋاق دەپ ئاتالغان. ئىدارىلەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە دۆلەت يۇقىرىقى تەمىناتلارنى ھازىرلاپ بېرەتتى. كۆپ جەھەتتىن نەزەر سالىدىغان بولساق ئىدارە، جەمئىيەت تۈزۈمى خىتاي جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئەكسى بولۇپ، مۇشۇ قۇرۇلما ئارقىلىق دۆلەتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن سىياسى تەبىقىسى ئەمەللەشتۈرۈلگەن، يەنە مەيلى مەكتەپ، دوختۇرخانا ياكى كارخانا بولسۇن، ھەممىسىدە پارتىيە سېكرېتارى ئاساسلىق سىياسى ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالغان.

گەرچە ئىقتىسادىي مۇھىتى بىرئاز ئەركىنلەشكەن 1980 ـ يىللاردا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىپىپ كېتەلمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىزمەتلەر مۇقىم كىرىمى بار، تۆمۈر تاۋاق ھېسابلىناتتى. ئەمما دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى بەكلا تۆۋەن بولۇپ، شەخسى كارخانىلار بىلەن رىقابەت قىلالمايتتى. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنى تارقىتىۋېتىمەي باشقا ئامال قالمىغان ئىدى. خىتاي ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسلانغاندا شۇندىن كېيىنكى 10 يىل مابەينىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان 21 مىليون ئىشچى ئىشتىن بوشىتىلغان. بۇ مەسىلە سەزگۈر سىياسى مەسىلە بولغاچ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىستاتىستىكىسى بەلكىم ئەمەلى سانىنى كۆپ ئاز كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ مەزگىلدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نۇرغۇن ئاممىۋى نامايىشلار يۈز بېرىپ تۇرغان. شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ بۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ بىردىن ئىشسىز بولۇپ قېلىشى خىتاي جەمئىيىتىگە كەلتۈرگەن تەسىرى ھەقىقەتەن زور بولغان. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ سانى قىسقىچە ئون يىل ئىچىدە 50% كەمەيگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا 1995 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان 600 مىڭ كىشى ئىش ئورنىدىن قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخسى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى 1996 ـ يىلىدىكى 17% دىن 2001 ـ يىلىدىكى 44% يەتكەن.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاقىلىش ۋە ئىشسىزلىقنىڭ ئېشىشى

خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ئوخشاش تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدا بولسا ئۇيغۇر قاتارلىق خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەر بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق قۇربانى بولغان، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىتىبار سىياسىتى، كارخانىلاردا مەلۇم نىسبەتتە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا خىزمەت تېپىشى نىسبەتەن ئاسانغا توختايتتى. ئەمما بۇ كارخانىلارنىڭ تاقىلىشى نۇرغۇن يەرلىك مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ئىشسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرغىچە ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە مۇقىم خىزمەت كاپالىتى بار ئىدى. بۇ خىل سىياسەتلەر نەتىجىسىدە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كىچىكلىگەن (ئەمما بۇ خىل سىياسەتنىڭ ئارقىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر قالاق، خىتايلار تەرەققىي قىلغان مىللەت، شۇڭا قالاق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىشى كېرەك دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن). ئەمما دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاقىلىشى بىلەن ئىشسىز قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ بولغان.



ئەمما شىنجاڭدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدەك ئۇزۇل - كېسىل بولمىغان. كانچىلىقنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن كارخانىلار بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدىن قوغداپ قېلىنغان. دۆلەتنىڭ بۇ كارخانىلارغا بولغان مونوپوللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ كارخانىلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، ئەمما بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىشتا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى بولمىغان. نۇرغۇن نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىڭتۇەن شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، ئىقتىسادىي نۇقتىدىن چىقىش قىلىدىغان بولساق خۇددى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كوللېكتىپ كوممۇنالارغا ئوخشاشلا، بىڭتۇەندە ئوششاق ئىقتىسادىي بىرلىكلەرگە بۆلۈشنىڭ پۇرسىتى تولۇق پىشىپ يېتىلگەن. يەنى بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى شۇنچە تۆۋەن بولۇپ 80% مەبلەغ دۆلەتتىن كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇزۇندىن بېرى بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق قىممىتى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا قوشقان

تۆھپىسىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن (ئەمما ئەكسىچە، بىڭتۇەننىڭ شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ئىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرمەسلىكى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنىڭ ئارامىلىقى ئۈچۈن سەلبى تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشكە بولىدۇ). ئەمما بىڭتۇەنمۇ ئىسلاھاتتىن تامامەن مۇستەسنا قالمىغان. 1995 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە 140 مىڭ بىڭتۇەنلىك ئىشتىن ئايرىلىپ قالغان.

بىڭتۇەن بىلەن كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ بىر ئورتاق نوقتىسى ئۇلارغا ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنى قوبۇل قىلىش شەرتى قويۇلمىغان. بىڭتۇەن نوپۇسىنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 90% خىتاي ئىدى. ھەتتا ھەر يىلى پاختا تېرىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان 600 مىڭ ئىشچىنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياللاپ كېلەتتى. نېفىت كارخانىلىرىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى نېفىتلىكىدە ئىشلەيدىغان 20 مىڭدىن ئارتۇق نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايلار ئىدى. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ۋە سانائەت تارماقلىرىغا بولغان مونوپوللۇقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ سىستېمىنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شەخسى كارخانىلاردا ئىشلەش ياكى ئۆزلىرى كارخانا قۇرۇشتىن باشقا چارە قالمىغان. شەخسى كارخانىلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىدىغان مەجبۇرىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەخسى كارخانىچىلار ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى ئىشقا ئالمايتتى، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتايچە بىلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىمۇ كەم بولغاچ، مەدەنىيەت ساپاسىمۇ نىسبەتەن تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي جەمئىيىتىدە ئىش بىجىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان گۇەنشى دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى ئۇيغۇرلاردا كەمچىل ئىدى. چۈنكى ھەتتا بالىسىنى ياخشى مەكتەپكە تىزىملىتىش، كېسەل كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىمۇ بۇ خىل مۇناسىۋەت ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايتتى. ئىش تاپالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بولسا مائاشى تۆۋەن، ھۈنەر تەلەپ قىلمايدىغان جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغانلىرىنىڭ

نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، خىتايلارنىڭ يۇقىرى مائاشلىق، رەھبەرلىك ئورۇنلارغا چىقىش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى.

نەتىجىدە قىسمەن ئۇيغۇرلار قازاقىستانغا بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان (بۇ خىل ئەھۋالنى رۇبېرتىننىڭ ھۆججەتلىك فىلىمىدا قازاقىستاندا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ). بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى بىگۇتۈەنلىك ئىشتىن بوشىتىلغان خىتايلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، بىگۇتۈەن خىتايلىرى ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن ئانچە جاپا چەكمەيلا شەخسىي كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان ياكى ئۆزلىرى ئىش باشلىغان بولۇپ، 2000 - يىلىغا كەلگەندە بىگۇتۈەنلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ13% شەخسىي ساھەلەردە ئىشلەيدىغان بولغان.

ئەمما ئىشتىن بوشىتىلغان بەزى ئۇيغۇرلار خىتاي تىلىغا پۇختا بولۇپ تىل قىيىنچىلىقى يوق ئىدى. 1980 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭدا خىتايچە ۋە يەرلىك مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان ئىككى خىل مەكتەپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىللىي تىلدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى، بۇلار مىنكاومىن) مىللىچە ئوقۇغانلار) دەپ ئاتىلاتتى، ئەمما ئۇرۇمچى قاتارلىق خىتاي نوپۇسىنى ئاساس قىلغان شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار خىتاي تىلىدا ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى تونۇپ يېتىپ بالىلىرىنى خىتايچىدا ئوقۇتقان بولۇپ، بۇلار مىنكاۋخەن (خىتايچىدا ئوقۇغان مىللىلار) دەپ تونۇلغان. مىللىلارنىڭ بالىلىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشقا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل مىللىچە ئوقۇغانلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئاز دېگەندە بىر يىل ئارتۇق ئوقۇپ خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغانلىقى بولغان. 1990 - يىللاردا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى 120 يۈەن بولۇپ، بۇ ئانچە كۆپ ھېسابلانمايتتى، ئەمما بازار ئىقتىسادىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوقۇش پۇلى تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ، 2000 - يىلىغا كەلگەندە 4500 يۈەنگە چىققان بولۇپ، ئالىي مەكتەپتە بىر يىل ئۇشۇق ئوقۇش نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر يۈك بولغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشسىزلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئۇلاردا ئادالەتسىزلىككە

ئۈچراۋاتقانلىق ھېسسى پەيدا قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە شەخس كارخانىلارنىڭ چەك - چېگرىسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ئۇلاردا چەتكە قېقىلىۋاتقانلىق سېزىمىنى كۈچەيتكەن. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ شەخسى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلغان بولغاچ، بۇ چىرىكلىككە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ھۆكۈمەت ئورۇندىكىلەر خىزمەت ئورنى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت مۈلكىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يانچۇقلىرىنى تولدۇرغان، يەنى خىتايدىكى ئەمەلدار ۋە پۇلدارلارنىڭ تىجارەت ئۈچۈن دۆلەت كادىرلىرىنى كاتتا رېستورانلاردا مېھمان قىلىپ، يەپ - ئىچىپ، كاراۋكەيخانىلاردا ناخشا ئېيتىپ ياكى پاھىشەخانىلاردا كەيپى - ساپا سۈرۈپ تىجارەت ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇشى ئومۇملىشىپ كەتكەن.

مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن چەكتىن ئاشقان چىرىكلىك دېلولىرى يۈز بەرگەن. 1996 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قازاق چارۋىچىلاردىن 530 گېكتار يايلاقنى مۇسادىرە قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئىشلىتىپ پۇل تاپقانلىقى ئاز دەپ يەنە كادىرلارغا ئورۇق، ئوغۇت ۋە سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئالاھىدە تۆۋەن باھادا سېتىپ بەرگەن.



دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىر ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق، ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت بۇنداق قىلىشنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بەكرەك زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىغا سەل قارىشى بولغان. چۈنكى ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېتىبار بېرىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئەمما شۇنداق تۇرۇپمۇ بۇ مەسىلىگە سەل قارىغان. ئەگەر قانۇن تۈرغۈزۈپ شەخسى كارخانىلاردىن ئىشچى قوبۇل قىلغاندا مەلۇم نىسبەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىپ ئۇلاردىنمۇ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش شەرت قىلىنغان بولسا بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتكەنلىك بولاتتى. ئەمما ھۆكۈمەت ئۇنداق قىلمىغان، نەتىجىدە 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى ئېشىپ ماڭغان.

قەغەز يۈزىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى 1990 ـ يىللاردا تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلغان بولۇپ، 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى دېڭىز ياقىسى بولمىغان ئىچكى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ھەممىدىن يۇقىرى بولغان. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۇمىدۋارلىققا تولغان ئىستاتىستىكىسى شىنجاڭدىكى رايونلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى يوشۇرۇپ قالغان. يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلغان ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە كورلا قاتارلىق شەھەرلەردە خىتايلار كۆپ سانني ئىگەللەيتتى. ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى ئىقتىسادى تەرەققىيات بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولغان. ئەگەر مۇشۇ چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتى قىسمەن ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ 1980 ـ يىللاردا بۇ خىل ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ئاراملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئېتىبار بېرىپ تېگىشلىك چارە قوللانغان بولسا ئىشلار ياخشى بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نامراتلىشىشىغا قارىماي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن كەلگەن ئىقتىسادنى شىمالى شىنجاڭدىكى خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەھەرلەرنىڭ ئاساسى قاتلام قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش ياكى مەركىزى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىمىز دېگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ئىدى. تەبىئىيكى بۇ خىل رىئاللىق ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرغان. خۇددى1990 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن كىشىلەر دائىم بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قەدىمى مىللىي ئۆچمەنلىكلەر سەۋەبچى بولغان دەپ تەبىر بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغاندەك شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى دائىم يامان بولغان دەپ تەسۋىرلەش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گاھىدا بۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدا ئىناق ئۆتكەن ۋاقىتلارمۇ بولغان. 1980 ـ يىللاردا تۇرپان رايونىدا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلىشىپ بېرىش ـ كېلىش قىلىشلىرىدىن باشقا، ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن ئۇيغۇرلارمۇ خىتاي چاغىنىدا خىتاي خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ باراتتى.

دېمەك، 1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىغا شىنجاڭدا باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ چىقىشى بۇ خىل باراۋەرسىزلىكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان. تەتقىقاتچى مايكىل دىللۇن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۈشمەنلىك ۋەزىيىتى سىياسى ۋەقەلەرنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە بۇ خىل سىياسى تونۇقۇشلار تېخىمۇ «كەڭ كۆلەمدە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان» ھەرىكەتكە ئايلانغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ قارىشىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇ 1992 ـ يىلى يۈز بەرگەن بىر قانچە پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى، 1993 ـ يىلى يازدا يۈز بەرگەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنۇش ۋەقەلىرىنى مىسالغا ئالغان. مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر خىل ھۇجۇملار ۋە ئېتىشىشلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا شىنجاڭ ھەققەتەن «بىئارام» ۋە «خەتەرلىك» جاي ئىكەن دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. روشەنكى بۇ ئارامسىزلىقلارنىڭ جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە سالغان تەھدىتى ھۆكۈمەتنى ھەقىقەتەن تەشۋىشكە سالغان. ئەمما بۇ ۋەقەلەر ئارىسىدا باغلىنىش بار ياكى يوقلۇقى نامەلۇم قالغان. ئەگەر باغلىنىش بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بولمىسا بۇ ۋەقەلەرنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈز بەرگەنلىكىدىن باشقا، بۇ ھادىسىلەرگە قاراپ بۇ مەزكۇر رايوندا سىياسى قارشىلىقنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ خۇلاسىلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن خوڭكوڭدىكى مەتبۇئاتلاردا تارقىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇچۇرنى بىتەرەپ دەپ قاراشقا بولمايتتى. گۇمانلىق ئۇچۇرلار ھەر قانچە تەكرارلانسىمۇ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىسمەن چەكتىن ئاشقان ئەسەبى ھەرىكەتلەرگە قاراپلا ئۇنى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىنىڭ

سەۋەبلىرى ھەققىدە قىسمەن پەرەزلەرنى قىلماي بولمايدۇ. بۇنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنى تەپسىلى ئانالىز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەلىرىگە قاراشتۇر.

## ئايرىم دۇنيا

1990 ـ يىللىرى شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغانلار خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلاشماي ئايرىم ـ ئايرىم ياشايدىغانلىقىنى تېزلا بايقىيالايتتى. ئەڭ ئاددىسى شىنجاڭدىكى بارلىق شەھەر، يېزىلاردا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئايرىم مەھەللىلەردە توپلىشىپ ياشايتتى. خىتايلار يېڭى، تۈز ـ بەش قەۋەتلىك زامانىۋى بىنالاردا تۇراتتى، ئۇيغۇرلار بولسا پىششىق خىشلىق ياكى لاي خىشلىق كىچىك ھويلىسى بار بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ياشايتتى. ئۇيغۇر ۋە خىتاي مەھەللىلىرىنىڭ ئايرىم دۇكان ۋە ئاشخانىلىرى بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە تەۋە دۇكان ۋە ئاشخانىلارغا باراتتى. تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى پەرقلەر تۈپەيلى بۇ ئىككى خىل مۇھىتقا كىرىپ چىققاندا ئادەمدە خۇددى بىر دۇنيادىن يەنە بىر باشقا دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېسسىيات پەيدا قىلاتتى.

140

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن خىتاي كوچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆي سېلىشقا توغرا كەلگەچ، ئۇلارغا ئايرىم جايدا ئۆي سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاچ ھالال بولمىغان خىتاي ئاشخانىلىرىدا ياكى خىتاي ئۆيلىرىدە تاماق يېمەيتتى. بۇ خىل تاماق ئادىتىدىكى ئوخشاشماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئايرىمچىلىق شىنجاڭدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىمۇ ئومۇملاشقان. ئەمما خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت بىنالىرىدا، ئىش ئورنىدىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن بىنالاردا، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا ياتاقلىرىدا ئارىلىشىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى

نۇرغۇن شەھەرلەردە بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بىر - بىرى بىلەن بىرىش - كېلىش قىلمايدىغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئىككى مىللەت ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىش ۋە توي قىلىش نىسبىتىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. مەسىلەن، مىللەتلەر ئەڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئۈرۈمچىدىمۇ باشقا مىللەت بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى. خىتاي يىگىت بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن:

*ئىككىمىزگە بىرلىكتە بازارغا چىقىش ئاسان ئەمەس. ئىككىمىزنى تالادا، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلار كۆرۈپ قالسا بىزنى بوزەك ئېتىپ ئارامىمىزنى بۇزىدۇ. ئاپتوۋۇزلاردا ئۇيغۇر ئەرلەرگە ئۇچراپ قالساق بىزنى تىللاپ ئۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى نىسبەتەن ياخشى مۇئامىلە قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ سۆزلىمەي قالمايدۇ.*

141 ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئارىلىشىشىنى توسۇپ قېلىش بىلەنلا بولدى قىلماي يېمەك - ئىچمەكتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھالال - ھارام دېگەن تەلەپتىن ھالقىپ كەتكەن. بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە يېمەك - ئىچمەكنىڭ ھالال ياكى ھارام بولۇشى خىتاينىڭ قولى تەگكەن - تەگمىگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان. شۇڭلاشقا بەزى ئۇيغۇرلار تۇڭگانلار ئاچقان ھالال ئاشخانىلاردىمۇ تاماق يېمەيدىغان بولغان، چۈنكى ئۇلار تۇڭگانلارنىڭ ئاشخانىلىرىغا خىتايلارمۇ كىرىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى تۇڭگانلارنىڭ خىتايلار بىلەن سودا ئالاقە قىلىش ئېھتىماللىمۇ يۇقىرى ئىدى. بەزى ئۇيغۇرلار تۇڭگانلارنى تاۋۇزغا ئوخشاش تېشى يېشىل مۇسۇلمان، ئىچى قىزىل كوممۇنىست دەپ كۆزگە ئىلمايتتى.

ئۇندىن باشقا يەنە خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر تارقالغان بولۇپ، بەزىلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدىغان سۇغا چوشقا مېيى سىلىۋېتىدىكەن دېگەن گەپنى تاپقان. بىر ئۇيغۇر سودىگەر ئىچكىرىدىكى بىر خىش چاي ئىشلەيدىغان زاۋۇتقا بېرىپ چاي ياساش جەريانىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە چوشقىلار چاي ياپراقلىرى ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىدىكەن، تازىلىقى بەكلا ناچار ئىكەن دەپ گەپ تارقاتقاندىن كېيىن

ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ خىش چىپىنى ئىچىشتىن توختاپ، ھىندىستان چىپىنى ئىچىشكە باشلىغان. تۇڭگان ئاشخانىلاردا تاماق يېمەسلىك ۋە يۇقىرىقى چاينىڭ ھېكايىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى خىتايلاردىن پەرقلىپ دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ۋاقتىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا بېيجىڭ ۋاقتىنى ئىشلىتىدىغان خىتايلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن (ئەمما شىنجاڭغا بۇرۇن چىقىپ ئۇزۇن زامان بۇ يەردە ياشىغان خىتايلار شىنجاڭ ۋاقتىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن).

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن خىتايلارنىڭ ئاتېئىزم ئىدىيەسىمۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى مۇھىم پەرق بولۇپ قالغان. نەتىجىدە شىنجاڭدا مەسچىتكە بارىدىغان ئۇيغۇرلانىڭ سانى كۆپىيىپ، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ ھاراق ئىچمەيدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. شۇنداقلا ساقال قويۇپ، شاپاق دوپپا كىيىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. ئۇيغۇرچە دوپپا كىيىشمۇ ئۇيغۇر مىللىي ۋە يەرلىك كىملىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر سىمۋول بولۇپ قالغان (غۇلجا، قەشقەر ۋە خوتەنلىكلەرنىڭ دوپپىلىرى ئوخشاشمايدۇ).

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئالىي مائارىپتا ئىشلىتىلىشىنىڭ كۈنسايىن چەتكە قېقىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىش ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ خىتايچىدا ئوقۇغان مىن كاۋ خەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئوقۇيالماسلىقى ۋە يازالماسلىقى كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. قىسمەن ئۇيغۇرلار خىتايچىدا ئوقۇغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز مىللىتىگە تەۋە بولغۇچىلىكى يوق دېگەن مەنىدە كەمسىتىپ ئون تۆتىنچى مىللەت دەپ مازاق قىلىدىغان بولغان. نەتىجىدە، خىتايچىدە ئوقۇغان قىسمەن ئۇيغۇرلارنى يا خىتايلار ئارىسىغا ئالماي يا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئالماي ئارىلىقتا ئايرىلىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىملىكىنى بەكرەك تەشەببۇس قىلىش جامائەت ئىچىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئوخشاشماسلىقلارنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرگەن. دىنىي ئېتىقاد، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ۋە تىل - يېزىقنى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەركىزى دەپ ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ شەرتلەرگە چۈشمەيدىغان كىشىلەرنى ئەيىپكار دەپ قارايدىغان مۇھىتقا باشلاپ كىرگەن. 2000 - يىللىرى غۇلجا رايونىدا ئۆزلىرىنى «تەقۋادار ياخشى مۇسۇلمان» دەپ سانايدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇنداق قاراشتا بولمىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش شەكىللەنگەن. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقادى ئاجىز ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدە ھاراق ئىچىپ، ناخشا - ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ دەپ ئۇلارنىڭ تويلىرىغا قاتنىشىشنى رەت قىلاتتى.

قىسمەن ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن ئارىلاشماي، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلىق دەپ قاراشنى ئۇيغۇرلۇقنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى دەپ قاراپ خىتايلاردىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇشقا تىرىشقان. ئەمما ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىشنى تامامەن كېسىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. 1990 - يىللارنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا بۇ ئىككى مىللەت ئاممىسى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قىسمەن ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە بورت ئويناپ، تانسىخانىلارغا بېرىپ، بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن. خىزمەت ئورۇنلىرىدا بولسا مىللەت چەك - چېگرىسى ئانچە ئېنىق ئايرىلىپ كەتمەيتتى، چۈنكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى، ئەدلىيە ۋە باشقا ئامانلىق ساقلاش ئورگانلىرىدا ۋە دۆلەت ئىدارىلىرىدا خىتايلار بىلەن بىرگە خىزمەت قىلاتتى. ئۇيغۇر ۋە خىتاي تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا ھەمكارلىقلارمۇ بىر قەدەر ئەۋج ئالغان. ئۈرۈمچىگە ئوخشاش نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردە خىتايلار ئاچقان ئاشخانىلارنىڭ ئالدىغا ئۇيغۇر كاۋاپچىلار كاۋاپدان قويۇپ كاۋاپ سېتىشى خېلىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋىپى خېرىدارلارنىڭ خىتاي ئاشخانىسىغا بەكرەك جەلپ قىلىدىغان بولغاچ، خىتاي پاترونلار خېرىدارلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئالغان كاۋاپنى ئاشخانىسىدا ئىستېمال قىلىشىغا يول قوياتتى.



مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرەپلەردىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە پايدىلىق ئىشلاردا پرىنسىپىنىڭ ئۇنداق قاتمال ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ كىملىك ئېڭى كۆپ خىل بولۇپ، تەۋەلىك ھېسسىياتى مىللىي كىملىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر مۇھىتتىكى ھەرىكەت ۋە ئىپادىسىغا جىنسى تەۋەلىكى، ياش قۇرامى،

كەسپى، ئىجتىمائىي تەبىقىسى، يۇرت تەۋەلىكى قاتارلىق ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئاشخانا ئالدىدا كاۋاپ سېتىپ پۇل تېپىش مەسىلىسىگە قارايدىغان بولساق بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئوخشاش ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىپ جاھاندارچىلىق قىلىشى ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكىدىن بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئېتنوگرافىيەلىك دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك ئېڭى مىللەت ئېنىقلىمىسى ئېنىق بولغان مىللىي تەۋەلىكنى ئاساس قىلغان سىستېمىلىق مىللەت قارىشىنى ئەمەس، بەلكى يەرلىك جامائەتچىلىك دائىرىسىدە شەكىللەنگەن تەۋەلىك ئېڭىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن. جاستىن جون رۇدىلسونىڭ «بوستانلىق كىملىكى: شىنجاڭ يېپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى (1987)» دېگەن كىتابىدا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەققىدە مول ھەم تەپسىلى باياناتلار بار، جەي دائۇچېرنىڭ «تار كوچا: شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدىكى كىملىك ۋە مەردانىلىق (2009)» دېگەن كىتابىدا غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى كىتاب ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق ئەڭ ياخشى مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۈلكە - چاقچاق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان يۇرتۋازلىق قارىشى بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە بولۇپ، دائۇچېرنىڭ كىتابىدا 1996 - يىلى يازغان غۇلجىلىقلارنىڭ قەشقەرلىقلەرنى مازاق قىلىپ توقۇغان تۆۋەندىكى قوشىقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېپىلىدۇ:

*قەشقەرلىك قاشاڭ،*
*دۇمبەمنى قاشلاڭ.*
*ئەتىياز بولدى،*
*چورۇقنى تاشلاڭ.*

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئۇلارنىڭ خىتايلارنى كەمسىتىپ تەسۋىرلەشلىرى ۋە خىتاي دەپ ھاقارەت قىلىشلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ خىتايلارغا بولغان كەمسىتىشلىرى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە خۇي - مىجەزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خاراكتېرلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، چىراي شەكلى، بەدەن تۈرقى، ئاتالمىش ئاجىزلىقى، قورقۇنچاقلىقى، ھىلىگەرلىكى، پارازىتتەك خارەكتېرى ۋە مەدەنىيەتسىزلىكى قاتارلىق تەرپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. (نۇرغۇن خىتايلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ئوخشاش سۆزلەر بىلەن كەمسىتىدۇ.)

2001 - يىلى مەن غۇلجىدا ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىمدا سورۇنلاردا ۋە ئۇچرىشىشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ دائىم خىتايلارنى كەمسىتىپ ھاقارەت قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بىر كۈنى بازاردا خورۇم بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئىككى ئۇيغۇر سودىگەر بىلەن ئەمدىلا تونۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتساق بىرى «خىتايلار ئاغزىنى شالاپلىتىپ تاماق يەيدۇ» دېۋىدى، يەنە بىرى، كۈلۈپ كېتىپ «بۇ ئۇلارنىڭ گەپ قىلغىنى» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر كۈنى مەن بىر يېزىدا بىر كىچىك ئۇيغۇر قىزدىن يېزاڭلاردا خىتايلار بارمۇ دەپ سورىسام «خىتاي يوق، ئەگەر خىتاي بولىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرىغان بولاتتىڭىز» دەپ جاۋاب بەردى. مەن خىتايلار قانداق پۇرايدۇ دەپ قايتا سورىسام ئۇ قىز «ئۇلار تاماق ئېتىدىغان خورۇچ پۇرايدۇ، ئاساسلىقى قىزىل مۇچ پۇرايدۇ» دېدى. يەنى بۇ قىز قىسمەن خىتاي تائاملىرىدا قىزىلمۇچ كۆپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى دېمەكچى.

سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقى بەرگىنىمدىمۇ قىسمەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىم «خىتايلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كۆزى كىچىك، بۇنى ياناق بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر ياخشى زەن سېلىپ ئىزدىسىڭىز خىتايلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ چىرايلىقلىرىنى تاپالايسىز» دېگەندەك كەمسىتىدىغان ماقالىلارنى يازاتتى. بۇ خىل كەمسىتىشلەر چەتكە قېقىلىپ بوزەك قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا ياردىمى بولاتتى، چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللاردا نارازىلىقىنى ئىپادىلىسە ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى.

## نارازىلىق مەرسىيەلىرى

مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ نارازىلىقنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بىر قەدەر

كەڭرى بولۇپ، بولۇپمۇ ناخشا - مۇزىكا بىلەن نارازىلىقنى ئىپادىلەشنى باسما مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزورلارغا قارىغاندا كونترول قىلىش بىر قەدەر تەس ئىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەر بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ناخشىلاردا ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن مەزمۇنلارنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيتتى، ئىككىنچىدىن، ناخشا لىنتىلىرىنى سېتىلىشى ئاسان بولغاچ، ناخشا - مۇزىكا تېز تارقىلاتتى. بۇ خىل ناخشىلارنىڭ بىر قىسمى يېڭى لىرىكىلارنى ئەنئەنىۋى مۇزىكارلارغا سېلىپ ئېيتىلسا، بەزىلىرى ھازىرقى زامان مودا مۇزىكىلىرىغا سېلىنىپ ئېيتىلاتتى. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ۋە ئافرىقا ئىنستىتۇتىنىڭ ئېتنونۇ مۇزىكىلوگى راچېل خارىسنىڭ قارىشىچە بۇ خىل مۇزىكىلار تۈركچە، ئوتتۇرا ئاسىياچە، ھىندى ۋە ئىسپانىيە پۇراقلىرىدىكى مۇزىكىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭ مۇزىكىچىلىقىنىڭ خەلقئارالىق كۆپ خىل مۇزىكا مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مول مۇزىكا بايلىقىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما يەنىلا فولك مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى فولك مۇزىكىسىنى ھەر قانداق بىر كىشى چۈشىنەلەيتتى، يەنى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەدەبى سايا تەلەپ قىلمىغاچ، بۇنىڭدىن يېزىدىكى دېھقانلار بىلەن ئۈرۈمچىدىكى زىيالىلار ئوخشاش بەھرە ئالالايتتى. بۇ خىل ناخشىلار ھۆكۈمەت سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان ناخشا - ئۇسسۇللاردىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۆمەكلىرى بەزى ناخشىلارنى خىتايچىلاشتۇرۇپ ئېيتاتتى. مەسىلەن، «بىزنىڭ شىنجاڭ ئەڭ گۈزەل»، «قومۇل قوغۇنىنى تېتىپ كۆرۈڭ»، «مىززىلىك كاۋاپ پۇرىقى» دېگەندەك ناخشىلار خىتاي تىلىدا ئورۇنلىنىپ، خىتايلارغا شىنجاڭنى تىنچ، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ۋە ماددى بايلىقى كۆپ زېمىن دەپ تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما خەلق ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان يېڭى خەلق ناخشىلىرى گەرچە بىۋاستە سىياسى مەسىلەرنى تىلغان ئالمىسىمۇ ئەمما ئوخشىتىش ۋە يېپىق سۆزلەر بىلەن سىياسي مەزمۇننى ئىپادىلەيتتى.

لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن، داڭلىق ئۇيغۇر ناخشىچى كۈرەش كۈسەن 1980 - 1990 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۆز ناخشىلىرى بىلەن

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ «يەرنى ساتماڭلا» دېگەن ناخشىسى ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىنى چەكلەپ ئاڭلاشنى مەنئى قىلغان. كېيىنچە قولغا ئېلىنىپ توققۇز ئاي تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ پانالانغان. ئۇنىڭغا ئوخشاش چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ناخشا ئېيتقان باشقا ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىدىن ئەسقەر كۆك بۆرە بېيجىڭغا كۆچۈپ كېتىپ، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان، چۈنكى ئىچكىرىدە خىتاي ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئانچە قاتتىق تەكشۈرۈپ كەتمەيتتى. ئەمما بۇ خىل مۇھىت 1995 - يىلىدىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتكەن. چۈنكى شۇندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى پەقەت ھۆكۈمەت تەستىقىدىن ئۆتكەن ئۈچ - تۆت شىركەتلىرى چىقىرىدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن ناخشا تېكىستلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولغان، شەخسلەرنىڭ پىلاستىنكا چىقىرىشى چەكلەنگەن.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدىمۇ يەر ئاستى مۇزىكا تىجارىتى راۋاجلىنىپ ماڭغان بولۇپ، شەخسلەرنىڭ لىنتىلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تارقىلىشى داۋاملاشقان. بۇ مۇزىكىلار ئارىسىدا غۇلجىلىق ناخشىچى ئۆمەرجان ئالىمنىڭ ناخشىلار توپلىمى بەكرەك داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ «مېھمان باشلىدىم ئۆيگە» دېگەن ناخشىسىنى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈننىڭ يامانلىششىنى تەسۋىرلىگەن ناخشا دەپ چۈشەنگەن.

*مېھمان باشلىدىم ئۆيگە،*
*ئاستىغا سېلىپ كۆرپە.*
*ئەمدى مەن كىرەلمىدىم،*
*ئۆزۈم ياسىغان ئۆيگە.*

بۇ ناخشىدا خىتايلارنىڭ مېھمان بولۇپ كېلىپ، ئاخىرىدا ساھىپخان بولۇپ تۆرگە چىقىۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئۆمەرجاننىڭ ناخشىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەنقىد قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا باشقا نارازىلىقلارمۇ يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ بەزى ناخشىلىرى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خىتايغا يان تاياق بولۇپ ئۆز خەلقىنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقى ياكى چىرىكلىكىنى تەنقىد قىلغان. ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ كەتمىنىنى بەكرەك چاپقان قىسمەن ئۇيغۇر كادىرلارنى مىللەت خائىنى دەپ قاراپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئەمەلدارلارغا بولغان غەزىپىنىڭ ئىپادىسىدۇر. 1996 - يىلى ماي ئېيىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا قەشقەر ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ ئىمامىمۇ بار ئىدى (2014 - يىلى بۇ ھادىسە يەنە تەكرارلانغان). ئەمما بۇ ۋەقەلەرگە ھېچ كىم ئىگە چىقمىغاچ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلىرىگە كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى خىتاي ئەمەلدارلىرى مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئامىمىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ تۇرۇشى خېلى كەڭ ئۇچرايدىغان ئەھۋال، بۇنىڭ كادىرلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە سىياسى مەيدانى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى يوق.

يەنە بىر ناخشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى، يۇرتۋازلىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەر تەنقىد قىلىنىپ مۇنداق قوشاق قىلىنغان:

*داغدام يولغا پاتمايمىز،*
*تار كوچىدىن قاترايمىز.*
*قىلتاق قۇرۇپ ئۆزئارا،*
*يىقىتماقنى ئويلايمىز.*

بۇ خىل ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىش ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا بەزىلىرى دىنىي كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ تەسىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەگەر ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان ئۆم خەلق بولغان بولسا

شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسى ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالمايدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىمچىلىقى ۋە خىتايلارنى كەمسىتىشى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بەدىلى ئېغىر بولغان. چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان چۈشەنمەسلىك ۋە ئىشەنمەسلىك ھېسسىياتلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، گاھىدا مىللىي توقۇنۇشقا ئېلىپ بارغان. 1995 ـ يىلى خوتەن شەھىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، مەسچىتتىن يانغان جامائەت قاتناشنى توسۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ساقچىلار كېلىپ ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا، ئۇلار بۇنى خاتا چۈشىنىپ ساقچىلار مەسچىتنىڭ ئىمامىنى قولغا ئېلىشقا كەلگەن دەپ بىلىپ قارشىلىق قىلغان. نەتىجىدە توپىلاڭ چىقىپ نۇرغۇن كىشى جىنىدىن ئايرىلىپ قالغان. نەخ مەيداندىن ئېلىنغان سىن ئالغۇدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ساقچىلارغا تاش ـ كېسەك ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنى «تېررورلۇق» ھەرىكىتى دەپ ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىن پىلانلانغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتەلمىگەن.



خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى يامانلىشىپ نۇرغۇن يامان نەتىجىلەرگە باشلاپ بارغان، يەنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن خىتاي ئاممىسىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، 1980 ـ 1990 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن توپىلاڭلاردا خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلىناتتى، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئۆچمەنلىك خىتاي ئاممىسىغىمۇ قارىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاددى خىتاي پۇقرالىرىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان بولغان (مەسىلەن، 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.)

1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلاردا مىللەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ مۇستەقىللىق ئارزۇسىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل ئارزۇ ياشلار ئارىسىدا بەكرەك تارقالغان (ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل پىكىردىكىلەرنىڭ

نسـبىتى ھەققـىدە ئېنىـق ئۇچـۇر يـوق). ئۇيغـۇرلار ئارىسـىدا تاشـقى كۈچلـەر ھامـان بىـر كۈنـى خىتايغـا ھۇجـۇم قىلىـپ، ئۇلارنـى مەغلـۇپ قىلىـدۇ، شـۇ چاغـدا ئۇيغـۇرلار ئازاتلىققا ئېرىشـىدۇ دېگـەن قاراشـلارنى دائـىم ئـاڭلاپ تۇراتتىم. 1997 ـ يىلىدىـن بـۇرۇن ئۇيغـۇرلار بىرىتانىيـە خوڭكوڭغـا بولغـان كونترولىلۇقىنى سـاقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتـاي بىلـەن سوقۇشـىدۇ دېگـەن ئۈمىـد بىرئـاز كـەڭ تارقالغان. 11 ـ سـىنتەبىر ۋەقەسـىدىن كېيىـن بولسـا، غۇلجىلىـق نۇرغـۇن ئۇيغـۇر مـاڭا بـۇ قېتىمقـى ۋەقەگـە خىتـاي ھۆكۈمىتـى سـەۋەب بولغـان بولسـىكەن دېگـەن ئارزۇسـىنى بىلـدۈرۈپ، ئۇنـداق بولغـان بولسـا ئامېرىـكا خىتايغـا ھۇجـۇم قىلغـان بولاتتـى دېيىشـتى. ئۇلارنىـڭ بۇنـداق خىيالـلاردا بولۇشـىنى ئەخمىقانىلىـق دەپ زاڭلىـق قىلىش ئاسان بولسـىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىـن ئۇيغۇرلارنىـڭ ھەقىقەتـەن ئامالسىز بىـر ھالەتكـە چۈشـۈپ قالغانلىقىنـى كۆرۈۋېلىشقا بولىـدۇ.

## قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەش



ئۇيغـۇر ياشـلىرى ئارىسـىدىكى ئىشسـىزلىق ۋە نامراتلىـق نۇرغۇنلىرىنـى ھـاراق ئىچىـش ۋە زەھەرلىـك چېكىملىـك چېكىشـكە باشـلاپ بارغـان. دىنىـي مۇھىتـى كۈچلۈك بولغـان جەنۇبـى شـىنجاڭدا دىنىنـىڭ تەسـىرى بىلـەن ھاراقكەشلىك ۋە زەھەرلىـك چېكىملىـك چېكـىش ئانچە بەك ئـەۋج ئېلىپ كەتمىگەن بولسـىمۇ، ئەمما شـىمالى شـىنجاڭنىڭ غۇلجا ۋە ئۈرۈمچـى قاتارلىـق دىنىـي تەسـىر ئاجىز شـەھەرلەردە ياشـلار بـۇ خىـل كەيپىنىـڭ ئېغىـر تەسـىرىگە ئۇچرىغـان. 1990 ـ يىللىـرى غۇلجىـدا ئۇيغـۇر ياشـلىرى ھەپتىـدە بىـرەر ـ ئىككـى قېتىـم ئولتـۇرۇش ئويىنـاپ، ئولتۇرۇشـقا كەلگـەن يىگىتلـەر چاخچـاق قىلىشـىپ، ناخشـا ـ ئۇسسـۇللارنى ئويىنـاپ، شـېئىر دېكلاماتسـىيە قىلىشـىپ ھەممىسـى مـەس بولغىچـە ھـاراق ئىچىشـەتتى. بـۇ خىـل ئولتۇرۇشـلاردا گاھىـدا ئەپيـۇن ۋە نەشـە قاتارلىـق چېكىملىكلەرمـۇ ئىسـتېمال قىلىنغـان بولۇشـى مۇمكىـن. خىتاينىـڭ ئىشـىكنى ئېچىۋېتىش سىياسـىتى يولغـان قويۇلغاندىـن كېيىـن، بىرمـا بىلـەن يۈننـەن چېگرىسـىدا ۋە ئافغانىسـتان چېگـرا رايونلىرىدىـن كىرىدىغـان خىرويىـن خىتـاي بازىرىنـى قاپـلاپ كەتكـەن. 1993 ـ يىلـى ئۈرۈمچـى شـەھىرىدە يـاش ئۇيغـۇرلار شـەھەر مەركىزىدىكـى رابىيە قادىـر سـودا

سارىيىنىڭ ئالدىدا ئەپيۇن سېتىپ زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتى قىلاتتى.

ئەينى چاغدا ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارنى زەھەر تاشلىتىش ئەسلىھەلىرى تېخى يوق ئىدى. خىتاي قانۇنىدا گەرچە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولغانلارغا دورا تاشلىتىش ئۈچۈن ياردەم بېرىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ياردىمى بىمارلارنى تۈرمىگە ئوخشاش ئۆيلەرگە سولاپ قويۇش بىلەن چەكلىنەتتى. چۈنكى تاكى 2004 - يىلىغىچە مىتادىن قاتارلىق زەھەر تاشلىتىش دورىلىرى بولمىغاچ، زەھەر چەككۈچىلەرنى سولاپ قويۇپ، خۇمارى تۇتقاندا ھېچ قانداق ياردەم قىلمىغاندىن باشقا يەنە گاھىدا مەجبۇرى ھەقسىز ئەمگەككە سېلىپ 18 سائەتلەپ ئىشلىتەتتى. بۇ خىل چارە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتىلىپ، بىمارلارنى گاھىدا ناھايىتى ناچار مۇھىتتا ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلايتتى.

شىنجاڭدا شەخسلەر ئاچقان زەھەر تاشلىتىش ئەسلىھەلىرىمۇ بولۇپ، غۇلجا، ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ بويىدا بۇ خىل مەركەزلەرنىڭ ئېلان تاختىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، ئەمما بۇ خىل شەخسى مەركەزلەرنىڭ شارائىتىمۇ ھۆكۈمەتنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. شەخسى زەھەر تاشلىتىش مەركەزلىرىنىڭ داۋالاش ھەققى ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، ئۇلاردا باشقا ئۈنۈملۈك چارە يوق ئىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا بىمارلارنى ھېچ قانداق ياردەمسىز زەھەر تاشلاشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇندىن باشقا بۇ خىل شەخسى داۋالاش مەركەزلىرىدىن بىمارلارنىڭ تىزىملىكىنى دائىم ساقچى ئىدارىسىگە يوللاپ تۇرۇش تەلەپ قىلىناتتى. گەرچە ساقچىغا مەلۇم قىلىش بىلەن بىمارلار جىنايى جازاغا تارتىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسمى جىنايەت تارىخى بار، ياكى پاھىشە ئاياللار ۋە ياكى سىياسى گۇماندارلارنى تىزىملايدىغان «كۆزىتىلىدىغان ئاساسلىق ئائىلىلەر» تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالاتتى، بۇ خىل تىزىملىككە كىرگەنلەرنىڭ ئىش تېپىشى، سەپەر قىلىشى ياكى ئۆي ئىجارە ئېلىشى ئاسانغا چۈشمەيتتى.

شەخسى دورا تاشلىتىش ئورۇنلىرى نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغاچ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ياشلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىغان. 1994 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى قىسمەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە دىنىي تالىپلار بىرلىشىپ

ئۇزۇن زاماندىن بېرى توختاپ قالغان مەشرەپ ئويۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ يىغىلىشلاردا ياشانغانلار ياشلارغا ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيە بېرىشكە باشلىغان. مەشرەپ 1940 ـ 1950 ـ يىللاردا خېلىلا كەڭ تارقالغان بولۇپ، 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە «قالاق» ئادەتلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلىپ توختىتىلىپ قويۇلغان. مەشرەپ يىغىلىشلىرى ئاز دېگەندىمۇ تۆت سائەت ئەتراپىدا داۋاملىشاتتى. مەشرەپنىڭ بېشىدا مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى يەپ ـ ئىچىپ قورساقنى توقلايتتى، ئىككىنچى قەدەمدە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە هاراقكەشلىككە ئائىت مەسىلىلەر ئاڭلىتىلىپ، بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلار ئۈستىدىن هۆكۈم چىقىرىلاتتى. ئانترپولوگ سېئەن روبېرتس ئابدۇللا ئاتلىق بىر ياشنىڭ بىر هەپتە ئىلگىرى بىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئولتۇرۇشىدا ۋودكا ئىچكەنلىكى ئۈچۈن مەشرەپتە سوتلانغان ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئابدۇللا خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئاقلاپ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن هاراق ئىچىپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ، مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ هېسداشلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشاتتى. مەشرەپنىڭ بېشى بولغان قازىبەگ هاراق ـ شاراپ ئىچىشنىڭ سالامەتلىككە زىيان بولۇپلا قالماي يەنە ئۆي تۇتۇشقا كېتىدىغان پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىرىدا هاراق ئىچىش هارام، هاراق ئىچىش مۇسۇلمانلىققا خاس ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ هۆكۈم چىقىرىدۇ.

بۇ خىل جىنايەتلەرگە ئادەتتە ئاجايىپ قىزىقارلىق جازالار بېرىلەتتى. ئابدۇللاغا «بېلىق تۇتۇش» جازاسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل جازا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، يۆكىنىپ ئولتۇرۇپ، چېلەكتىكى سۇدىن كەمپۈتنى ئاغزى بىلەن ئېلىش جازاسى ئىدى. بۇ مەنزىرىنى رۇبېرتس مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «دەسلىپىدە ئۇ چېلەكتىكى سۇغا دۈم چۈشۈشتە هەممەيلەن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى». ئاخىرىدا ئابدۇللانىڭ يۈزىدىكى سۇ لۆڭگە بىلەن سۈرتۈلگەندىن كېيىن مەشرەپ ئەھلى يەنە ۋودكا ئىچمەسلىك دەپ مازاق قىلىشتى. «رەسىم سىزىش» دېگەن بىر خىل جازامۇ بولۇپ، بۇ خىل جازانى ئىجرا قىلغاندا گۇناھكارنى تامغا يېقىن تۇرغۇزۇپ، قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە ئاچقۇزۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاندىن بىر چىلەك سوغۇق سۇنى چاچسا تامدا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ شەكلى قالاتتى. گۇناھكارنىڭ ئىككى مەڭزىگە يەڭگىل شاپىلاقلاش «سامسا يېقىش» جازاسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل جازالار ئارقىلىق گۇناھكارنى خىجىل قىلىپ تۈۋە قىلدۇرۇپ، باشقىلارغا ئىبرەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما مەشرەپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كۈلكە - چاخچاق ۋە كۆڭۈل ئېچىش بولغاچ، مەشرەپنىڭ كېيىنكى ئىككى سائىتى ئاساسەن تېپىشماق تېپىش، چاخچاق ئېيتىشىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ۋە ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ئۆتەتتى.

1995 - يىلى يازغا كەلگەندە مەشرەپ ئويۇنى ئالاھىدە قارشى ئېلىنىپ، قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماي يەنە ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھىرىگە تارقىلىپ كەتكەيدى. مەشرەپنىڭ تەركىبىدىكى دىنغا ئائىت مەزمۇنلىرىنى قىسمەن ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما مەشرەپنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەممە كىشىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. دەسلەپتە غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتمۇ مەشرەپ پائالىيىتىنى قوللاپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت ئورگانلىرى بۇ پائالىيەتكە ئاتاپ غۇلجا شەھەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان كېپەكيۈزى دېگەن يېزىنىڭ كىتابخانىسىغا نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى ئىئانە قىلغان.



ھۆكۈمەتنىڭ قارارىدىن يېتىشلىشىغا مەشرەپ ئەھلىنىڭ غۇلجىدا ھاراق ساتىدىغان دۇكان ۋە بۇتكىلارنى بويقۇت قىلىشى بولغان. بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان بولۇپ، نۇرغۇن دۇكاندارلار قورقۇپ ھاراق سېتىشتىن توختىغان. مەشرەپ ئەھلى غۇلجىلىق ئۈچ بالىسى بار 28 ياشقا كىرگەن سودىگەر ئابدۇخېلىلنى مەشرەپ بېشى قىلىپ سايلاپ چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇنى ۋە باشقا مەشرەپ تەشكىللىگۈچىلەرنى يىغىپ سوئال - سوراققا تارتقان. 1995 - يىلى ئىيۇلدا يەرلىك ھۆكۈمەت مەشرەپنى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىدىغان «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» دەپ بېكىتىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى چەكلىگەن. مەشرەپتە ھېچ قانداق دىنىي مەزمۇن بولمىغان تەقدىردىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى مەنئى قىلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. چۈنكى

هۆكۈمەت مۇھىت ئاسراش تەشكىلاتلىرىنى، قانۇننى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان تەشكىلاتلارنى، ياكى ئەمگەك ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىقتۇرۇپ كەلگەن. ھۆكۈمەت مەشرەپنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىپ مىللى چەك - چېگرىنىڭ روشەنلىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى خالىمايتتى (چۈنكى خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى خالىمايتتى).

دەسلىپىدە يەرلىك ھۆكۈمەت مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرغانلاردىن ئازراق جەرىمانە ئالغاندىن باشقا قاتتىق چارە قوللانمىغان. نەتىجىدە مەشرەپ پائالىيىتى ئاشكارا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىغان بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ 1995 - يىلى ئاۋغۇستتا «مەشرەپ ياشلىرىنىڭ تۇنجى پۇتبول مۇسابىقىسى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىلىرىنى مۇسابىقە ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىدىن ياندۇرالمىغان. شىنجاڭدا پۇتبول ئويناش ئومۇملاشقان بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى ياشلارنىڭ ساغلام ئادەت يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن پۇتبول كوماندىلىرىنى قۇرغان ئىدى. لېكىن مەشرەپ باشلىرى ھۆكۈمەتتىن پۇتبول مۇسابىقىسى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت سورىغاندا ھۆكۈمەت 50 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان (خىتايدا چوڭ كۆلەمدىكى ئاممىۋى يىغىلىشلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمەتتىن ئىجازەت ئېلىشى كېرەك). ئۇلار سورىغان 50 مىڭ يۈەننى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تېخىمۇ كۆپ پۇل تەلەپ قىلغان، ئۇلار پۇتبول مۇسابىقىسىغا بىلەت سېتىپ تاپقان پۇل بىلەن تۆلەشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ مۇسابىقە ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىنى تامامەن رەت قىلىۋەتكەن. رەت قىلىش بىلەن قانائەت قىلماي، ئۇلار مەكتەپ ۋە بارلىق پۇتبول مەيدانلىرىدىكى ۋارتالارنى ئېلىۋېتىپ، مۇسابىقە بولىدىغان كۈنى مەيدانلارغا تانكا توختىتىپ ھەيۋە قىلغان.

ھۆكۈمەت بۇ خىل زوراۋانلىق بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسىنى توسۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاممىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر غۇلجا شەھەرىنىڭ مەركىزى مەيدانىغا يىغىلىپ نارازىلىق نامايىشى قىلغان، ئەمما ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ نامايىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، نامايىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرگەن. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نورغۇن كۆچىلارنى سىم تۇسۇق بىلەن توسۇپ، كۆچىلارنى تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر ۋە بىرونېۋىكلار بىلەن چارلاپ يۈرگەن. شىنجاڭدا بۇ خىل توقۇنۇشلارنىڭ ئاقىۋىتى دائىم ياخشى ئاياغلاشمايتتى، ئەمما بۇ قېتىمقى غۇلجا نامايىشى بىر قانچە كىشىنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بىرئاز ئاسان جىمىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئەگىشىپ مەشرەپ تېخىمۇ يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن خىرويىن ساتىدىغانلار ئازلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغان بىمارلار پۇل تېجەش ئۈچۈن چېكىشتىن ئوكۇل قىلىشقا ئۆتكەن. نەتىجىدە، شىنجاڭدا ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرىۋەتكەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى زەھەر چەككۈچىلەرى ئارىسىدا ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ 85% نى 20 دىن 40 ياش ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىگەللىگەن. خىتاي سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا زەھەر چەككۈچىلەر ئارىسىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ نىسبىتى شىنجاڭدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە 40%، غۇلجىدا 85% زەھەر چەككۈچى يۇقۇملانغان. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىنسى كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشۋىقاتى يېتەرلىك بولمىغاچ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەيدىز ۋىرۇسى پاھىشە ئاياللار ئارقىلىق زەھەر چەكمەيدىغان ئاممىغا يۇقۇشقا باشلىغان. بۇ مەسىلىدىمۇ مىللىي باراۋەرسىزلىك ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار زىيان تارتقان. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىچكىرىدىن چىققان خىتاي پاھىشە ئاياللىرىغا جىنسى كېسەللىكتىن ساقلىنىش تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتىپ ئۇلارغا ياردەم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى دەپ ئۇيغۇرلار مەھەللىسىدىكى پاھىشەخانىلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما خىتايلارغا تارقاتقان كېسەللىكتىن ساقلىنىش تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىغان.

2000 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ـ

لارنىڭ سانى خىتايدىكى ئومۇم سانىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا يۇقۇملىنىش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنىڭ نەقەدەر يامان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، بۇ رىئاللىقلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىقتىسادى سىياسەتنىلا ئەمەس، بەلكى ساقلىقنى ساقلاش سىياسەتلىرىنىمۇ تېگىدىن دەڭسەپ كۆرۈپ، مۇۋاپىق ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بەختكە قارشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىيالى باشقا يەردە بولغان.

## ئىككى يۈزلۈك ئىستراتېگىيە

«ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سىياسىتى ئىككى يۈزلۈك بولغان. بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يەمچۈك قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىنى تۆۋەنلىتىپ مۇقىملىقنى ساقلاشقا ئۇرۇنغان. بۇنداق پەرەزنىمۇ خاتا دېيىشكە بولمايتتى، چۈنكى گىراژدانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىشلەش، ئوقۇش ۋە داۋالىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلىگەن بىر ھاكىمىيەت، يۇقرالارنىڭ باشقا «ئەركىنلىك»لىرىنى بوغۇپ قويسىمۇ، خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىمايتتى (خىتاي بۇ خىل ھاكىمىيەتنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ). ئەمما بۇ خىل ئىقتىسادىي باياشاتلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش نەپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ نارازىلىقلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا بولمايتتى. خۇددى خىتاي تەتقىقاتچىسى ساۋ خۇ خۇا دېگەندەك: «ئىقتىسادنىڭ تەرەققى قىلىشى ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەركىنلىكىگە كاپالەت قىلالمايدۇ. بۇ خىل رىئاللىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە كىملىكىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق».

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1990 ـ يىللاردىن كېيىن يۈرگۈزگەن شىنجاڭ سىياسىتى ئاساسەن «مۇقىملىق»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقتىن ئەنسىرىشىنى تامامەن ئاساسسىز دېيىشكىمۇ بولمايتتى، چۈنكى شىنجاڭ نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىدا داۋالغۇشلار بولۇپ كەلگەن، مەسىلەن، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە تېخى يېقىندىلا بىر مەزگىل مۇقىمسىزلىقلار يۈز بەرگەن. مۇشۇ خىل رىئاللىقلارنى ئاساس قىلغاندا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ھەربىي ۋە ساقچى قوشۇنلىرىنى كۆپەيتىشنى خاتا دېيىشكە بولمايتتى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئېچكى مۇقىملىق»نى بەكرەك مۇبالىغە قىلىۋېتىشى بەكرەك نارازىلىق قوزغىغان. بۇ خىل سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنىڭ ئېشىشىنى ئىقتىسادنى ياخشىلاش بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس ئىدى.

1996 ـ يىلى مارت ئېيىدا خىتايدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك يەتتە كىشىدىن تەشكىل تاپقان مەركىزى پارتكومنىڭ دائىمى ئىشلار كومىتېتى يىغىن ئېچىپ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇ. بۇ قېتىمدا مەخسۇس شىنجاڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، يىغىنىنىڭ روھى يەرلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈلگەن. مەزكۇر كومىتېتىنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىگە ئوخشاش شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى بۇ يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىمۇ مەخپى تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان. 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت دەپ ئاتالغان بۇ ھۆججەتتە «ۋەقە چىقىشنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئىش چىقىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش» كېرەك دەپ بۇيرۇلغان. مەزكۇر ھۆججەتنىڭ قىسمەن چاقىرىقلىرى قارىماققا ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆرۈنەتتى. مەسىلەن:

*مىللەتلەر ئارا ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارنى ھەل قىلغاندا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پاكىتقا تايىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش پرىنسىپىغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسىنى مىللىي زىددىيەت دەپ قارا ـ قويۇق بىر تەرەپ قىلماسلىق كېرەك. شەخسلەرنىڭ*

> *ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مىللى زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.*

ئەمما ھۆججەتنىڭ كونكرېت قىسمىدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا قاتتىق قوللۇق سىياسەت تۇتۇش بۇيرۇلغان بولۇپ، بولۇپمۇ دىنىي كونتروللۇقنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن:

> *يېڭى مەسچىت سېلىشنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك... سىياسىي مەۋقەسى مۇقىم بولمىغان ياكى بۆلگۈنچىلىكنى قوللىغۇچىلارنى دەرھال دىنىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش ياكى يۆتكىۋېتىش كېرەك. مەسچىت ۋە باشقا دىنىي ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىشەنچلىك، قابىلىيەتلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تۇتقۇزۇش كېرەك. يەر ئاستى قۇرئان مەكتىپى قاتارلىق قانۇنسىز دىنىي ئورگانلارنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك.*

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىملىقنىڭ ئاساسلىق ئوب-يېكتى دەپ قارار چىقارغان. مەسىلەن:

> *جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئوخشاش كۈچ چىقىرىش كېرەك. مەركىزى ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك مەبلەغنىڭ ياردىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشىنى تېزلىك بىلەن تاماملاپ، پاختا تېرىش، نېفىت قېدىرىش ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەركىزىي رايوننى نامراتلىقتىن ۋە نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش كېرەك.*

بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا قارىماققا تەرەققىي قىلدى دېگەن بىر تەسىراتنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلارمۇ پاختا تېرىشقا قاتناشسىمۇ ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزمىگەن.

ئەمەلىيەتتە پاختا تېرىشنىڭ جاپاسى كۆپ بولۇپلا قالماي ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ تۆۋەن بولغاچ، پاختىچىلىق ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتكەن. ئەكسىچە، مەزكۇر ھۆججەت يەرلىك خەلقلەرگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئاخبارات تورى شەكىللەندۈرۈپ، يۈز بېرىش خەۋپى بولغان ۋەقەلەردىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىنى ئېلىشنى، شۇنداقلا شەخسى ئارخىپ تۇرغۇزۇپ نازارەت قىلىش ۋە كۆزىتىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان.

7 - نومۇرلۇق ھۆججەت گەرچە مەخپى ماتېرىيال بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. دىنىي ئېتىقاد شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۆلگۈنچى كۈچلەر پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى زور دەپ قارىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ياخشىلانسىلا ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

سىياسىي قاراشتىكى بۇ خىل ئوخشاشلىق كىشىدە مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت راسلا شۇنداق دەپ قارامدىغاندۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ خىل قاراشنى پەيدا قىلغان دەلىل - ئىسپاتلار نېمە دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ. خىتايدا يەرلىك ئەمەلدارلار يۇقىرىغا قۇلىقىغا خوش ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەھۋال (بولۇپمۇ ماۋ زامانىدا بەكرەك شۇنداق بولغان). ئەمما خىتاي ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خىتايلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى سىستېمىلىشىپ كەتكەن باراۋەرسىزلىكتىن خەۋىرى بار دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭدا (ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا) يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، بەلكىم ئوخشاشلا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن. چۈنكى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئۆم بىرلىككە كەلگەن بىر سىياسىي پارتىيە ئەمەس. پارتىيە ئىچىدە ئەزەلدىن تارتىپ قارىمۇ قارشى كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنى ئىسلاھاتچىلار بىلەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1989 - يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسىدىن كېيىن مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۈستۈنلۈككە چىققان بولۇپ، سىياسىي كونتروللۇقنى بوشىتىشقا قاتتىق قارشى تۇرۇپ كەلگەن.

159

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي شوئارلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچ شىنجاڭ مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگەندە ھەر ئىككى تەرەپكە ماس كېلىدىغان بىر خىل سىياسىي ئاتالغۇنى تاللاشقا توغرا كەلگەن. بۇ خىل ئاتالغۇدىكى چەكلىمە خۇددى 1990 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بارلىق مەسىلىلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كۆرگەنگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت ئۇچۇرلىرىدىن مەزكۇر مەسىلىدە ھېچ قانداق بۆسۈشنىڭ بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، بىر ئايدىن كېيىن «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن، بۇ خىل قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئىچكى ئۆلكىلەردە 1983 ـ يىلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئەمما 1996 ـ يىلى شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە قويۇق ئىدىئولوگىيەلىك مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مۇنداق دەپ جاكارلىغان:

*ھەر خىل ئامىللاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى شىنجاڭدا بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە باشقا زوراۋان كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن ئەۋجىگە چىقىپ، پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ يۈتۈنلىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغىمۇ قاتتىق تەھدىت سالماقتا.*

ھۆكۈمەتنىڭ ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايىتى بىلەن سىياسىي نارازىلىقنى بىر قاتاردا قويۇشتىكى مەقسىتى سىياسىي جىنايەتنىمۇ شۇ قاتاردا جازالاشنى نىشان قىلغان. شۇندىن كېيىنكى يىللاردا ھۆكۈمەت سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قاتىللار، باسقۇنچىلار ۋە باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئاممىۋى ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىلىشلىرىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان بولغان.

خىتايدا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل چوڭ كۆلەملىك قارارلىرى دائىم خىتاي

مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن تېزلىكتە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختىنىماي قالمايتتى. مەزكۇر قارار يەتكۈزۈلۈپ ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭ گېزىتى 2500 كىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، 6000 كىلو پارتلاتقۇچ دورا ۋە 31000 تال ئوقنى مۇسادىرە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان (بۇنىڭدەك كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۆشۈقچە ئىستاتىستىكا خىتاينىڭ ھۆكۈمەت دوكلاتلىرىدا ۋە دەرسلىك كىتابلىرىدا ئاجايىپ كۆپ ئۇچرايدۇ). گەرچە بۇ ئىستاتىستىكىلارنىڭ راس - يالغانلىقىنى دەلىللەش مۇمكىن بولمىسىمۇ، بۇ جەرياندا شىنجاڭدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى راس. «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى جەريانىدا غۇلجا ھۆكۈمىتى مەشرەپكە قاتناشقان دەپ گۇمان قىلغان ياكى ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۈركۈملەپ قولغا ئالغان. بەزى ياشلارنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان جاسۇسلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى سەۋەب بولغان (بۇ 7 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئاخبارات تورى ھاسىل قىلىش كېرەك دېگەن چاقىرىقىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلەتتى). نۇرغۇنلىرى يېرىم كېچىدە تۇتۇپ كېتىلىپ نەگە قامالغانلىقى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلىنمىغان (كۆپلىرى ھۆكۈمەت دەپتىرىگە يېزىلمىغان قارا تۈرمىلەرگە سولانغان.) قىسقىسى، بۇ ياشلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. بەزىلەر قولغا ئېلىنغان بەزى ياشلارنىڭ جەسىتىنىڭ يىراق يېزىلاردا تېپىلغانلىقىنى ئېلگىرى سۈرگەن. بۇ كۇچا پاراڭلىرى مەيلى راس ياكى يالغان بولسۇن، بۇنىڭدىن غۇلجا رايونىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسايىن يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى چېگرا تېشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمكارلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىغان. 1996 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەت، رۇسىيە ۋە خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش دۆلەتتىن تەركىب تاپقان «شاڭخەي كېلىشىمگە ئىمزا قويغان بەش دۆلەت» دېگەن تەشكىلاتنى قۇرغان (بۇ تەشكىلاتقا قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزستان خىتاي ۋە رۇسىيە ئىمزا قويۇپ قۇرۇلغان.) بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشتىكى مەقسىتى مەزكۇر رايوننىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش دەپ ئېلگىرى

سۈرۈلگەن. گەرچە خىتاينىڭ مەقسىتى «مۇقىملىق» بولسىمۇ، ئەمما باشقا ئەزا دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئىقتىسادى ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ھەر خىل ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان بىخەتەر رايون ئىدى، ئەمما 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىغان. شۇ يىلى قازاقىستان پىرېزىدېنتى نەزەربايېف قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئاخبارات بېرىش قارارىنى ماقۇللىغان. ئىككىنچى يىلى شاڭخەي تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تۇنجى يىغىنى ئېچىلىشىنىڭ ھارپىسىدا قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇيغۇرلارغا قازاقىستاندا خىتايغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ، بۇ خىل ھەرىكەتنى زامانىمىزدىكى «سىياسى ئەيدىز كېسىلى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

شاڭخەي تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر تەشكىلاتقا قاتناشقان دۆلەتلەر ئۆز تەۋەلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى مەنئى قىلىپ، ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى دائىم نائارام قىلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى خىتاي بىلەن ئەدلىيە كېلىشىمى بولمىغان گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلانغان. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كەچمىشلىرى ھەققىدە 5 ـ باپتا تەپسىلى توختىلىمەن. 1999 ـ يىلى قازاقىستان بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئىككى شىنجاڭلىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشى بىلەن كارى بولماي خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 2001 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قاتنىشىشى بىلەن يۇقىرىقى تەشكىلات شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

## ھۆكۈمەتتىن ھېچ پايدا كەلمەيدۇ

شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىمۇ غۇلجا چەت بىر ياقا يۇرت ھېسابلىنىدۇ. 1997 ـ يىلى غۇلجىغا بارىدىغان پويىز يولى تېخىچە پۈتمىگەن بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىش ئۈچۈن كىچىك ماشىنىدا 7 سائەت ئاپتۇۋۇز بىلەن 14 سائەت يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. گەرچە غۇلجىدا بىر كىچىك ئايرپورت بار بولۇپ، ئايروپىلان كۈندە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئۇرۇمچىگە ئۇچقان بىلەن، بىلەت باھاسىنىڭ قىممەتلىكىدىن پەقەت ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن سودىگەرلەرنىڭلا بۇنىڭغا كۈچى يېتەتتى. شۇڭلاشقا غۇلجىغا بارىدىغان مال ۋە يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنا بىلەن، يول بويى بىرەر تال بىنا كۆرۈنمەيدىغان چۆل قاقاسلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاندىن غۇلجىغا يېتىپ كېلەتتى. ماشىنا بىلەن نەچچە سائەتلەپ سەپەر قىلغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى يېنىدا تاغلار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ تاغلارنىڭ بەزىلىرى بەكلا ئېگىز كۆرۈنىدۇ، ئاستا - ئاستا تاغلار يېقىنلاپ بىر تار جىلغىغا ئايلىنىدۇ، ئاپتوموبىللار جىلغا ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى تار يولدا قىستىلىپ مېڭىشقا باشلايدۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن تاغلار توساتتىن يىراقلاپ كۆز ئالدىڭىزدا بىر ئۈچى ئۇپۇققا سوزۇلغان بۈيۈك كۆل پەيدا بولىدۇ، بۇ كۆل ياز پەسلىدە كۆپ كۆك، قىش پەسلىدە بولسا ئاپپاق كۆرۈنىدۇ. كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاش يول توساتتىن ياۋروپا تاغلىرىغا ئوخشاش ياپ يېشىللىق بىلەن تولغان ئەگرى - بۈگرى جىلغىنى بويلاپ ئىلى ۋادىسىغا تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ.

1997 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجا رايونى بىر قانچە جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە چېلىققان. مەسىلەن، غۇلجىنىڭ ئالمىسى، مۆتىدىل ھاۋا كىلىماتى، كۆپ-كۆك ئاسمانلىرى، قارىغاي ۋە ئاق تېرەكلىرى بىلەن تونۇلغان. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزى گەرچە دۆلەت چېگرىسىدىن سەل يىراق بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەردىن بىر خىل چېگرا شەھىرىنىڭ تۈسى چىقىپ تۇراتتى. شەھەر بازارلىرىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە رۇسىيەنىڭ ئىمپورت ماللىرى سېتىلسا، تاغلاردا قازاق چارۋىچىلار مال باقاتتى. غۇلجا يەنە مۇھىم تارىخىي شەھەر بولۇپ، ئىلگىرى مەزكۇر شەھەر ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي گازارمىسىنىڭ مەركىزى بولغان (چىڭ سۇلالىسى ھەربىي گازارمىسىنىڭ خارابىلىرىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ خويبيۇەن يېزىدا تاپقىلى بولىدۇ). غۇلجا شەھىرى يەنە شىمالى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ شەھەر ھېسابلىناتتى (330 مىڭ نوپۇسنىڭ 48% نى ئۇيغۇرلار، 36% نى خىتايلار،

قالغان قىسمىنى قازاق ۋە تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەر تەشكىل قىلاتتى). ئەمما يامان يېرى غۇلجىدا ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ۋە ئىشسىزلىق باشقا رايونلاردىن كۆپ يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كونەستىكى ئۇران كېنىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بۇ كاندا جىنايەتچىلەر ئىشلەيتتى، بۇ كاندا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 10 ـ 20 پىرسەنت ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر كاننىڭ مەۋجۇتلۇقى دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە كىرگەچ ئۇنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى.

ئەمما 1997 ـ يىلى فېۋرال ۋەقەسىدىن تارتىپ غۇلجا شەھىرى مەزكۇر ۋەقە بىلەن تونۇلىدىغان بولغان. خۇددى 1990 ـ يىلى يۈز بەرگەن بارىن ۋەقەسىگە ئوخشاش غۇلجا ۋەقەسىمۇ ھازىرقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى دەۋرى بۆلگۈچ ھادىسە دەپ قارىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. بارىن ۋەقەسى بىلەن بولغان ئاساسلىق پەرقى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى ۋە جەريانى ھەققىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ئۇچۇر ساقلانغان. مەزكۇر رايونغا گەرچە چەت ئەل مەتبۇئاتلىرى كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاچىلارنىڭ گۇۋالىقلىرى بىلەن نەخ مەيداندا تارتىلغان قىسمەن سىن ئالغۇ لىنتىلىرى ساقلىنىپ قالغان.



1997 ـ يىلى4 فېۋرال كۈنى ساقچىلار مەسچىتلەردە ۋە كىشىلەرنىڭ شەخسى ھويلا ئارامىلىرىدا دىن ئۆگەنگەن دەپ 200 ياشنى قولغا ئالغان. 5 ـ فېۋرال كۈنى 500 نەپەر ئۇيغۇر ياش قولغا ئالغانلارنى قويۇپ بېرىشنى ۋە مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى چەكلىمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلغان. ئۇلار قوللىرىغا دىنىي لوزۇنكىلارنى ئېلىپ، شوئار تۇۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلاردا ئوخشاشماسلىقلار كۆپ. بەزىلەر: «باج تۆلىمەيمىز، دۆلەتتىن ھېچ نېمە تەلەپ قىلمايمىز» دەپ شوئار تۇۋلىغان دەپ خەۋەر قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا ئۇلار دىنىي شوئارلارنى تۇۋلىغان دەيدۇ. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن ساقچىلار نامايىشچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىتقا تالىتىپ، ئوق چىقىرىپ، نۇرغۇن كىشىنى قولغا ئېلىپ نامايىشنى بېسىقتۇرغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بولغانىدا چۈشتىن بۇرۇن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق

- تۇغقانلىرىدىن تەشكىل تاپقان كەڭ كۆلەملىك نامايىش بولغان بولۇپ، بۇنىمۇ ساقچىلار تېخىمۇ ۋەھشىلىك بىلەن باستۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى قولغا ئالغان. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي تۇتۇلغانلاردىن بىر قىسمى كېچىچە تالادا تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئېغىر دەرىجىدە ئۈششۈپ قالغان. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئىلى شەھىرىدىكى 4 - دېۋىزىيەنىڭ تۈرمىسىگە پاتماي بەزىلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى قارا تۈرمىلەرگە قامىغان. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى نەچچە ھەپتە ياكى نەچچە ئايلارغىچە ھېچ قانداق ئاساسسىز قاماپ قويۇلغان.

ئىككى كۈن ئىچىدە توپىلاڭ شەھەر سىرتىغا كېڭىيىپ، توپىلاڭچىلار ماشىنىلارغا ئوت قويۇپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغان. ساقچىلاردىن ئۆچ ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن، قىسمەن ئېنىقسىز ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا بەزى خىتاي ئاممىسىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. مەزكۇر ۋەقەدە زادى قانچە كىشى ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. غەربلىك تەتقىقاتچىلار 300 ئەتراپىدا ئادەم ئۆلگەن دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ، مەزكۇر ۋەقەنى «غۇلجا قىرغىنچىلىقى» دەپ قارايدىغان چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەزكۇر ۋەقەدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ۋەقەنىڭ دەسلىپىدە ھۆكۈمەت تەييارلىقسىز بولغاچ، تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇدىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن، كېيىنكى ھەپتىلەردە غۇلجا شەھىرىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ بىگتۇەن قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن ھەربىلەر كوچىلارنى چارلاپ يۈرگەن. ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ نۇرغۇن كىشىلەر قارا - قويۇق قولغا ئېلىنغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا 3000 دىن 5000 گىچە كىشى قولغا ئېلىنغان.

ھۆكۈمەتنىڭ دەسلەپكى ئىنكاسى بولسا بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئېغىرلىقىنى يوققا چىقىرىش بولۇپ، ئۇنى سىياسىي مەقسەت ئارىلاشمىغان ھەرىكەت دەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر، بۇلاڭچىلار ۋە «جەمئىيەتنىڭ ئەخلەتلىرى» ئېلىپ بارغان بۇلاپ - تالاش ۋە چېقىپ ۋەيران قىلىش ھەرىكىتى دېگەن. خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك 8 - فېۋرال كۈنى

ھۆكۈمەت مىدىيەلىرى ئۇنى مىڭلىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمان خەلقى شات ـ خۇراملىق بىلەن مەسچىتلەردە جەم بولۇپ روزا ھېيتنى قۇتلۇقلىدى دەپ خەۋەر قىلغان.

ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجا ۋەقەسىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن. 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت غۇلجا ۋەقەسىگە بولغان قارىشىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ مەزكۇر ۋەقەنى «خارەكتېرى ئېغىر توپىلاڭ، مەزكۇر ۋەقەگە قاتناشقان تېرروررچىلار ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز دەپ شوئار توۋلىغان» دېگەن. مەزكۇر ۋەقەگە «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيەسى» دېگەن تەشكىلات قۇتراتقۇلۇق قىلغان دېگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى بۇندىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان، غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىنمۇ قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىدىن باشقا بۇ تەشكىلاتقا مۇناسىۋەتلىك ھېچ قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغاچ، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ راستىنلا مەۋجۇت تەشكىلات ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان.

نۇرغۇن غەرب مىدىيەلىرى مەزكۇر توپىلاڭنىڭ سىياسى مەقسىتىنى بەكرەك گەۋدىلەندۇرگەن بولسىمۇ، ھېچ قايسى ئۇنى تېرروررلۇق دەپ خەۋەر قىلمىغان. بىرلەشمە ئاخباراتنىڭ خەۋىرىدە غۇلجا ۋەقەسىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى» دېگەن س ن ن بولسا «بېيجىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نامايىش مارچى» دېگەن. گەرچە بۇ خىل دېيىشنىڭ ھەممىسى خاتا بولمىسىمۇ، مەزكۇر ھەرىكەتكە بۆلگۈنچىلىكتىن بەكرەك يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرىگە بولغان نارازىلىق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. رۇشەنكى «بۆلگۈنچىلىك»، «دىن» ۋە «كىشىلىك ھوقۇق» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان ئۇقۇملاردۇر. غۇلجا ۋە باشقا يەرلەردە نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ياكى ھەممىسى تۈپەيلى نامايىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. خۇددى غۇلجىلىق بىر دوستۇم دېگەندەك: «نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى خىتايلارغا ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە نەپرەتى بولغانلىقى ئۈچۈن بارغان، بەزىلىرى ئىشسىزلىقتىن نارازى بولۇپ بارغان، بەزىلىرى ئىمامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ بارغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزىلىرى بولسا جېدەل - ماجىراغا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن بارغان.»

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇرەككەپ مەسىلىنى غەرب مەتبۇئاتلىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش بىرلا مەقسەتنى قوغلاشقان دەپ ئاددىلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش كىشىدە جەزمەن كۈچلۈك گۇمان قوزغىماي قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن ئۈچۈر بەرگۈچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا ياققان ۋارىيانتلارنى تاللاپ خەۋەر قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇخبىرلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ خىل قارشىلىق ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىن ئۇلار بىلەن سەممىي سۆھبەت قىلالايدىغانلارنى تاپالماسلىقى مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن (توپىلاڭغا قاتناشقۇچىلار زىيارەتنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئېغىر توقۇنۇشلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ). ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل ھادىسىلەرگە تۇتقان قاتتىق قوللۇق سىياسىتى تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىشىنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەسىلەن، شىنجاڭدا يەرلىكلەر چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قويسىلا تۈرمىگە تاشلىنىشى
167
مۇمكىن. دېمەك، نەتىجىدە بۇ خىل ھادىسىلەرگە چۈشەنچە بەرگەندە دائىم قاتمال ۋاستىلەر قوللىنىلىدۇ دېگەن گەپ.

بارىن ۋەقەسىمۇ خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئانچە - مۇنچە خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، غۇلجا ۋەقەسى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا تونۇلىشىغا تۈرتكە بولغان. سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان بىر گېزىت «كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرى» ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئامېرىكا كوڭگرېسى قانۇن ماقۇللاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچۈر ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا خەۋەر بېرىشنى قارار قىلغان. كېيىنكى يىلى كوڭگرېس يەنە ئۇيغۇرلارنى دىنىي ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقان مىللەتلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن. تۈركىيە ھۆكۈمىتى غۇلجا ۋەقەسىگە بولغان نارازىلىقىنى تېخىمۇ ئاشكارا بايان قىلغاندىن باشقا ياۋروپا بىرلىكىمۇ غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە خىتاينى ئەيىپلىگەن. 1997 - يىلى ئاپرېلدا ياۋروپا بىرلىكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇق تۈرمىگە تاشلاپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشقا

ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى توختىتىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئارىلىشىۋاتقان تەرەپلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ قاراردا شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ھەر قانداق بىر دۆلەت ياكى خەلقئارا تەشكىلات بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتتى دېگەن گەپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ياۋروپا بىرلىكىنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشى قەستەن بولغانمۇ ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بولغانمۇ ۋەياكى چەت ئەلدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ لوبچىلىقى نەتىجىسىدىن بولغانمۇ دېگەن سوئالغا ئېنىق بىر نېمە دەپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ.

غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى قوراللىق كۈچلەرنى كۆپەيتكەن. خوڭكوڭدىن چىقىدىغان «جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» شۇ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا 100 قوشۇن يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. ئەمما بۇ ۋاستىلەر 25 ـ فېۋرال كۈنى ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن ئۈچ ئاپتوبۇز پارتلىتىش ۋەقەسىنى توسۇپ قالالمىغان. بۇ ۋەقەدە جەمئىي9 كىشى ئۆلگەن،28 كىشى يارىلانغان. بۇ ۋەقەلەر دېڭشياۋپىڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى بۇ پارتلىتىشلار ئالدىن پىلانلانغان تېررورلۇق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق (چۈنكى بۇلار سىياسى مەقسەت ئۈچۈن بىگۇنا ئاممىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان). گەرچە بۇ ۋەقەلەرگە كىمنىڭ مەسئۇللىقى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، غۇلجا ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەچ بۇ ئىككى ۋەقە ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىسا خاتا بولمايدۇ. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاساسلىق كوچىلاردىكى ئاپتوبۇز بېكەتلىرىگە قوراللىق ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ، كوچىلارنى ئەسكەر باسقان ماشىنىلار بىلەن چارلاشقا باشلىغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي 7 ـ 8 ـ مارت كۈنلىرى بېيجىڭدا پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، بۇنى دەرھال ئۇرۇمچىدىكى پارتلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ پەرەز قىلغان. نۇرغۇن خىتاي بۇنىڭغا چىن پۈتۈپ، ئۇيغۇرلاردىن ئېھتىيات قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان، بەزى ئۇيغۇرلار بېيجىڭدىكى مېھمانخانىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياتاق بەرمىگەنلىكىنى، كىرا ماشىنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ خىل ئەھۋال شۇندىن بېرى داۋاملاشقان بولۇپ، ھەر قېتىم ۋەقە چىققاندا تېخىمۇ چىڭقىپ كەتكەن، مەسىلەن 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى، 2013 - يىلى بېيجىڭدىكى ماشىنا پارتلاش ۋەقەسى ۋە كېيىنكى يىللىرى يۈز بەرگەن كۇنمىڭ ۋەقەسىدەك ۋەقەلەردىن كېيىن تېخىمۇ يامانلاشقان.

ئەمما 1997 - يىلى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، پارتلاش يۈز بەرگەن چاغدا خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ئەرزدارلار يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئۈچۈن توپلانغان. ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭ ئەرزدار يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئادالەتسىزلىكى ياكى چىرىكلىكى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ بېيجىڭغا كېلەتتى، ئەمما كۆپلىرىنىڭ ئەرزلىرى جاۋابسىز قالاتتى. پۇقرالىرىنىڭ نارازىلىق ئەرزلىرىگە قانائەتلىك جاۋاب بەرمەسلىك سىچۇەننىڭ رىنشۇ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەندەك كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى قارشىلىقلارغا سەۋەب بولاتتى. شۇڭلاشقا قىسمەن ئەرزدارلار چېكىدىن ئاشقان ۋاستىلەر ئارقىلىق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلانغان. 1990 - يىللاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ نۇرغۇن ئاپتوۋۇز پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ شىنجاڭ بىلەن باغلىنىشى يوق ئىدى. (خىتايدا پارتلىتىش دورىسى تېپىش قىيىن ئەمەس، نۇرغۇن كانلاردا پارتلىتىش دورىسى ئىشلىتىلىدۇ، مەن خىتاي دېھقانلىرىنىڭ پارتلىتىش دورىسى بىلەن بېلىق پارتلاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن). بېيجىڭدىكى پارتلاش ۋەقەسىنى ئۈرۈمچى بىلەن باغلاشنىڭ يەنە بىر سەلبى تەسىرى ھەر ئىككى پارتلاشقا ھېچ كىم ئىگىدارچىلىق قىلمىغان بولۇپ، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغان ئابلەت ئابدۇرۇشىتمۇ بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

خۇددى بارىن ۋەقەسىگە قايتۇرغان ئىنكاسقا ئوخشاش شىنجاڭ ھۆكۈمىتى نۇرغۇن كىشىلەرنى قارا - قويۇق قولغا ئېلىپ، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەن.

ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قولغا ئېلىنغانلارغا ئوچۇق سوت ئېچىلغان بولۇپ، بۇ سوتنىڭ ئاساسى مەقسىتى كۈچ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. غۇلجا شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدا ئېچىلغان ئوچۇق سوتقا بەش مىڭ كىشى (ئاساسلىقى ئەسكەرلەر ۋە كادىرلاردىن تەركىب تاپقان) قاتناشقان. ئوچۇق سوتتا 30 كىشىگە ھۆكۈم كېسىلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ كىشىگە «قەستەن زەخىملەندۈرۈش، ئوت قويۇش، لۈكچەكلىك، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چاققان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. قالغانلىرىغا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپ، ئۈستى ئوچۇق ماشىنا بىلەن كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنغان. جاۋابكارلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ماشىنىغا يېقىنلىشىپ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇرۇنغاندا ئۇلارنى يالاپ ماڭغان ساقچى ماشىنىسىدىكى ساقچىلار ئوق چىقىرىپ ئۈچ كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئون كىشىنى يارىلاندۇرغان. 1997 ـ يىلى 1 ـ ماي كۈنى چىققان «غۇلجا كەچلىك گېزىتى»دە ئوققا تۇتۇلغان ئاممىنى «توپىلاڭچىلار»دەپ خەۋەر بېرىلگەن. مەزكۇر خەۋەردە يەنە ساقچىلار ئاۋۋال ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن دەپ يازغان.

كېيىنكى ئايلاردا تېخىمۇ كۆپ كىشى تۇتۇلغان. مەزكۇر گېزىتنىڭ 22 ـ ماي چىققان سانىدا «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى داۋامىدا نۇرغۇن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان دەپ خەۋەر قىلغان. ئىيۇن ئېيىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن دىنىي ھەرىكەتلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاشقا باشلىغان. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا يەر ئاستى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش نەتىجىسىدە 133 مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشى توختىتىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر چېقىۋېتىلگەن. مەسىلەن، 1995 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلى مابەينىدە غۇلجىدىلا 70 ئەتراپىدا مەسچىت چېقىۋېتىلگەن، ئۈرۈمچىدە 1998 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 20 مەسچىت چېقىۋېتىلگەن. بۇ مەسچىتلەرنى ئالىي ۋە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بەك يېقىن ئىكەن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەن بانا بىلەن چاقتۇرىۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، 1997 - يىلىدىن باشلاپ تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلىدىغان بولغان. شۇ يىلى خوتەندىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئېلان چىقىرىپ ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ قانۇنسىز يەر ئاستى دىنىي مەكتەپتە تەلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ رايونلۇق ھۆكۈمەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنسىز دىن ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەردىن 100 دىن ئارتۇقىنى تاقىتىۋەتكەنلىكىنى جار سالغان. بىر ھۆججەتتە «قانۇنسىز دىنىي تەلىم بېرىدىغان مەكتەپلەرنى مەھەللىمۇ مەھەللە، يېزىمۇ يېزا، كەنتمۇ كەنتە ئىزدەپ تېپىپ يوق قىلدۇق» دەپ ماختانغان. 1997 - يىلى ئىيۇل ئېيىدا شىنجاڭ رايونلۇق دائىمى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھامىدىن نىياز «بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بارايلى» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. گەرچە ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن «بۇ ھەرگىزمۇ مىللىي ياكى دىنىي مەسىلە ئەمەس» دەپ قېتىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما قولغا ئېلىنىپ جازالىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن ساقىت بولمىغان.



غۇلجىدا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل قاتتىق قوللۇق سىياسەت تۇتۇشىنىڭ ئۈنۈمى ئەكسىچە بولغان. مەن تونۇيدىغان بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇپ، ھاراق، تاماكىغا يېقىن يولىمايدىغان، ھەج قىلىشنىڭ سىن ئالغۇلىرىنى كۆرۈش بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان غۇلجىلىق تونۇشلىرىم 1997 - يىلىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ھاراق، تاماكىدىن قالمايدىغان، مەسچىتكە بارمايدىغان ناچار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ يولغا كىرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى پەقەت خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقنىڭ نەتىجىسىدە بولغان دەپ مۇتلەقلەشتۈرسەك مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەن بولىمىز. نۇرغۇنلىرى ئۈچۈن دىنىي يولنى تاللاش بەلكىم ھۆكۈمەتكە قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ سىمۋولى بولسا كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجا ۋە باشقا رايونلاردىكى نامايىشلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۆرگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىرى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈش يولىنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما

دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچىيىشى ئۇيغۇرلار يۈزلىنىۋاتقان ئىقتىسادىي مۈشكۈللۈكلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەشرەپ پائالىيىتىگە ئوخشاش دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈمىدسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر مەلھىمى بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەر شەخسلەرنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىلھام بولغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجىدا مەشرەپ پائالىيىتىنى چەكلىگەندىن كېيىن، مەشرەپ پائالىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىكى پايدىلىق تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەشرەپ قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھىرىدە قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئالماتا شەھىرى غۇلجىغا يېقىن بولۇپلا قالماي 100 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر توپلىشىپ ياشايدىغان شەھەر بولغاچ، مەزكۇر شەھەر قىسقا بىر مەزگىل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مەسىلىلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا مۇنازىرە قىلغىلى بولىدىغان جاي بولۇپ قالغان.

غۇلجا ۋەقەسىنىڭ قاتتىق باستۇرۇلىشى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرىۋەتكەن. ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى مۇساپە تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. مەن غۇلجىدا تۇرغان بىر يىل جەريانىدا قاتناشقان شەخسىي يىغىلىشلاردىن پەقەت بىرىگىلا خىتاي ۋە ئۇيغۇرلار تەڭ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا قاتناشقان خىتاي ئايال ئىچكىرىدىن چىققان تەتقىقاتچى ئىدى. قالغان توي - تۆكۈن ۋە زىياپەتلەردە خىتاي ۋە ئۇيغۇرلار ئارىلاشمايتتى. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر، قازاق، خىتاي ۋە تۇڭگانلار تەڭ لەززەت ئالىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ بىرى يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇخۇ سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئىدى. ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى بۇ خىل ئايرىمچىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىششىنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ قالغان.

شۇندىن كېيىنكى ئىككى يىل مابەينىدە شىنجاڭدا تۈرمىگە تاشلاش ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشتى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دۆكلاتىغا ئاساسلانغاندا 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە

شىنجاڭدا210 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ 190 كىشىنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپ، شەكلىۋازلىق بىلەن سوت ئېچىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئىدى. شىنجاڭدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ سانىنى نوپۇس سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆلۈم جازاسى بېرىش نىسبىتى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىش نىسبىتىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى.

خىتاينىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتسىزمۇ قولغا ئېلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئاسانلاشتۇرۇۋەتكەچ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش تېخىمۇ ئاسانغا چۈشكەن. 1998 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت» دېگەننى «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان كەلتۈرۈش» جىنايىتى دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلەنگەنلەرنىڭ جازاسى ئېغىر بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىمۇ كېلەتتى. يېڭى جىنايەت ئىسملىرى ئارىسىدا يەنە «مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغاش جىنايىتى» ۋە «مىللىي كەمسىتىش جىنايىتى» دېگەن جىنايەتلەر قېتىلغان بولۇپ، بۇ جىنايەتلەرگە بېرىلگەن ئېنىقلىما ئېنىق بولمىغاچ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار كەمسىتىشكە ئۇچرىدى دېگەن گەپنى قىلغانلارنىمۇ يۇقىرىقى جىنايەت بىلەن تۇرمىگە تاشلايتتى. مەيلى قايسى مىللەتكە تەۋە بولسۇن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ئەمەلىيەتتە پۇقرالىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداپ باققان ئەمەس، چۈنكى ئەمەلدارلار دائىم قانۇن ۋە ئەدلىيەنى كونترول قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. ھەتتا بايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتىمۇ ئۇلارنى قانۇننىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن ساقلاپ قالالمىغان، نەتىجىدە 1999 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئەڭ باي ئايالنى تۈرمىگە تاشلىغان.

5

# سۈرگۈنلەر



رابىيە قادىرنىڭ ئىسمى كىشىلەردە ھەمىشە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغايدۇ. 1995 ـ يىلى خىتايدا چىقىدىغان بىر تىجارەت ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدا رابىيە قادىرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ «ئەقىل بىلەن تولغان كۆزلىرى» ۋە «پارلاق تىجارەت كاللىسى»غا ئاپىرىن ئوقۇغان. ئەينى چاغدا خىتايدىكى بايلار ئارىسىدا يەتتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەڭ باي ئايال تىجارەتچى ھېسابلىنىدىغان رابىيە قادىرغا بۇنداق ئالقىشلارنى ياغدۇرۇش ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ رابىيە قادىرغا بولغان قارىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزگەرگەن. 2000 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىدى» دېگەن جىنايەت بىلەن رابىيە قادىرنى تۈرمىگە تاشلاپ، 2005 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن تۈرمىدىن چىقارغان. بۈگۈنكى كۈندە بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە رابىيە قادىر تېررورچى كۈچلەر بىلەن بىر قاتاردىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇر دەپ قارىلىپ، دائىم «شەرقىي ھايانى بىلمەيدىغان كەسپى يالغانچى» دەپ ئەيىپلىنىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇغۇسىنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈك قاينىشىغا رابىيە قادىرنىڭ 2006 ـ يىلىدىن بېرى ئۇيغۇر دەۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىكى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى

ئۈستىگە ئېلىشى سەۋەب بولغان. رابىيە قادىرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى بولغاندىن بىرى قىلغان خىزمەتلىرىنى قىسمەن سىياسىيونلار، كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكەتچىلىرى بىلەن قىسمەن مۇخبىرلارمۇ ماختاپ ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن. 2009 ـ يىلى ئىيۇلدا «ۋاشىنگتون پوچتىسى» دېگەن گېزىتتە رابىيە قادىرنى تونۇشتۇرغان بىر پارچە ئەجابى ئىبارىلەر بىلەن تولغان ماقالىدا ئۇنى «ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىگەن. شۇ ئايدا ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «ئىندىپېندىن» (ئىستىقلال) گېزىتىمۇ رابىيە قادىر ھەققىدە ماقالە چىقىرىپ ئۇنى «غەربلىكلەر ۋە ئۆز خەلقىنىڭ نەزىرىدە رابىيە قادىر ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمان» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ ئىككى قېتىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كاندىدات قىلىپ كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جورج بۇش قاتارلىق كاتتا رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. 2009 ـ يىلى رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي ھاياتىنى تونۇشتۇرىدىغان «مۇھەببەتنىڭ 10 شەرتى» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەنگەن، شۇ يىلى ئۇنىڭ تەرجىمىلى «ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقۇچى» دېگەن تېمىدا ئىنگلىزچىدە نەشر قىلىنغان.



رابىيە قادىر 1949 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي شەھرىدە بىر ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ تېخى كىچىك ۋاقتىدىلا خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نورغۇن يەر ـ مۈلكى ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالغان. 1961 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن مەجبۇرى ئاقسۇغا كۆچۈرۈلۈشكە ئۇچرىغان. كېيىن ئۇ يەرلىك بانكىدا ئىشلەيدىغان بىر كادىر بىلەن توي قىلىپ، توققۇز پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن 1976 ـ يىلى ئاجرىشىپ كەتكەن. كېيىن بىر كىر يۇيۇش دۇكىنى ئېچىپ، ئارقىدىن ئالتۇن زىبۇ زىننەت ۋە تېرىچىلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما بۇنداق سودىلار ئەينى چاغدا قانۇنسىز ھېسابلىناتتى. كېيىنچە ئۇ سىياسىي قارشى تۈپەيلى تۈرمىدە يېتىپ چىققان سىدىق روزى دېگەن كىشى بىلەن توي قىلغان. 1980 ـ يىللىرى ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ، مۇقىم مۈلك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى قىلىشقا باشلىغان. رابىيە قادىرنىڭ ھال ئوقىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىڭغا نەزىرى

چۈشۈپ، 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تاللانغان. كېيىنچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆسكەن. 1994 ـ يىلى ئۇ خىتايدىكى ئەڭ باي ئايال كارخانىچى بولۇپ تونۇلۇپ، ۋالستىرىت ژۇرنىلى دېگەن تىجارەت ژۇرنىلىنىڭ باش بېتىدە سۈرىتى بېسىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. كېيىنكى يىلى ئۇ بېيجىڭدا ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كلىنتوننىڭ خانىمى ھىلارى كلىنتون بىلەن ئۇچراشقان. شۇ يىلى ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان بىر يىغىنغا 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 21 پارچە ئالتۇن ۋە جاۋاھىر بىزەكلەرنى تاقاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە سورالغان سوئالغا ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى مۇھىم سورۇنلارغا مۇشۇنداق ياسىنىپ قاتنىشىدۇ دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

1996 ـ يىلى سىدىق روزى ئامېرىكىغا بېرىپ سىياسى پانالىق تىلەپ، ئازاتلىق رادىئوسىدا مۇخبىرلىق قىلىشقا باشلىغان. 1996 ـ يىلى رابىيە قادىر دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغۇرلىغان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ سەككىز يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا رابىيە قادىر ئامېرىكىدىكى سىدىق روزىغا يەرلىك گېزىتلەرنى ئوغۇرلۇقچە ئەۋەتىپ بەرگەن، بۇ گېزىتلەر گەرچە شىنجاڭدا ئوچۇق ـ ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەلگە ئەۋەتىش مەنئى قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ ئامېرىكا كونگرېسى خىتايدىن رابىيە قادىرنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، 2005 ـ يىلى كىسەللىك بىلەن تۈرمىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىلگەن. بۇنداق بولۇشى بەلكىم خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق سىياسى سودىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك، چۈنكى ھەر يىلى ئامېرىكا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تەنقىد قىلىپ قارار چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئامېرىكا شۇ يىللىق مەجلىستە بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالماسلىققا ماقۇل بولسا خىتاي رابىيە قادىرنى قويۇۋېتىدىغان بولغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن رابىيە قادىر ئامېرىكىغا بېرىپ يولدىشى ۋە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەردە ياشاۋاتقان باللىرى بىلەن جەم بولغان. ئەمما 2006 ـ يىلى رابىيە قادىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ شىنجاڭدا قالغان تۆت پەرزەنتىنى باج ئوغرىلىدى دېگەندەك ھەر خىل بانالار بىلەن جىنايەت ئارتىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

رابىيە قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى دۇنياغا تونۇتتى (بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارالىششىشى 2009 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەمۇ تۈرتكە بولغان). رابىيە قادىر تەرجىمىھالىدا «مەن ئۇيغۇرلارغا ئانا، دەردىگە داۋا، كۆز يېشىنى سۈرتىدىغان ياغلىق، يامغۇردىن پاناللىندىغان يامغۇرلۇقى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن. بۇ گەرچە ئالىجاناپ (ئەمما سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن) بىر ھېسسىيات بولسىمۇ، رابىيە قادىرمۇ خۇددى باشقا سۈرگۈندە ياشاۋاتقان سىياسىي رەھبەرلەرگە ئورتاق بولغان مەسىلىدىن خالىي ئەمەس ئىدى، يەنى رابىيە قادىر نېمىگە تايىنىپ ئۆزىنى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى دەپ ئاتايدۇ؟ ئۇنى بۇ ئورۇنغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچ كىم سايلىمىغان دېگەن قاراشقا قارشى چىقىش ئەڭ چوڭ ئەخمەقانىلىق. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل نارازىلىقلىرى، ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلىرى، مۇرەككەپ تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ دېگەن سوئالمۇ بار.

شىنجاڭدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىغا بولغان قاتتىق نازارەتچىلىكى تۈپەيلى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئىنتايىن يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. نىبراسكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى كىرىستىئان پېتېرسىن دېگەندەك «يەرلىك خەلقنىڭ ‹سۈكۈت› قىلىشى سۈرگۈندىكى جامائەت ئەزالىرى ئۈچۈن كوللېكتىپنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل ئوبرازنى يارىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ». شۈبھىسىزكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار رابىيە قادىرنى ھۆرمەتلەپ ئەزىزلەيدۇ، ئەمما چەت ئەلدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى ئانچە قوللاپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە تاكى 2009 ـ

يىلىغىچە ئۈرۈمچىنىڭ تېشىدىكى ئۇيغۇرلار بەلكىم رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن رابىيە قادىرنى قارىلاش ئۈچۈن ھەدەپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ئاشۇرىۋەتكەن.

ئۇيغۇرلارغا زادى كىم ۋەكىللىك قىلالايدۇ دېگەن بۇ مەسىلە ئەمەلىيەتتە يېڭى مەسىلە ئەمەس. سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، بولۇپمۇ 1990 - يىللاردىن بۇيانقى تارىخىغا قارىساق بۇ مەسىلىنىڭ 50 يىلدىن بىرى پائالىيەتچىلەرنىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوخشاش بولمىغان جايلارغا تارقالغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا زادى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش كېرەكمۇ ياكى ھەقىقىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش كېرەكمۇ، قوراللىق قارشىلىق قىلىش كېرەكمۇ يوق، ئۇيغۇردىن باشقا خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرنىمۇ كەلگۈسى قۇرماقچى بولغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇش كېرەكمۇ يوق دېگەندەك مەسىلىلەردە پىكىر ئوخشىماسلىقى داۋاملىشىپ كەلگەن.



خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئاخبارات ۋە ئىنتېرنېت تور ئۇچۇرلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىدىن پەقەت شىنجاڭنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان 500 مىڭ ئۇيغۇر جامائىتىلا خەۋەردار بولالايتتى. چېگرا سىرتىدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئەڭ دەسلىپىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا ئالپتېكىن 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىن قېچىپ تۈركىيەگە ماكانلاشقاندىن كېيىن باشلىغان. ئۇلار تۈركىيەدە تۈرۈپ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش، ئىلمىي يىغىنلارغا ئىشتىراك قىلىشقا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. 1950 - 1960 - يىللىرى ئۇلار مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش پائالىيەتچىلىرى ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىك تۈرغۈزۈشقا تىرىشقان. گەرچە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرى قارارنامىلارنى ماقۇللىغان بولسىمۇ، ھېچ قايسى دۆلەت شىنجاڭ ھەققىدىكى قارارنامىلارنى ئىجرا قىلمىغان. مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمىن بۇغرا 1965 ـ يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن ئىيسا ئالپتېكىن تاكى 1995 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. تۈركىيەدە دۇنيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ياردەم بېرىش دېگەن شوئارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي بازىرى كۈچلۈك بولغان، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىيسا ئالپتېكىننىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن كۆپ ياردەملەرنى بەرگەن. 1991 ـ يىلى قۇرۇلغان ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ مىللىي ھەرىكىتىگە يار ـ يۆلەك بولغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىيسا ئالپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالپتېكىن بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلات چەتكە قېقىلغان ئۇششاق مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ساداسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشنى مەقسەت قىلغان.

تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغانغا قەدەر تۈركىيە ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە بېرىش ـ كېلىشنىڭ ئاسانلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر نوپۇسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ يېڭى مەركىزى بولۇپ قالغان. چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئومۇمى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا توپلاشقان. قازاقىستان مۇستەقىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردە ئىككى ئۇيغۇر تەشكىلاتى قۇرۇلغان. قازاقىستاندا قۇرۇلغان «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلات»نى خۇددى ئىيسا ئالپتېكىن قۇرغان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭغا تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزۈشكە تىرىشقان. قازاقىستاندىكى يەنە بىر تەشكىلاتنىڭ ئىسمى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى بىرلىكى فرونتى» بولۇپ، بۇ تەشكىلات رادىكال ۋاستىلەرنى تەكىت قىلغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى يۇسۇپبېك مۇخلىسى30 مىڭ يەر ئاستى ئارمىيىسى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ قارالغان. 1997 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاپتوبۇز پارتلىتىش ۋەقەسىگە يۇسۇپبېكنىڭ ئوغلى ئىگە چىققان. ئەمما ئەمەلىيەتتە دادا ـ باللارنىڭ شىنجاڭدا يۈز

بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلار تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن ئانالىزچىلار شىنجاڭنى تېررورچىلار قورشىۋالدى دېگەن ئانالىزلىرىدا ھېچ قانداق ئاساسى بولمىغان شارائىت ئاستىدا دادا ـ بالا ئىككىسىنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرار قوللانغان (بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 6 ـ باپتىن كۆرۈڭ.)

چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى 1990 ـ يىللىرىدا تۈركىيەدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن 1992 ـ ۋە 1998 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ۋە قوغلىشىدىغان ئارزۇلىرىنىڭ بىر يەردىن چىقماسلىقى تۈپەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ئەمما بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە 1998 ـ يىلى ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى» دېگەن تەشكىلات تەشكىللەنگەن. گەرچە بۇ تەشكىلات بەزىلەر ئارزۇ قىلغاندەك سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەدەنىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتلەردە نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان بولۇپ، 1998 ـ يىلى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشقا باشلىغان. مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ چىقىرىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئاستىدا قالغان خەلقلەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان تەشۋىقات ئورنى (مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەيدانىنىڭ بىتەرەپ ئەمەسلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن مۇنازىرە ئوبيېكتى بولۇپ كەلمەكتە.)

ئەمما 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۈركىيە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن خەتەرلىك جايلار بولۇپ قالغان. 1990 يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەگە بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان. 1995 ـ يىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ مەركىزىدە بىر باغچىنى ئىيسا ئالپتېكىننىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا قارار قىلغاندا، ئەينى چاغدا خىتاينىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تۈركىيە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى دەپ نارازىلىق قىلغان. گەرچە مەزكۇر باغچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نامى ئىيسا ئالپتېكىننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىش پىلانىدا ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، خىتاي بىلەن تۈركىيە ئارىسىدا نامەلۇم مۇرەسسە كېلىشىمى بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئىككىنچى يىلى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى چاۋشى تۈركىيەنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقان. 1998 - يىلى تۈركىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خىتاينى زىيارەت قىلىش ھارپىسىدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە قارشىلىق نامايىشى ئۆتكۈزمەسلىكنى بۇيرىغان. 1999 - يىلى تۈركىيەنىڭ پرېزىدېنتى خىتاي قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى لى پېڭغا ئۆزىنىڭ خىتايغا قارشى ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

1996 - يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش بىردىنلا كۈچىيىپ كەتكەن. 4 - باپتا ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشلەردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ نورغۇنلىغان مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكىتىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان. 1998 - يىلىنىڭ بېشىدا ئالماتادا مەشرەپ ئۆتكۈزۈش چەكلەنگەن.



1999 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىگە كۆچۈشكە باشلىغان. گەرچە بۇ دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇقىم ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بولمىسىمۇ، بۇ دۆلەتلەردە پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىم ۋە تەسىرىدىن خالىي بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. 1999 - يىلى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ كۆلەملىك بىر يىغىلىشتا ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم بىرلىككە كەلگەن بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇشقا ئۇرۇنغان (مەزكۇر تەشكىلات دەسلىپىدىلا زوراۋانلىق ئىشلەتمەسلىكنى ئاساسلىق پرىنسىپ دەپ جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، يوسۇپبېك مۇخلىسى بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. (گەرچە يىغىلىش ئىشتىراكچىلىرى تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما غەلىبىلىك

ھالـدا «شـەرقىي تۈركىسـتان (ئۇيغۇرىسـتان) قۇرۇلتىيـى» دېگـەن ئىسمى تـازا قاملاشـمىغان بىرلىككـە كەلگـەن بىـر تەشـكىلات قـۇرۇپ چىقالىغـان.

ئىسـمىنىڭ قاملاشـمىغانلىقىغا قارىمـاي مەزكـۇر تەشـكىلات پـۈت تىـرەپ تۇرۇپـلا قالمـاي، بەلكـى ۋاقىتنىـڭ ئۆتۈشـى بىلـەن دۇنياغـا تونۇلۇشـقا باشـلىغان بولـۇپ، مەزكـۇر تەشـكىلاتنىڭ تۇنجـى قۇرۇلتىيـى 2001 - يىلـى ئۆكتەبىـردە ياۋروپـا پارلامېنتىنـىڭ بىناسـىدا ئېچىلغـان. ئىنتېرنېـت تورىنىـڭ ئۇيغۇرلارنىـڭ بـۇ تەشـكىلاتنىڭ تەسـىرىنىڭ كېڭىيىشـىگە كۆرسـەتكەن تەسـىرى ھەقىقەتـەن چـوڭ بولغـان بولـۇپ، مەزكـۇر تەشـكىلات تـور ۋاسىتىسـى ئارقىلـىق چـەت ئەللەردىكـى ئۇيغۇرلارنـى سـەپەرۋەر قىلىـپ، ئۇلارنـى بىرلىككـە كەلتـۈرۈپ، ئىسمى جىسـمىغا لايىـق خەلقئارالىـق تەشـكىلات بولـۇپ قالغـان. 11 - سېنتەبىر ۋەقەسـىدىن كېيىـن خىتـاي ھۆكۈمىتـى بىزمـۇ ئىسـلام تېرروررچىلىقىنىـڭ قۇربانـى دېگـەن پەتىۋانـى كۆنسـايىن كۆچەيتىـپ ماڭغانلىقـى تۈپەيلـى (تەپسـىلاتىنى 6 - بابتىـن كـۆرۈڭ) ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرىمۇ شـىنجاڭدىكى نارازىلىقلارنىـڭ ھەقىقىـي سـەۋەبىنى دۇنيـا جامائەتچىلىكىچـە ئاڭلىتىـش ئىسـتىكى كۈچەيگـەن.



مەزكـۇر تەشـكىلاتلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىـڭ نىشانىسـى سـۈپىتىدە 2004 - يىلـى ئاپرىلـدا مەزكـۇر تەشـكىلات «دۇنيـا ئۇيغـۇر ياشـلار قۇرۇلتىيـى» دېگـەن تەشـكىلات بىلـەن بىرلىشـىپ، «دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيـى» بولغـان. مەزكـۇر تەشـكىلاتنىڭ رەھبەرلىـرى مەزكـۇر تەشـكىلاتقا قاتناشـقان ھـەر قايسـى ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىـرى ئارىسـىدىن تاللاپ چىقىلغـان بولـۇپ، بۇنىـڭ ئارىسـىدا ئەركىـن ئالپتېكىـن (پرېزىدېنـت)، ئامېرىكـا ئۇيغـۇر جەمئىيىتىدىـن ئالـىم سېيىتۇف، كانـادا ئۇيغـۇر بىرلىكىدىـن مەمـەت توختـى قاتارلىقلار تاللانغان. مەزكۇر تەشـكىلات قۇرۇلـۇپ ئـۇزۇن ئۆتمـەي 2004 - يىلـى سـېنتەبىردە ئۆزىنـى «شـەرقىي تۈركىسـتاننىڭ سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتـى» دەپ ئاتىۋالغـان تەشـكىلات ئوتتۇرىغـا چىقىـپ، دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنىـڭ قانۇنلـۇق تەشـكىلات دېگـەن نوپۇزىغـا ھىرىـس قىلىـپ، ئۆزىنـى ئۇيغـۇر خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنـى قوغدايدىغـان، شـەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىـڭ ھەقىقىـي قانۇنلـۇق ۋەكىلـى دەپ ئىلگىـرى سـۈرگەن.

ئۆزلىرىنـى ئۇيغۇرلارنىـڭ ھـەق - ھوقۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىنبىـر تەشـكىلات دەپ ئاتىۋالغـان ئىككـى تەشـكىلاتنىڭ بىـرلا ۋاقىتتا مەيدانغـا چىقىشـى

بەلكىم ئاسانلا ماجىراغا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنى قوللاش - قوللىماسلىقىنى شەرت قىلىپ ھەل قىلغان، يەنى ئامېرىكا مەزكۇر تەشكىلاتنى ئېتىراپ قىلسا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەزكۇر تەشكىلات بىلەن ھەمكارلىششقا ماقۇل بولغان. ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەزكۇر تەشكىلاتنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەشكىلات تەدرىجى ھالدا سىياسى سەھنىدىن چەتنەپ، مەتبۇئاتلاردىمۇ ئېغىزغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان.

بۇنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىنى ئۇستىلىق بىلەن ھەل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېگەندىن، تۇغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ئامېرىكا كونگىرىسگە تەۋە بولغان «دۆلەتلىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى» دېگەن تەشكىلاتنىڭ ئۆزىنى دېگەن دۇرۇس. چۈنكى مەزكۇر فوند دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن شۆبىلىرىنى بۇرۇندىن تارتىپ ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاپ كەلگەن. 2002 - يىلى «ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق رەھبەرلىردىن ئۆمەر قانات بىلەن ئالىم سېيىتوۋ ئىلتىماس سۇنۇپ مەزكۇر فوندىدىن ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشكەن. مەزكۇر فوندنىڭ 2004 - 2005 - يىللىرى بۇ تەشكىلاتقا داۋاملىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ سۈرگۈن ھۆكۈمەت بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئارىسىدىكى ئاساسلىق پەرقلەردىن بىرى ھېسابلىناتتى. سۈرگۈن ھۆكۈمەت باشتىن ئاخىر شەرقي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغلىشىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسگە بەكرەك ئېتىبار بېرىپ كەلگەن.



## رابىيە قادىرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا رەھبەرلىك قىلىشى

رابىيە قادىر 2005 - يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان، 2006 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلانغان. رابىيە قادىرنىڭ مەزكۇر

تەشكىلاتقا باش بولۇپ سايلىنىشى نۇرغۇن جەھەتتىن مەنتىقىگە چۈشەتتى. ئۇ خىتايغا قارشىلىق قىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان بىر سىياسىي مەھبۇس بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تونۇلۇپ كەتكەن شەخس بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ سايلىنىشى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا شەرەپ كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە مەزكۇر قۇرۇلتايغا تەۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي مەبلىغى كۆپىيىپ ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان. 2004 - يىلىدىن تاكى 2011 - يىلىغىچە دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغىلا نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپلا قالماي ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىگە بىر مىليون يەتتە يۈزمىڭ دوللار، خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندىغا سەككىز يۈز ئەللىك مىڭ دوللار ۋە ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر كۇلۇبىغا ئۈچ يۈزمىڭ دوللار ياردەم پۇلى بەرگەن. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەققىدە يېقىندا كىتاب چىقارغان چىن يۇ ۋېن «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇتۇقلۇق ھالدا سىياسىي سەھنىدە پۇت تىرەپ تۇرالىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئىيانە قىلىدىغان ئورۇنلارنى جەلپ قىلغان» دېگەن. رابىيە قادىر مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرىدا ھەمىشە مەقسىتىنى چاققان ھەم قىزغىنلىق بىلەن ئۇقتۇرالايدىغان ئۈنۈملۈك ناتىق بىر سىياسىيون بولۇپ كۆرۈنىدۇ، شۇنداقلا قارىماققىمۇ بىر سىياسىي رەھبەرگە ئوخشايدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇشتىن بۇرۇن رابىيە قادىرنىڭ ھاياتىمۇ نۇرغۇن مۈشكۈللۈكلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىجارەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بىر ئايال كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇ دۇچار بولغان جىنسى كەمسىتىشلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشلىرىمۇ تولۇق ئېتىراپ قىلىنماي قالغان، چۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا مەيلى سەنئەت ۋە مۇزىكا، ئەدەبىيات ۋەياكى سىياسىي جەھەتلەردە رابىيە قادىردەك نەتىجە قازىنالىغانلارنىڭ سانى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك قۇرۇلتاي ۋەكىلى كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان

www.uyghurkitap.com

بىرى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇچۇقسىز سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىپ يۆلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دەپ ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رابىيە قادىر قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇشتىن بۇرۇنلا نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقى راس، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىقىمۇ راس.

نىمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ بىر ئىقتىسادىي ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىنگىز ئىشغالىيەتچى دەپ قارايدىغان بىر ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماقۇل بولدىڭىز دېگەن سوئالغا رابىيە قادىر «ئەژدىھا بىلەن ئېلىشقۇچى» دېگەن تەرجىمىھالىدا يېتەرلىك جاۋاب بەرگەن. مەزكۇر كىتابتا ئۇ ئۆزىنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھال - مۇڭىغا ئاتىغان دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، مېنى بۇ ئىشقا ئىلاھى قۇدرەت تاللىغان دېگەن گەپنى ئوچۇق دېمىگەن بىلەن شۇ يەرگە ئاپارغان. يەنى پۈتۈن كىتابتا رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىرى ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىپ كەلگەن. ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ئاپىسى ئىشلەتكەن خەسىنى دادىسى يەرلىك ئادەت بويىچە تالاغا ئەچىقىپ كۆمۈپ قويۇش ئۈچۈن بىر ئورا كولىغاندا ئۇ يەردىن كۆمۈپ قويۇلغان نۇرغۇن ئالتۇن چىقىپ ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئۇ يەنە بىر تۇغقىنىم «سەن بىزگە تەۋە ئەمەس، سەن خەلقىمىزگە تەۋە» دېدى دەيدۇ. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىدىمۇ كەمتەرلىكتىن ھېچ قانداق دېرەك يوق ئىدى. ئۇ كىتابىدا يەنە «مەن ھەمىشە كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھاجىتىدىن چىقىشقا ھازىر ئىدىم» دېگەن. كېيىنكى قىسمىدا «قىزلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولۇشنى خالايتتى، ھەتتا چوڭ ئاياللارمۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق ئىدى. مەن سىرتلارغا چىققىنىمدا كۆچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم» دەپ ماختانغان.

رابىيە قادىر گاھىدا ئۆزىدە ئەۋلىيالارغا خاس خىسلەت بارلىقىدىن بىشارەت

بىرىپ، «ئەگەر تۇغقانلىرىمىزدىن بىرەرسى كىسەللىك تارتىپ قالسا، قېرىنداشلىرىم خۇددى مەن ئۇلارنى بۇ ئازاپتىن خالىي قىلالايدىغاندەك ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تەلمۈرۈپ قارايتتى» دەيدۇ. رابىيە قادىر سىدىق روزى بىلەن توي قىلغاندا، سىدىق روزىنىڭ تۇغقانلىرى «ئاسماندىن بىر پەرىشتە ئۆيىمىزگە كىردى» دېگەن ئىكەنمىش. ئۇندىن باشقا يەنە مەزكۇر كىتابنىڭ نۇرغۇن بۆلەكلىرىدە ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. سىدىق روزى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ بىر قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ياغاچ دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقالىشى «كىچىك بىر مۆجىزە» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تاللىغان يېرىنىڭمۇ خاسىيەتلىك جاي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ «بۇ ئۇششاق كىسەك دۆۋىسىگە ئاللا مېنى باشلاپ كەلگەندەك بىلىنگەن» دېگەن.

گەرچە بۇ خىل مۇبالىغىلەر بىلەن تولغان تەرجىمان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە سەل ئاشۇرىۋەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. «مۇھەببەتنىڭ ئون شەرتى» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ رېژىسسورى جېف دەنىيىل بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە «رابىيە قادىر بىر مىللىي دەۋانىڭ قوللىغۇچىسى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بۇ دەۋانىڭ سىمۋولى دەپ كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇ مەزكۇر دەۋانىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات كەچمىشلىرى بىلەن تامامەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ مەسىلىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن نىشانى ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولغاچ، بۇ دەۋانى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.



رابىيە قادىرنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇرغا ياردەم بەرگۈچى بىرى دەپ تەسۋىرلىشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سودا ئىمپېرىيەسى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى تەنقىد قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن. رابىيە قادىر 1971 - يىلى بىر

قىزىل قوغدىغۇچىغا پارا بېرىپ بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان چېغىدا پۇلنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ «پۇلنىڭ كۈچى بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا پۈتۈن تېنىم شۈركىنىپ كەتكەن» دەپ يازغان. كېيىنكى سودا ھاياتىدا ئۇ پەرزەنتلىرىگە «سىلەرنى ۋە ئۆزەمنى دەپلا پۇل تاپسام كۇپايە بولمايدۇ، مەن بىزگە يەتكۈدەك پۇل تېپىپ بولدۇم، ئەمدى خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشىم كېرەك» دېگەن. ئۈرۈمچىدىكى سودا سارىيىنىڭ سېلىنىشى رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت ھاياتىنىڭ كۈلمىناتسىيەسى بولۇپ، ئۇ «سودا سارىيى مېنى ئۇيغۇر خەلقىگە كۆڭلۈمدىكىدەك تونۇشتۇرغان. مەزكۇر سودا سارايغا مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە بولغان قارشىلىق روھىم ۋە كۈچ - قۇدرىتىم مۇجەسسەملەنگەن» دەيدۇ.

رابىيە قادىرنىڭ باي بولۇشىم خەلقىمگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن بولغان دېگەن گېپى كىشىدە سەل گۇمان پەيدا قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچىدە قىسمەن خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى راس. مەسىلەن، ئۇ قۇرغان «مېھرىبان ئانىلار جەمئىيىتى» مەبلەغ سېلىش شىركىتى بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەبلىغىدىن كىرگەن پايدىنى مەكتەپلەرگە ياردەم قىلىپ ياكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. مەزكۇر جەمئىيەتنى ھۆكۈمەت ئۇزۇن ئۆتمەي تارقىتىۋەتكەن، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قانداق بىر ئاممىۋى تەشكىلاتقا گۇمان بىلەن قارايدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ تاقىلىشىغا يەنە رابىيە قادىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سودا سارىيىدىكى سودىگەرلەرگە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت دەرس ئۆتكۈزگەن دېگەن ئەيقاچتى گەپلەر سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە بۇ سىياسى پائالىيەت ھېسابلىناتتى.

رابىيە قادىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى جەمئىيەتنى تاقىتىۋېتىشىنى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىدىغان ھەر قانداق بىر تەشكىلاتقا يول قويمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكى مىسالدىن بۇنىڭ مۇتلەق ئەمەلىيەت ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1996

- يىلىدىن بىرى غۇلجىلىق ئۇيغۇر باي كارخانىچى نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر غۇلجىدا قۇرغان نۇرتاي ھاجى يېتىم - يېسىرلەر مەكتىپى ئىگە - چاقىسىز ئۇيغۇر ۋە قازاق بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەزكۇر مەكتەپ ئىلى دەرياسى ياقىسىدىكى بىر ئارامبەخش جايغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭغا يەرلىك كارخانىچى نۇرتاي ھاجى پۇل چىقىرىپ قۇرغان. گەرچە مەزكۇر مەكتەپ يېتىم - يېسىرلەر مەكتىپى دەپ ئاتالغان بىلەن بۇ يەردە ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان بالىلاردىن باشقا يەنە ئىگە - چاقىسىز قالغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان بەڭگىلەر، ھاراقكەشلەر ۋە تۈرمىگە تاشلانغان مەھبۇسلارنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى (بۇنىڭدىن خىتايدا ئۇيغۇرلارنى تۈركۈملەپ تۈرمىگە مەھكۇم قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سايىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە بۇ يېتىم - يېسىرلەر مەكتىپى بولغان بىلەنمۇ 2001 - يىلى غۇلجا كوچىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئىگە - چاقىسىز بالىلارنىڭ سەرسان بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولاتتى).

يەرلىك ھۆكۈمەت گەرچە يېتىمخانىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچ قانداق ياردەم قىلمىسىمۇ، ئەمما مەكتەپ دەرسلىكىدە دىنىي ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان مەزمۇنلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن نازارەت قىلىپ تۇراتتى. 2002 - يىلى مەن يېتىمخانىغا بارغان چېغىمدا نۇرتاي ھاجىم بىلەن مەكتەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېتىم بالىلارغا چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. 2006 - يىلى ھۆكۈمەت نۇرتاي ھاجىمغا «ساخاۋەت چولپىنى» دېگەن شەرەپنى بەرگەن.

## رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي ھاياتى

رابىيە قادىرنىڭ نېمە ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولغانلىقى ھەققىدە بەرگەن چۈشەنچىسىمۇ تازا قايىل قىلارلىق ئەمەس. ئۇ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئەينى چاغدا مەن ساددىلارچە يۇرتۇمنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ نىيىتى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەلمەي قالغان دەپ قارىغان ئىدىم دېگەن. گەرچە مەركىزى ھۆكۈمەت يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چېرىكلىكىدىن بىخەۋەر دېگەن قاراش خىتاي دۆلىتىدە ئومۇملاشقان قاراش بولسىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ بۇنداق دېيىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى دېگەنلىرى بىلەن زىت كېلەتتى. ئۇ ئىلگىرى «كىچىكىمدىن تارتىپلا خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى بۇ يەرلەردىن كەتكۈزىۋەتمەي ياكى تامامەن يوق قىلماي كۆڭلى ئارام تاپمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدىم» دېگەن ئىدى.

بەزىلەر رابىيە قادىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشقان چاغدا قانداق روللارنى ئوينىغانلىقى ھەققىدە دېگەن گەپلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىش مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنى ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان، يۈرەكلىك پىكىر قىلالايدىغان بىر باتۇر كۆرەشچى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىۋاتقان باش خىتاي ئەمەلدار ۋاڭ لېچۇەندىن «سەن خەلقىمنىڭ قىينىنىڭ ئېقىشىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟» دەپ سورىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئادى خەلقنى قوزغىلىپ چىقىشقا زورلىما» دىدىم دېگەن. ئۇ يەنە بېيجىڭدا قاتناشقان قۇرۇلتايدا قىلغان سۆزىدە «خەلقىمنى ئۆلتۈرۈش خۇددى قۇچقاچنى ئاتقاندەك ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ قالدى» دېگەن جۈملىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ گەپلەرنى قىلغىنىمدا قىسمەن ۋەكىللەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم دېگەن. رابىيە قادىرنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلالىشىغا يول قويۇلغان دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بۇنىڭ بىز بىلىدىغان خىتاينىڭ سىياستى ۋە سۆز ئەركىنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا تامامەن ئويغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىدەك بۇ خىل سەزگۈر تېمىلاردا ھېچ قانداق توسقۇنسىز سۆز قىلالىشى تامامەن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرەلەيمىز.

خۇددى باشقا نۇتۇقلىرىغا ئوخشاش رابىيە قادىر كىتابىدا دۇنيادا 20 مىليون ئۇيغۇر بار، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ شىنجاڭدا كۆپىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەب خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايدىكى بارلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان خىتايلارنى شىنجاڭغا چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن بولغان دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولۇپ، زىيالىيلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بۇ خىل ئاساسسىز گەپلىرىنى قوللايدىغانلار يوق

دېيەرلىك بولسا كېرەك. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ 2010 ـ يىلى ئىسلام ھەققىدە دېگەن تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن:

*1987 ـ يىلىدىن بۇرۇن پاھىشەۋازلىق شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى بۇ خىل ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇپ تۇرغان... بۇنداق ئىشلارنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باققان ئەمەس، ئۇيغۇرلار زەھەرلىك چېكىملىك دېگەن نەرسىنىمۇ تاكى شۇ چاققىچە ئاڭلاپمۇ باقمىغان. زەھەرلىك چېكىملىك خىتايدىن تارقالغان.*

خىتايدا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن پاھىشەۋازلىق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش شىنجاڭ ۋە پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ئەۋجىگە چىققىنى كەتكەنلىكى راس، ئەمما رابىيە قادىرنىڭ ئۇندىن بۇرۇن بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى شىنجاڭدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى دېگەن گېپى شىنجاڭغا بارغان ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىغا ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى نۇرغۇنلىرى شىنجاڭدا نەشە چېكىش يېڭىلىق ئەمەس، كىشىلەر دائىم گۈلخانا دەپ ئاتىلىدىغان شورپا، چاي ۋە كاۋاپ ساتىدىغان تۆت ئېغىزلىق ئۆيلەرگە توپلىشىۋېلىپ نەشە چېكىشىدۇ دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. رابىيە قادىرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى «ساپ» پاكىز جەمئىيەت ئىدى دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىدىكى سەۋەب بەلكىم شىنجاڭدىكى بارلىق يامان ئادەتلەرگە خىتاي ھۆكۈمىتى سەۋەب بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق ـ شاراپقا بېرىلىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىققا سەل قارىغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە توختالغاندا مەشرەپنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، مەشرەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زادى نېمە سەۋەب بولغان دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان.

رابىيە قادىرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى ھېكايىدە ساقلانغان مەسىلە مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىق

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتقان مىللەتچىلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ يېزىلغان ئۇيغۇر تارىخىدا كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشلا نۇرغۇن مۇرەككەپ، قارىمۇ قارشى ۋە چىرماش ئۇچۇرلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، بۇلارنى باغلىنىشچان بىر ھېكايە قىلىپ بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلار ئادالەتسىزلىك يۈز بېرىشتىكى سەۋەب - نەتىجە، بۇزەك قىلىنىشقا ئۇچراش، ۋە ياخشى خىسلەتلىك بولۇش دېگەندەك ئۇقۇملارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئاق ۋە قارا دەپ ئىككىگە ئايرىپ بايان قىلغان. جېف دەنىيلىنىڭ قارىشىچە رابىيە قادىرنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەبى «خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا ساختا ئۇچۇر تارقىتىپ كىشىلەرنى ئالدىغىنى ئۈچۈن، رابىيە قادىرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ۋاستە ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىنى ئىپادىلىشى خاتا ئەمەس دەپ قارىسا كېرەك» دەيدۇ.

رابىيە قادىر ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شۆبە ئورگانلىرىدىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكتى دېگەندەك ئۇششاق تەشكىلاتلار بۇ مەسىلىگە ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا سېلىشتۇرغاندا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، چوڭقۇر ئىزدىنىپ ئاساسى كۈچلۈك دوكلاتلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە سۇنۇپ كەلگەن. ئەمما رابىيە قادىر ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى بايانلىرىدا ھەمىشە كۆپتۈرمە ئۇچۇرلارنى تەكرارلىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئۇششۇقچە ئىش. رابىيە قادىرنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ھېچ قانداق تەھدىتكە ئۇچرىمايدىغانلىقى ئېنىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ بۇندىن بۇرۇن باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قىلالمىغان بارلىق تەشكىلاتلار ئارىسىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىپ، يېتەرلىك ئىقتىسادى ياردەم توپلاپ، ميۇنخېن ۋە ۋاشىنگتون قاتارلىق ۋەزىيىتى مۇقىم جايلاردا پائالىيەت مەركەزلىرىنى قۇرۇپ، تەسىر دائىرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كېڭەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئىكەن، شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلسا بولىدىغان يەرگە يەتكەن. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى ئەمەلىي رېئاللىقنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك دەرىجىدە ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق مۇبالىغە قىلىپ، كۆپتۈرۈپ خەۋەر بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق.

# يامانلىشىپ قېلىش

خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان باش قاچقۇنىنىڭ بىرى بولغان لوندوندا ئاپتوۋۇز ھەيدەيدۇ. ئەنۋەر توختى لوندون شەھىرىنىڭ 254 - يول ئاپتوۋۇزىنىڭ شوپۇرى، مەن لوندوندىكى چاغلىرىمدا دائىم مۇشۇ ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرۇپ لوۋېر كىلاپتوندىن ستانفورد ھىل دېگەن بىكەتكە باراتتىم. بۇ جەرياندا بىز كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما مەن بىلەتنى كۆرسىتىپ ئاپتوۋۇزغا چىققاندا ئەدەپ يۈزىسىدىن ئاپتوماتىك ھالدا ياخشىمۇسىز دېگەندىن باشقا ئىنكاستا بولمىغان بولۇشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سوراش خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغان (ئۇيغۇرلۇقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم). ئۇنىڭ چىراي شەكلى ۋە پاك - پاكىز چۈشۈرۈلۈپتىلگەن تاقىر بېشىمۇ مەندە ھېچ ئەستە قالغۇدەك تەسىر قالدۇرالمىغان.

ئۇنىڭ بىلەن 1023 - يىلى نويابىردا لوندوننىڭ يۇستون پوينز ئىستانسىسىنىڭ يېقىنىدىكى بىر كافىخانىدا تۇنجى قېتىم رەسمىي يوسۇندا كۆرۈشتۈم. ئەنۋەر ماڭا تېلېفون قىلىپ، مېنىڭ 1997 - يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدىكى كىتابىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇلار يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر «تېررورىستلىرى» قىلدى دەپ ئەيىبلىگەن يېقىندا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسى ھەققىدە بىرەر سائەتچە پاراڭلاشتۇق. پاراڭلىشىش جەريانىدىمۇ چىرايى ھېچ تونۇشتەك كۆرۈنمىدى. سۆھبەت ئاخىرىدا مەن لوندونغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى ۋە نېمە ئىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ خىتايدىكى چېغىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوختۇر ئىكەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بولسا ئاپتوۋۇز ھەيدەيدىغانلىقىنى دېدى. ئۇ خىتايغا قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، قايتىپ كەتسە تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. 1998 - يىلى ئۇ خىتاينىڭ شىنجاڭدا ئاتوم بومبىسى سىنىقى قىلىشىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن زىيان - زەخمەتلىرى ھەققىدە ئەنگلىيە تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ 4 - قانىلى ئۈچۈن بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىشىپ بەرگەن. مەزكۇر فىلىم

كۆرسىتىلگەندىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قاتتىق ئىنكاسىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنۋەر توختى خىتايدىن قېچىپ چىقىپ چەت ئەلدە سىياسىي پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغان. گەرچە سىناق مەيدانىغا يېقىن شەھەرلەردىن ئۈرۈمچى، تۇرپان، كورلا ۋە قۇمۇل قاتارلىقلار ئاز دېگەندىمۇ 200 ـ 200 كىلومېتىر يىراق بولسىمۇ، ئەمما رادىئاكتىپ ماددىلارنى شامال نەچچە مىڭ كىلومېتىر يەرلەرگە ئۇچۇرۇپ بېرىش ئېھتىمالى بولغاچ يېقىنقى شەھەرلەر رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن بىخەتەر ئەمەس ئىدى. تۇنجى سىناق 1954 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، شۇندىن كېيىنكى 32 يىل جەريانىدا جەمئىي 45 قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان، بۇ سىناقلارنىڭ بەزىلىرى يەر ئاستىدا، بەزىلىرى ئوچۇق ھاۋادا ئېلىپ بېرىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىنقى سىناقلارنى پىنھان ساقلىمىغان، ئەكسىچە 1960 ـ يىللىرى سىناقنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىگەن. گەرچە شىنجاڭ خەلقى ئاتوم سىنىقىنىڭ تەسىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، مەسىلەن، ئەنۋەر ئاتوم سىنىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ توزاڭلارنىڭ ئاسماندىن توپا يامغۇر بولۇپ ياغقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن، ئەمما ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ سىناقلارنىڭ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ھېچ قانداق گەپ ـ سۆز قىلمىغان. 1985 ـ يىلى نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بېيجىڭدا ئاتوم سىنىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ بۇ مەسىلىگە قاتتىق نارازىلىق بىرلدۈرگىنى ئۈچۈن، قازاقىستان پرېزىدېنتى بۇ مەسىلىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئوتتۇرۇپ ئاتوم سىنىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. 1991 ـ يىلى خەلقئارا ئاتوم ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ دوختۇرلىرى خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئاتوم سىنىقىنىڭ ئاتموسفېراغا قويۇۋەتكەن پلاتونىي ماددىسىنىڭ ئېغىرلىقى48 كىلوگىرام كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. گەرچە بۇ سان ئانچە كۆپتەك كۆرۈنمىسىمۇ، ئەمما ئادەم پلاتونىي 239 دېگەن ماددىنىڭ مىليوندىن بىر گىرامىنى ھاۋا يولى ئارقىلىق سۈمۈرۈپ قالسا راك

كىسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىدە بۇنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. 1996 ـ يىلى ئىيۇلدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتوم سىنىقىنى توختىتىشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئەگەر ئەنۋەر توختى ئىشلىگەن ھۆججەتلىك فىلىم بولمىغان بولسا بۇ مەسىلە شۇنىڭ بىلەن يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەزكۇر فىلىمنى ئىشلەشتە ئەنۋەر توختى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇ خىزمەتتىكى قۇلايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئاتوم سىنىقى تۇپەيلى شىنجاڭدا راك كېسىلىنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان مەخپىي دوكلاتلارنى ئوغرىلاپ چىققان. كېيىنچە ياپونىيەلىك دوختۇر جۇن تاكادا ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغان رايون ئەتراپىدىكى نوپۇسنىڭ زىچلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئاز دېگەندىمۇ 200 مىڭ كىشىنىڭ رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ زەھەرلىشى تۇپەيلى پەرزەنتلىرى مېيىپ تۇغۇلۇش ياكى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى پەرەز قىلغان.

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەنۋەر توختىنى ھازىرقى قىسمەن ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەلىيى ئوڭ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر زىيالىس ئىلھام توختى (پامىلىسى ئوخشىسىمۇ ئەنۋەر توختى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى يوق) 2014 ـ يىلى سىنتەبىردە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، رابىيە قادىر بولسا «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» جىنايىتى بىلەن سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەمما رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن قىسمەن نامراتلىقتىن كۆپ ئېلىشى تەسكە چۈشكەن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە قارىغاندا تەلىيى ئوڭ كەلگەن. ئەنۋەر توختى 1999 ـ يىلى ئەنگلىيەگە چۈشكەندە يانچۇقىدا ئاران 5 دوللار پۇلى بار ئىكەن. بۇ يەردە دوختۇرلۇق قىلىش ئىجازەتنامىسى بولمىغاچ، ئۇ مېھمانخانىدا كۈتكۈچى، ئامانلىق ساقلاش خادىمى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىپ جان باققان بولۇپ، 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتوۋۇز ھەيدەشكە باشلىغان. مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ كەسپىدىن، ئائىلىسىدىن ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالغان.

رابىيە قادىر كىتابىدا ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا «ئۇيغۇر خەلقىنى ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ قولىدىن ئازات قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى» بايان قىلغان. ئەمما ئەنۋەر توختىنىڭ بۇ يولدا مېڭىپ قىلىشىدا تەقدىرنىڭ قولى بولمىغان.

ئۇنىڭ باللىق ۋە دەسلەپكى ھاياتى چەكلىك ئىمتىياز ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ 1963 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىدە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، باللىق ئەسلىمىلىرى پويىز بىلەن سەپەر قىلىش بىلەن باشلانغان. دادىسى بىلەتچىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئانىسى پويىزدا بىلەت تەكشۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەنۋەر تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا ـ ئانىسى ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، خىتايلارنى مەركەز قىلغان بىر رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بەكلا ئاز بولغاچ، ئەنۋەر كىچىكىدىن باشلاپلا خىتايچە يەسلى ۋە خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ماڭا ئەينى چاغدا 300 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بىر مەكتەپتە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەردى. باللىق چاغلىرىدا بىرەرمۇ ئۇيغۇر دوستى بولمىغاچ، خىتايلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغىنى ئۈچۈن خىتايچىسى ئۇيغۇرچىسىدىن كۆپ راۋان بولۇپ چوڭ بولغان.

بىز ئۇنىڭ خاكنى رايونىدىكى بىنا ئۆيىدە ئۇيغۇر پولوسى بىلەن شۇتلاندىيە ۋىسكىسى ئىچكەچ، مەن ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئۇنىڭدىن مەكتەپتىكى بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى بولغىنى ئۈچۈن قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ قولىدىكى رومكىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ مۇنداق دېدى:

«بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزەڭنى يات بىر ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالىسەن. ئەمما ئۆزەڭگە بولغان ئىشەنچىڭ كۈچلۈك بولسا ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ زېمىندا يات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسەن. چۈنكى بۇ دېگەن سېنىڭ ئۆيۈڭ، ئۇلار سىرتتىن كەلگەن يات كىشىلەر. شۇڭلاشقا ساۋاقداشلىرىم

195

مېنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. مەن سىنىپ باشلىقى ئىدىم.»

خىتايدا سىنىپ باشلىقى بولۇش مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ، بۇ دېمەك، سىياسى جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنچلىك دېگەن گەپ (رابىيە قادىرمۇ ئوقۇغۇچى چېغىدا سىنىپ باشلىقى بولغان). ئەمما ئۇنىڭ خىتايلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكى ئۇيەيلى ئېسىدە سەلبى تەسىراتلارمۇ قالغان ئىدى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، بىر خىتاي ساۋاقدىشى ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بىر خىتاينىڭ ئۆيىگە كىرىشى بولۇپ، كەچمىشلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«ساۋاقدىشىمنىڭ ئانىسى بىزنى چوشقا گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى، ئەينى چاغدا گۆش ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، گۆش بىلەن مېھمان قىلىش ئالاھىدە سېخىلىق ھېسابلىناتتى. ساۋاقدىشىمنىڭ ئانىسىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن شۇنداق قىلغانلىقى راس، ئەمما مەن: «بىز چوشقا گۆشى يېمەيمىز» دېدىم. ساۋاقدىشىم «راسمۇ؟» «نېمە ئۈچۈن يېمەيسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى، دادىسى «چۈنكى چوشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى شۇڭا يېمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم شۈركىنىپ كەتتى، چۈنكى تاكى شۇ چاغقىچە ئۇيغۇرلار ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى دەپ پەخىرلىنىپ كەلگەن ئىدىم. تۇساتتىن چوشقىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالدىم.»

ئەنۋەرلەرنىڭ مەھەللىسىدە ئۇيغۇرلار يوق دېيەرلىك بولغاچ، ئەنۋەرنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۇلارنى يوقلاپ كەلسە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئىشلارمۇ بولغان ئىكەن. ئەنۋەرنىڭ دېيىشىچە ئۇلار ئۇرۇمچى نوپۇسى بولمىغاچ تۇتۇپ كېتىلگەن ئىكەن. تۆمۈر يول سىستېمىسى سەزگۈر ساھە دەپ قارالغاچ، مەھەللە كادىرلىرى ھەر ئاخشىمى ئۆيمۇ ئۆي نوپۇس تەكشۈرىدىكەن «بىر كۈنى ئۇلار كېلىپ بوۋام بىلەن مومامنى تۇتۇپ كەتتى، ئەتىسى ئاتا-ئانام بېرىپ ئۇلارنى ساقچىخانىدىن قايتۇرۇپ كەلدى» دەپ خىتاينىڭ بۇ ئەخمىقانىلىقىنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

شىنجاڭدا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن تازا ياخشى بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بوگۈنكىگە قارىغاندا ياخشى

ئۆتكەن چاغلىرىمۇ بولغان. 1974 ـ يىلى خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىدا ئەنۋەرنىڭ ئانىسى بىر ئائىلە خىتاينى ئۆيگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇلار خېنەن ئۆلكىسىدىن چىققان بولۇپ، تۇغقانلىرى ۋۇگۇزالغا ئالدىغا چىقماي قالغىنى ئۈچۈن، نۆلدىن تۆۋەن 25 گرادۇس سوغۇقتا باردىغان يېرى يوق تەمتىرەپ قالغان بۇ بىر ئائىلە خىتايغا ئىچى ئاغرىغان ئەنۋەرنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن. ئەنۋەر ھېكايە قىلىپ «ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن تۇغقانلىرى بىلەن تېپىشىپ، تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. ئەمما شۇندىن تارتىپ ھەر يىلى چاغاندا ئۇلاردىن بىر پوسۇلكا تاپشۇرۇپ ئالاتتۇق» دېدى.

شىنجاڭمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بالايى ـ ئاپەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنۋەر توختىنىڭ ئائىلىسى 1970 ـ يىللاردا ھاللىق تۇرمۇشتا ياشىغان. ئانىسى يەنە ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان، دادىسىمۇ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ئائىلە بويىچە تۆمۈر يول سىستېمىسىدە ئىشلىگەچ، ئۇلار پويىزدا ھەقسىز سەپەر قىلالايتتى (كېيىنچە ئەنۋەر تۆمۈر يول دوختۇرخانىسىدا تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ھەقسىز پويىزغا ئولتۇردىغان بولغان).

مەن ئەنۋەردىن دوختۇر بولۇش قارارىغا ئەڭ دەسلەپتە قاچان كەلگەندىكىنى دەپ سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆڭلۈمدە ئۇ چوقۇم دوختۇر بولۇشنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن دەپ جاۋاب بېرەرمىكىن دەپ پەرەز قىلىپ تۇرسام، ئەنۋەر باللىق چېغىدىكى ئارزۇسىنىڭ تامامەن باشقىچە ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلدى:

«ۋەتىنىم ئۇرۇشى ۋاقتىدا بىز ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 16 ـ 18 ياشلاردىكى ئوقۇغۇچىلار بولساقمۇ، ئەمما مەكتەپ بىزنى ئۇرۇش تەييارلىقىغا سەپەرۋەر قىلغان ئىدى. بىز 120 ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر ژاندارما قورۇپ، ئىككى ئاي ھەربىي مەشقى ئېلىپ باردۇق. بىزگە ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسى ئۆگىتىلىپ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇم قىلىپ قالسا مەكتىپىمىزنىڭ ئۈچىنچى مۇداپىئە لىنىيەسى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان

ئىدى. مەن سىنىپ باشلىقى بولغىنىم ئۈچۈن ماڭا ئەسكەرلەر كورىيە ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن يېرىم ئاپتوماتىك پىلىموت ۋە ئۈچ پاي ئوق بەرگەن ئىدى. باشقىلارغا ئوقسىز مىلتىق تارقىتىپ بەرگەن. بىز كىچىلىرى چارلاش ئېلىپ باراتتۇق ۋە بۇنىڭدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىپ كەتكەن ئىدىم، چۈنكى ھۆكۈمەت ماڭا ئىشەنگەن ئىدى. يالغۇز ئۇيغۇر بولۇشۇمغا قارىماي خىتايلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇناتتى.»

ئەنۋەر كىچىكىدىن تارتىپلا قۇرالغا ھېرىسمەن بولۇپ، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاقان ھەر قانداق بىر ئايروپىلاننىڭ تۈرىنى بىلەلەيدىكەن. ئانىسىنىڭ قېرىندىشى بىر كىتابخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنۋەرگە ھەربىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كىتابلارنى بەرگەن ئىكەن.

«ئۇرۇش سەپەر ھەققىدە بىر كىتاب ئوقۇغان ئىدىم، ئۇ كىتابتا قىزىل ئارمىيەنى قېچىپ كېتىپ ئۇزۇن سەپەر قىلغان دەپ يازغان، ئەمما بىزنىڭ تارىخ دەرسلىك كىتابىمىزدا بولسا ئۇزۇن سەپەرنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن شىمالغا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش دەپ ئۆگەتكەن ئىدى. بۇ ئىككىسى زىددىيەتلىك تۇيۇلغان ئىدى. ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇساپىر بولۇپ ئەنگلىيەگە كېلىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ئۇ كىتابلارنى ساقلاپ قويغان بولاتتىم» دەيدۇ.

بەلكىم ئەنۋەرنىڭ مولداۋىيەلىك ئايالى ئەنجىلانىڭ سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەنۋەر قاتتىق خۇرسىنىپ قويىدى. ئەنۋەر بىلەن ئەنجىلا لوندوندا تونۇشۇپ توي قىلىشقان. ئەنجىلا ياندىكى ئۆيدىن ئەنۋەرنى چاقىرىپ: «ئەنۋەر ئىشكاپ ئىشلىمەيۋاتىدۇ، ياردەم بېرىڭ» دېدى.

«ياق، ياق، ياق، مەن بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىمەن» دەپ ۋارقىراپ جاۋاب بەردى ئەنۋەر.

«بېرىپ ياردەم بېرىڭ» دېدىم مەن ئەنۋەرگە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە قاراپ ماڭغاندى، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆزەتتىم. تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىدىكى يوغان تام ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە ئەنۋەرنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنىڭ سۈرىتى رامكىغا ئېلىنىپ تىزىپ قويۇلغان بولۇپ. بۇ سۈرەتلەر پەرزەنتلىرى تېخى ئون نەچچە ياشلار ۋاقتىدا تارتىلغان سۈرەت ئىدى. چۈنكى مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشكتىن كىرگىنىمدە ئەنۋەرنىڭ قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدىم. يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن يۈزى سۇزۇنچاق، كۆزلىرى يوغان بۇ قىز سۈرەتتىكى ۋاقتىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئەنۋەر پەخىرلىك ھالدا قىزىم پات ئارىدا لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇيدۇ دېدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى قاتتىق چەكلەيدىغان بولۇپ، ئەنۋەرنىڭ قىزىنىڭ قانداق قىلىپ لوندونغا كېلەلىگەنلىكىگە ھەيران قالدىم.

ئەنۋەر قايتىپ كىرىپ ئىككىمىزنىڭ رومكىسىنى ۋىسكى بىلەن قايتا تولۇقلاپ قويدى. ئۇ ئەسكەر بولالماي دوختۇر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان سەۋەنلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. گەرچە ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، شۇ يىلى ھەربىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان يىلغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن. ئەنۋەر بۇنىڭدىن كىچىككىنە خەۋەر تاپقاچ، باشقا مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇشقا مەجبۇرلانغان ئىكەن. ئۇ «بىز مۇشۇنداق تەربىيە بىلەن چوڭ بولغان، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى باشلىقلار بەلگىلەپ بېرىدۇ دەپ قارايتتۇق. بىزنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىمىز بولمايتتى. بۇنى بىز قەستەن قىلغان قارار ئەمەس، بۇ بىر خىل ھۆررىيەتلىكنىڭ نەتىجىسى، بىزنىڭ ھېچ قانداق ئىش بىلەن كارىمىز يوق، ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدۇ، مەن پەقەت ياخشى ئۆگىنىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بەرسەملار ئىش پۈتتى دېگەن گەپ» دېدى.

شۇنداق قىلىپ 1980 - يىلى ئەنۋەر خالاپ - خالىماي، ئۆرۈمچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان خىتايلارنى ئاساس قىلغان شىخەنزە شەھىرىدە تىببىي مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرگەن. شىخەنزە تىببىي مەكتىپى شەھەر مەركىزىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئەنۋەرنىڭ دېيىشىچە بۇ يەر بەكلا زېرىكىشلىك ئىكەن. ئۇ «مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا ئېتىزلىقتىن باشقا نەرسە بولمىغاچ، ھاراق ئىچىپ مەس بولغاندىن باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى» دەيدۇ. ئەمما مەكتەپ ھاياتىدا يۈز بەرگەن بىر قورقۇنچلۇق، ئەمما قىزىقارلىق ھادىسە ھازىرغىچە ئەنۋەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايتۇ.

«مەكتەپ بىلەن دوختۇرخانا ئوتتۇرىسىدا بىر يول بولۇپ، يولنىڭ بىر تەرىپى دۆڭ، يەنە بىر تەرىپى پەس ئىدى. بۇ ۋەقە قار بىلەن قاپلانغان، يوللار تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن بىر قىش كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى. مۇئەللىم بىر ساۋاقدىشىم بىلەن مېنى ﴿ بىرىپ مەكتەپ ئۈدۈلىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئاناتومىيە بىناسىدىن 20 تال ئادەم كاللىسى ئېلىپ كېلىڭلار ﴾ دەپ بۇيرىدى. بىز 20 ئادەم كاللىسىنى تۆت چېلەككە قاچىلاپ يولدىن ئۆتىۋاتقىنىمىزدا ساۋاقدىشىم تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈۋىدى، چېلەكتىكى كاللىلار تۆكۈلۈپ كېتىپ، دۆڭدىن تۆۋەنگە دومىلاشقا باشلىدى. مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ۋارقىراپ قېچىپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بىز يەردىكى باشلارنى تېرىپ ئېلىپ چېلەككە قاچىلاپ ساناپ كۆرسەك بىرىسى كەم چىقتى» دېدى.

مەن 20 كاللىنى نەدىن تاپتىڭلار دەپ سورىسام، ئۇ بۇ سوئالىمغا پىسەن قىلمىغاندەك قولىنى سىلكىپ قويۇپ «بىزدە ئادەم كاللىسى دېگەن ئىنتايىن كۆپ ئىدى. يۈزلەپ كاللا بار ئىدى. شىخەنزىدە ھەر يىلى نۇرغۇن جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر سىياسى جىناتچى بولسا ھېچ كىم جەسەتكە يېقىن كېلىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ جەسىدىنى تىببى مەكتەپكە تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن بېرىۋېتىدۇ» دېدى.



نەچچە يىللاردىن بېرى خىتاي دۇنيادا ئۆلۈم جازاسى ئەڭ كۆپ بېرىلىدىغان دۆلەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 2009 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بىمارلارغا ئادەم ئىچكى ئورگانلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ئورگىنى ئاساسلىق مەنبە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما ئەنۋەرنىڭ دېيىشىچە بۇنىڭ ئارقىسىدا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھېكايە بار ئىكەن.

«خىتايدا دوختۇرلۇقتا ئوقۇغانلار غەربلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئادەم ئاناتومىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ، چۈنكى غەربتە ئوقۇغۇچىلار سۈنئىي مودېل بىلەن ئۆگىنىدۇ، خىتايدا بىز رەسمى جەسەتنى تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتەتتۇق» دەيدۇ.

قىزى بىز سۆھبەتلىشىۋاتقان ئۆيگە كىرىۋىدى ئەنۋەر گېپىنى توختاتتى. مەن كۆڭلۈمدە قىزى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالغانمىدۇ دەپ ئويلىدىم، ئەمما

قىزى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىپ تېلېفوننىڭ تۇتقا چاتىدىغان سىمىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

1985 - يىلى ئەنۋەر تىببى ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە يېنىپ كېلىپ تۆمۈر يول دوختۇرخانىسىدا ئىشقا چۈشكەن. 1988 - يىلى ئانىسى ئەنۋەرنى بىر دوستىنىڭ قىزى بىلەن مەجبۇر توي قىلدۇرغان. ئانىسى بىلەت تەكشۈرگۈچىدىن ئۆسۈپ، ئۈرۈمچىدىكى يېڭىشەھەر رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئۆسكەن، دېگىنىنى قىلدۇرۇپ كۆنۈپ قالغان ئىدى. «سەن بالىنىڭ چوڭى، ئەگەر سەن گېپىمگە كىرمىسەڭ ئىنىلىرىڭنى قانداق باشقۇرىمەن؟» دەپ ئەنۋەرنى قايىل قىلغان. ئەمما ئەنۋەرنىڭ خالىماي قىلغان بۇ تويى ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان. 1990 - يىلى قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەنۋەر ئۆسمە كىسەللەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئۆسكەن. 1993 - يىلى ئەنۋەر قايتا توي قىلغان. بۇ قېتىم ئالغان ئايالى دادىسىنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ توينىڭمۇ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولغان، ئەمما ئىككىنچى ئايالى 1994 - يىلى ئەنۋەرگە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن.

ئەنۋەر گەرچە كاتتا بىر دوختۇرخانىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگىنى ئۈچۈن پەخىرلىك ھېس قىلسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يېرى دائىم يېرىم ئىدى. ئۇ «مېنىڭ نەزىرىمدە دوختۇرلۇقمۇ ئانچە بەك مۇھىم خىزمەت ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى مېنىڭ مائاشىم كۆمۈر تۇشۇش ماشىنىسى ھەيدەيدىغان بىر شوپۇر دوستۇمنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى» دەيدۇ.

ھۆكۈمەت ئۆي كىراسى ۋە باشقا چىقىملارنى كۆتىرىۋەتكەن بولغاچ كۆپ پۇلغا ئېھتىياجىڭىز قالمايدىغاندۇ دەپ سورىدىم. ئەنۋەر بېشىنى چايقاپ «مېنىڭ نارازىلىقىدىم دەل مۇشۇ يەردىن باشلانغان. مەن دوختۇر بولغاندىكىن، ماڭا ئەسلى ئۆلچەم بويىچە ئىككى ياتاقلىق ئۆي تېگىشى كېرەك ئىدى. ئەمما دوختۇرخانا ماڭا پەقەت بىر ئېغىزلىق ئۆي بەردى. دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن تارتىپ مەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تەلەپ قىلىپ تەكرار تۆت قېتىم ئىلتىماس سۇنساممۇ ماڭا ئۆي بەرمىدى. ئەمما دوختۇرخانىغا كەلگىنىگە ئاران ئۈچ يىل بولغان چىرايلىق بىر خىتاي چوكانغا ئۈچ ئېغىزلىق بىر

ئۆينى بىرىۋىدى، كاللامدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. تاكى شۇ كۈنگىچە مەن كاللامدا بىز ئاز سانلىق مىللەت بولغاندىكىن بىزگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم، بۇ ئىشتىن كېيىن كىمنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدە نۇپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم» دېدى.

كۈندىلىك بېرىش - كېلىشلەردە ئەنۋەرنىڭ خىتاي خىزمەتداشلىرى ھەمىشە ئۇيغۇرلار چوشقا گۆشى يېمەيدۇ، دېگەندەك گەپلەر ئارقىلىق ئەنۋەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئەنۋەر مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى. بىر كۈنى ئۇ ئىشخانىدا سەككىز خىتاي دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا بىر خىتاي سېستىرا كىرىپ «بىر سوئال سورىۋىدى، ئۇنىڭغا مەندىن باشقىسى جاۋاب بېرەلمىدى. بۇنى ئاڭلىغان سېستىرا ‹ۋاي مانى قاراڭ، قوينىڭ مىڭىسىنى يەيدىغان ئادەممۇ بۇنداق ئەقىللىق بولىدىكەن ھە؟› دېۋىدى، مەنمۇ بوش كەلمەي قۇلىقىغا دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، زادى قوي مىڭىسى يېگەنلەر ئەقىللىقمىكەن ياكى چوشقا مىڭىسى يېگەنلەرمۇ، ئەمدى بىلگەنسەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم، بۇنىڭغا نارازى بولغان باشقا خىتاي كەسپداشلىرىم ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەڭ بولمايدۇ دېيىشتى» دېدى.



ئەگەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق گەپ - سۆزلەر بولۇپ تۇرمىغان بولسا، ئەنۋەرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئۆسمە كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى تەكشۈرۈش قارارىغا كەلمىگەن بولاتتى. 1994 - يىلى ئەنۋەر ئىشلەۋاتقان ئۆسمە كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ خىتاي مۇدىرى «ئەنۋەر سەن دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ تەن ساپاسى خىتايلاردىن ياخشى دەپ پەخىرلىنىسەن، بىزنىڭ بۆلۈمگە قاراپ باققىنە، 40 كارىۋاتنىڭ 10 دا سېنىڭ ئۇيغۇرلىرىڭ ياتىدۇ» دېگەن. ئەنۋەرنىڭ بۇ خىتاي بىلەن ئەزەلدىن خۇشى يوق ئىدى (چۈنكى بۇ خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىغا كۆز تىكىپ يۈرگەنلىكىنى ئەنۋەر بىلەتتى). شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بۇ قاملاشمىغان چاقچىقى ئەنۋەرگە بەكرەك تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇ «ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن خۇشۇم يوق بولغاچ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ چاقچاق مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىۋەتتى» دېدى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ 160 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسىنىڭ ئارىسىدا مىللىلار ئاران 5 مىڭ ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆسمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى خىتايلاردىن كۆپ يۇقىرى بولغان. ئەنۋەر بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، ئىزدىنىشنى ئالدى بىلەن بىمارلارنىڭ كېسەل تارىخىنى تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. دەسلەپتە ئارخىپ بۆلۈمدىكىلەر ئۇنىڭغا ئارخىپلارنى كۆرسىتىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىر ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ دوختۇرخانا باشلىقىدىن تەستىق ئالغاندىن كېيىن ئارخىپلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇ ئۇيغۇرلاردا ئاق قان راكى، ئۆپكە راكى ۋە خەتەرلىك لىمپا راكى قاتارلىق ئۆسمە كېسەللىكلەرنىڭ بىر قەدەر كەڭ تارقالغانلىقىنى بايقىغان. بۇ كېسەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللەر ئىدى. تۆمۈر يول دوختۇرخانىسىنىڭ تۆمۈر يول ياقىسىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بارغان ئۆسمە كېسىلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى بايقالغان. بۇ ئۇچۇرلار ئەنۋەرنىڭ گۇمانىنىڭ راسلىقىنى دەللىگەن (ئەمما مەزكۇر تەكشۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دوكلاتنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان قىسمىدا يۇقىرىقى سان - سىپىرلەر چىقىرىۋېتىلگەن).



بۇ دەل ئەنۋەرنىڭ ئىككىنچى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ، يا ئىدارىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئېرىشەلمەي، تۇرمۇشى پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ئەنۋەرنىڭ خىتايدىن ئايرىلىشىغا خىتاينىڭ ئاتوم سىنىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرىنى دۇنياغا ئاشكارىلاش ئەمەس، بەلكى شەخسىي ۋە كەسپىي ھاياتىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار سەۋەب بولغان. 1996 - يىلى دېكابىردا ئۇ ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە بىر يىل ئۆزبېكچە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. تاشكەنتكى چېغىدا ئەنۋەرنىڭ ئېلېكترونلۇق تىغ بىلەن كۆكرەك ئۆسمىسىنى ئېلىش جەھەتتىكى ماھارىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردىكى دوختۇرخانىدا ئىشلەش تەكلىپىنى ئالغان. چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئوپېراتسىيە قىلغاندا قان توختىتىش تېز بولسىمۇ، ئەمما تىغ تەگكەن يەرنىڭ كۆيۈپ كېتىش خەۋپى يۇقىرى بولغاچ، يەرلىك دوختۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋىيەسى تېخى ۋايىغا يەتمىگەن ئىكەن. ئەمما

ئاخىرىدا بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقى ئۈچۈن ئەنۋەر يىگىنە بىلەن كىسەل داۋالاش ئارقىلىق جان باققان.

ئەگەر ئۇ يەردىكى چېغىدا بىرىنچى ئايالىنىڭ بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسا ئەنۋەر تاشكەنتتە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئايالىنىڭ دوستى بىرىنچى ئايالىنىڭ ھازىر ئىستانبۇلدا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەنۋەر بىلەن يارىشىپ قېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن. ئەنۋەر ئايالىنىڭ يارىشىش تەلپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئايالى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ۋەخپى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىستانبۇلغا كېلىپ ئوقۇش تەكلىپى ئەۋەتكەن. ئەنۋەر 1997 - يىلى دېكابىردا ئىستانبۇلغا كەلگەن. گەرچە ئەنۋەر خىتايغا قايتىشنى ئويلىشىپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قايتىشنى خالاپلا قالسا ھەر زامان قايتىپ كېتەلەيتتى. ئۇ: «مەن بۇ دۆلەتتە يېڭىدىن ھايات باشلايمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم، ئوقۇش پۇلىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇ جەرياندا ئۇيغۇر ۋەخپى بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭى ئۆچۈرلاردىن خەۋەر تېپىشقا باشلىدىم» دەيدۇ.



گەرچە ئۇيغۇر ۋەخپى ئەنۋەرنى مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەزىپىنى ئەنۋەر ئۆز رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئۆسمە كىسەللەر مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر ۋەخپى ئەنۋەرنى 1997 - يىلى غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە قىسقىچە بىر خەۋەر تەييارلاشقا قاتناشقان بىرىتانىيەلىك ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىگۈچى رىچارد ھېرىڭ ۋە ستۇرۋارت تېننىر بىلەن تونۇشتۇرغان. ئۇلار ساياھەتچى قىياپىتى بىلەن خىتايغا بېرىپ، يوشۇرۇن ئاپارات بىلەن مەخپى سىنىغا ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشكەن. ئەينى چاغدا بۇ خىل تېخنىكا تېخى ئەمدىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، ھېرىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، يوشۇرۇن ئاپاراتنى تونىخام كورتىرودا ئېلېكترونىڭ ئەسۋاپلارنى ساتىدىغان بىر رۇس دۇكاندارغا ياساتقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. پىلان بويىچە ھېرىڭ بىلەن تەننىر ئاتوم سىنىغان رايوننىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە تۇغۇلۇشىدا مېيىپ بولۇش نىسبىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلارنى سىنىغا ئېلىشقا، ئەنۋەر بولسا

تۆمۈر يول مەركىزى دوختۇرخانىسىدىكى مەخپى ئۇچۇرلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان.

ھۆججەتلىك فىلىمدىكى بىر كۆرۈنۈشتە ئەنۋەرنىڭ بوسپورۇس بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان ۋاپوردا خاتىرجەم ئولتۇرغان سۈرىتى كۆرسىتىلىدۇ. سۈرەتتە ئەنۋەرنىڭ قارا چاچلىرىنىڭ ئالدى چۈشۈشكە باشلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلارنى ختاي ھۆكۈمىتى بايقاپلا قالسا، بىرىتانىيەلىكلەرنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بىلەن كۇپايە قىلاتتى، ئەمما ئەنۋەر تۇتۇلۇپ قالسا ئاز دېگەندە 20 يىل تۈرمىدە يېتىپ قېلىشى خەۋپى بار ئىدى. «مەن بۇنداق قىلىشنىڭ جاسۇسلۇققا كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ھەم ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئەمما شۇنداقتىمۇ مەن بۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم، لېكىن تەنلىرىم بىر خىل شۈركىنىپ كەتكەن ئىدى» دەيدۇ.

ئەنۋەر يەنە ئەينى چاغدا بۇ مەسىلىگە باشقىلارنىڭمۇ دىققىتىنىڭ چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىدى: «ئەينى چاغدا بىرەر چەتئەللىك ئۇيغۇرلارغا قىزىقسا، بىز بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتۇق. ئۇلارنى خۇددى ئەۋلىيالاردەك، بىزنىڭ نىجاتچىلىرىمىز دەپ بىلەتتۇق».



فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان رايون ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى ياشلار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان پوت - قولى ئاجىز مېيىپلارنى، تاڭلاي يېرىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنى ۋە باشقا مېيىپلارنى ئۇچراتقان. يەرلىك دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلار ئىسمى شەرىپىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى بىلەن بۇ رايوندا ئاققان كېسىلى، ئۆپكە راكى ۋە خەتەرلىك لىمفا ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكنىڭ تارقىلىش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ گۇمانىنى قوزغاشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما قولغا ئېلىنمىغان ياكى توختىتىپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما دائىم تەشۋىشچىلىك ۋە ئەندىشە ئىچىدە تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان. 2014 - يىلى مەن تەنتىر بىلەن مۇشۇ تېمىدا سۆھبەتلەشكىنىمدە ئۇ ئەينى چاغدا «دائىم كۆپ سوئاللارنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدە دېگۈدەك دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكەن ئىدىم، ياكى خاتا كىشىدىن سوئال سوراپ قېلىپ قولغا ئېلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا تۇراتتىم» دەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەن.

فىلىم ئىشلەش جەريانىدا ئەنۋەرمۇ قورقۇپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قىلغان ئىشىدىن خۇشاللىق ھېس قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بەزىدە سىر ساقلاشمۇ كىشىگە لەززەت بېغىشلايدۇ» دېدى.

ئەنۋەر ماتېرىيال ئىزدەش ئۈچۈن بىر كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، مەزكۇر كۇتۇپخانا تەتىل سەۋەبىدىن تاقىۋېتىلگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغان ئىكەن. «ئەمدى تۈگەشتۇق دەپ ئويلىغان ئىدۇق» دەيدۇ ئەنۋەر. كېيىن ئەنۋەر «كۇتۇپخانىغا بىر بېرىپ كۆرەي» دەپ تەلىيىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەلگەن. «كۇتۇپخانىغا بارغاندىن كېيىن كىملىكىمنى كۇتۇپخانا خادىمىغا كۆرسىتىپ، مەن قىسمەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىناي دېگەنىدىم دېدىم. كۇتۇپخانا خادىمى ئاددى-ساددا بىر خىتاي بولۇپ، ئەگەر مېھمان قىلساڭ كىرگۈزەي دېدى. مەن ماقۇل بولۇپ، بۇ خىتايىنى بىر ئالىي رېستورانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلدىم، بۇ يەردە پاھىشە قىزلارمۇ بار ئىدى. مەن بىر خىتاي ۋە بىر قازاق قىزغا 100 دوللاردىن پۇل تۇتقۇزۇپ بۇ دوستۇمنى ياخشى رازى قىلساڭلار ئەتە يەنە 100 دوللار بېرىمەن دېدىم. 100 دوللار دېگەن ئەينى چاغدا ئىنتايىن كۆپ پۇل ئىدى. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى خىتاي بۇ قىزلار بىلەن كېتىپ قالدى، ئەتىسى ئەتىگەندە كۇتۇپخانىغا بارسام ئۇ خىتاي ماڭا كۇتۇپخانىنىڭ قوشۇمچە ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.»

ئەنۋەر قولغا چۈشۈرگەن ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغان يەرگە يېقىن يېزىلارنىڭ ئۆسمە كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن 30 ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن. 1998 - يىلى ئۆكتەبىردە مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىم تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ھېچ قانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان. ئەنۋەر «ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولاتتى، مەن ھېچ قانداق سىياسىي ئىپادە بىلدۈرمىدىم، پەقەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ھالىنى ئاڭلاتتىم. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نازۇك يېرىگە خەنجەر تەككۈزگەن ئىدىم» دەيدۇ.

ئەنۋەر ئىستانبۇلغا قايتقاندىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە باشلىغان. مەن ئەنۋەردىن سىزنى فىلىم ئىشلەشكە تەۋسىيە قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ۋەخپى سىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانداق مۇئامىلىدە بولدى دەپ سورىدىم. ئەنۋەر ئۇلار مېنى بىر قېتىم تاماقتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن مەن بىلەن كارى بولمىدى دەپ جاۋاب بەردى. ئەنۋەرنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تۇغقانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىدا قالغان. چۈنكى خىتايدا چەت ئەلدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۆكتىچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ھەمىشە قىيىن - قىستاقتا ئۇچرايتتى ياكى تۈرمىگە تاشلىناتتى. مەسىلەن، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىدىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن 2006 - يىلى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ تۆت پەرزەنتىنى ھەر خىل ئويدۇرما جىنايەتلەر بىلەن تۈرمىگە تاشلىغان. ئەمما ئەنۋەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە 2004 - يىلىغىچە ھۆكۈمەت تەرەپ يېقىن كەلمىگەن. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ساقچىلار بېسىم ئىشلەتمەي ئەكسىچە يومشاق سىلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئانىسىغا: «ئۆغلىڭىز بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان، باشقا يامان ئىش قىلمىدى. بىزمۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆغلىڭىزدىن ئەپۇ سورايمىز. ئەگەر ئۇ بىزنى ئەپۇ قىلىپ قايتىپ كەلسە ئىدارىدىكى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۆستۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن» دېگەن. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە ئەنۋەر ئۇزۇندىن بېرى ئېرىشەلمەي كەلگەن چوڭ ئۆينى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ھېيت - بايراملاردا ئانىسىنى سوۋغا - سالاملار بىلەن يوقلاپ تۇرغان. ھەتتا بىر قېتىم پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ كېلىپ ئاپىسىدىن ھال سورىغان.

بۇ خىل تاكتىكىنىڭ مەقسىتى ھىجرەتتىكى سىياسى پائالىيەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە قىستاش ئىدى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن جەريان كېتىدىغان بولغاچ، ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ ياردەم قىلىشقا رازى بولغانلار مۇكاپاتلىناتتى. 2005 - يىلى ئەنۋەر ئانىسىغا تېلېفون بېرىپ، ساقچىلار نېمە دېسە ماقۇل دەپ قوبۇل قىلغىن دېگەن. ھۆكۈمەتنىڭ 2007 - يىلى قىزىنىڭ ئەنگلىيەگە چىقىشىغا يول قويۇشىغا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ پايدىسىدىن بولغان دەپ قارايدىكەن. ئەمما چاتاق بولغىنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئانىسى راستىنلا ئەنۋەرنى سىياسى پائالىيەتتىن قول ئۈزۈپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە قىستاشقا

باشلىغان. «ئانام مېنى ۋەتەنگە قايتۇرۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى ھەمدە ساقچىلارنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى تەكىتلىدى. مەن ئانا ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالدىڭىزمۇ دەپ سورىسام، ئانام ئۆزەك ساقچىلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دېگىن دېگەندىڭغۇ دېگەن».

ئەنۋەر ئەسلىدە داۋاملىق ئىستانبۇلدا تۇرۇش خىيالىدا بولغان، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان. 1999 ـ يىلى خىتاي دۆلەت ۋەزىرى لى پېڭ تۈركىيە بىلەن جىنايەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا كەلمەكچى بولغان. ئەنۋەر كەلگۈسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قاچماي باشقا ئامالى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەينى چاغدا بىرگە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقانلار ئەنگلىيەلىك بولغاندىكىن مۇشۇ يەرگە كېلىش قارارىغا كەلگەن. 1999 ـ يىلى مارت ئېيىدا ئەنۋەر ئەنگلىيەگە كېلىپ مۇشۇ يەردە سىياسى پانالىق تىلىگەن. دەسلەپتە بىر مەزگىل بىر تۈرك دوختۇرنىڭ يېنىدا تۇرغاندىن كېيىن، بىللە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقانلار بىلەن ئۇچراشقان. ئەنۋەر ئۇلاردىن ئازراق ئىقتىسادى ياردەم كىلەرمىكى دېگەن ئۈمىدتە بولغان، ئەمما ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان. بۇنىڭدىن ئەنۋەر قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدا فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھالىمۇ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ راستىنلا ئەنۋەرگە ياردەم بەرگۈدەك ھالىمۇ يوق ئىدى. ھېرىك شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشسىز قېلىپ، ئىقتىسادى جەھەتتىن قاتتىق قىينالغاندىن باشقا بىر خىل ئىسسىق بەلۋاغ كىسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئەنۋەر ھەر خىل ۋاقىتلىق خىزمەتلەر بىلەن جان باققان. ئاۋۋال ئالدۇچ دېگەن يەردە بىر تىياتىرخانىنىڭ تازىلىقىنى قىلغان بولۇپ، تۈنجى كۈنى ئىشقا بارغاندا ئورۇندۇقلار ئارىسىدا 80 فونت ستېرلىڭ نەخ پۇل بىلەن بىر گۈچچى ماركىلىق سائەت تېپىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى (بۇ سائەتنى ئايالى ھازىرغىچە تاقاپ كېلىۋاتىدۇ). ئايالى ئەنجىلا بىلەن بولسا بىر مېھمانخانىدا ئىشلىگەن چېغىدا تونۇشۇپ قېلىپ، كېيىن توي قىلغان ئىكەن. 2005 ـ يىلى ئەنۋەر شەخسى دوختۇرخانىدا

ئىشلەش ئۈچۈن تۈركىيەگە قايتىپ بارغاندا، ئىستانبول ئايرىدورومىدا بەش سائەت تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن لوندونغا قايتۇرۇۋېتىلگەن. گەرچە ئەنگلىيە پاسپورتى بىلەن ئايرىپورتتا تۈركىيەگە كىرىش ۋىزىسى بېرىلىسىمۇ، چېگرا خادىملىرى ئەنۋەرگە سەن كىرىشتىن بۇرۇن ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشىڭ كېرەك دېگەن.

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەنۋەر ئەنگلىيەگە كەلگەندىن بىرى ئىككى خىل هايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. لوندوندىكى كىچىك ئۇيغۇر جامائىتىدىن باشقا ئەنۋەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلىدىغانلار يوق ئىدى. ئاپتۇۋۇز شىركىتىدىكى خىزمەتداشلىرى ئەنۋەرنىڭ خىتايدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بىرى خىتايدا تور ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش دېتاللىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنۋەرنىڭ يازمىلىرى تور ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلىغان. «ئانام بىر كۈنى سەن نېمىلەرنى يازدىڭ دەپ سوراق قىلدى؟ مەن هېچ نېمە يازمىدىم دېسەم، يېزىپسەن دېدى. مەن ئانا ئۇلار 10 يىل بۇرۇن يازغان نەرسىلەر دەپ جاۋاب بەردىم» دېدى.



گەرچە شىنجاڭدا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىشتىن كېلىپ چىققان سالامەتلىك مەسىلىسى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي هۆكۈمىتى تولەم تۆلەش ئۇياقتا تۇرسۇن هەتتا ئېتىراپ قىلىشقىمۇ ئۇنىماي كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەسىلىگە ئاممىۋى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە تەتقىقاتچىلارمۇ ئانچە بەك ئېتىبار بەرمەي كەلمەكتە. ئەنۋەر بۇ مەسىلىگە سەل قارىلىشىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايدىكەن. ئۇ «ئۇلار بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، ئەمما بۇ هەقتە هېچ قانداق يېڭى ئۇچۇرلارمۇ يوق. مەن 4 ـ قانالدا كۆرسىتىلگەن هېلىقى هۆججەتلىك فىلىمنى ئۆزەم خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم، ئەمما تاكى بۈگۈنگىچە بۇ فىلىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىدى. ئەگەر ئۇلار تەرجىمە قىلىمىز دېسە بۇ بەكلا ئاسان ئىش» دەيدۇ.

ئەنۋەرنىڭ قايتىدىن دوختۇرلۇق قىلىشى ئەمدى مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئاپتۇۋۇز هەيدەشتىن توختاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تائاملىرىنى ساتىدىغان بىر

ئاشخانا ئاچقۇسى بولسىمۇ، بىرگە تىجارەت قىلىدىغان شېرىك تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئارزۇسى تېخىچە ئارزۇ پېتى قاپتۇ. مەن ھازىرقى بۇ ھالىڭىزغا قانداق قارايسىز دەپ سورىسام، ئۇ ئەپسۇسلانغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ «ئەگەر پۇشايمان قىلمايمەن دېسەم يالغان بولىدۇ، مەن بىر ياخشى تۇرمۇشنى تاشلاپ مۇشۇ ھالغا چۈشتۈم. ئەمما خىتايدا بولىۋاتقان ئىشلار ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ، شۇڭا ئەگەر قايتا تاللاشقا مۇمكىن بولسا مەن يەنىلا مۇشۇ يولنى تاللايمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

گەرچە رابىيە قادىر بىلەن ئەنۋەر توختىنىڭ سىياسى يولنى تاللىشىدىكى سەۋەبلىرى ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگىنى ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر بەدەل تۆلىگەن. خۇددى سىتۋۋارد تەنىنىر دېگەندەك «بۇ خىل ئىشلارنى دۇنياغا ئاشكارىلاش پەقەت خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان قاپ يۈرەك ۋە جاسارەتلىك ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ». ئۇلارنىڭ پەرقلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ بىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا مۇزاكىرە قىلىشقا يول قويماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان يوقىرىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەكسىچە ھۆكۈمەت ئارقا - ئارقىدىن چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىپ، ھەر قېتىمقى پىلاننىڭ ئاخىرىدا بۇ پىلانلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دەپ داۋراڭ سېلىپ كەلمەكتە. 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، يەنى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن ھۆكۈمەت شىنجاڭدا يولغا قويۇدىغان ئەڭ يېڭى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

211

# 6

# بەخت قۇشىنىڭ غەربكە ئۇچۇشى

خىتاينىڭ غەربىدىكى ئۆلكىلەر ئۇچۇن يېڭى ئەسىر بۈيۈك ۋەدىلەر بىلەن باشلانغان. يەنى ھۆكۈمەت بۇندىن كېيىن بۇ رايونلارمۇ خۇددى دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ ۋەدە قىلغان. 1999 - يىلى نويابىردا ئەينى چاغدىكى خىتاي پرېزىدېنتى جاڭ زېمىن «غەربىي دىيارنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى جاكارلىغان ئىدى. ئۇ مەزكۇر سىياسەتنىڭ مەقسىتى «ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىقتىسادى پەرقنى كىچىكلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىقتىسادى باراۋەرلىك ھاسىل قىلىپ ئورتاق روناق تېپىش» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

خىتاينىڭ باشقا بۈيۈك پىلانلىرىغا ئوخشاش بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭمۇ گۈلدۈرمامىسى بار يامغۇرى يوق، شوئارى زور تەپسىلاتى ئېنىقسىز بىر ھەرىكەت سۈپىتىدە باشلانغان. دەسلەپتە «غەربىي رايون» دېگەن سۆزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئېنىقلىمىسىمۇ بېرىلمىگەن. بۇنىڭغا خىتاينىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ، چىڭخەي، سىچۈەن، تىبەت ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىن باشقا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خېنەن، خۇبېي ۋە شەرقى شىمالدىكى جىلىن ئۆلكىلىرىمۇ ئاتالمىش غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ پىلانغا كىرگۈزۈلدىغان ئۆلكە ۋە

رايونلارنىڭ ئىنىق شەرتى (جۇغراپىيەلىك ئورنى ياكى ئىقتىسادى كۈچى) ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. بەلكىم يۇقىرىقى ئۈچ رايوننىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى، بۇ شۇنداقلا رايونلارنىڭ خىتاينىڭ مەركىزى رايونىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ئامىللاردىن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايونلارنى ئېچىۋېتىشى، خىتايدا رايونلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىمۇ باراۋەرسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر ھەرىكەتنى دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاراملىقى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئىلگىرى سۈرۈشىدىن، بۇ خىل باراۋەرسىزلىك داۋاملىشىۋەرسە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان «كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى نارازىلىق» چىقىپ قېلىشقا سەۋەب بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مەركىزىنى خىتاينىڭ جەنۇبى ۋە شەرقى رايونلىرىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئېشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشنىڭ دەسلىپىدىلا ئوتتۇرىغا قويغان. 1992 - يىلى دېڭ شياۋپىڭ «باي ۋە تەرەققى قىلغان دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن نامرات ئارقىدا قالغان ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى چوقۇم مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھەل قىلىمىز» دەپ ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن. بۇ پىلاننىڭ دۆلەتنىڭ خىزمەت تەرتىپىدىن چۈشۈپ قالماسلىقىغا بولسا، خىتاينىڭ تەسىرى كۈچلۈك زىيالىسى خۇ ئەن گاڭنىڭ تۆھپىسى زور بولغان. ئۇ ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك دېگەن قاراشنى تەكرار ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇنداق بولمىسا، باي رايونلار بىلەن نامرات رايونلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.

جاڭ زېمىن گەرچە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزباسارى بولسىمۇ، ئەمما دېڭنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋاقىت شارائىتى توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىچكى رايونلارغا مەبلەغ سېلىشنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە باشلىغان. خىتاي ھۆكۈمىتى 13 يىل سۆزلىشىش نەتىجىسىدە دۇنيا تىجارەت تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ

كىرگەنلىكى ئۈچۈن، كېلىشىمگە ئاساسەن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاينىڭ بازىرى خەلقئاراغا ئېچىۋېتىلىشى كېرەك ئىدى. دېمەك، بۇ ئۇزۇنغا قالماي خىتاي شىركەتلىرى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ رىقابىتىگە ئۇچرايدۇ دېگەن گەپ، ئۇ چاغدا ئىچكى ئۆلكىلەر بەكرەك زىيانغا ئۇچرايتتى. 2000 - يىلى خۇ ئەن گاڭ بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغاندەك غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، بىر تەرەپتىن مەزكۇر رايونلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەل مەبلىغىنى بۇ رايونلارغا قىزىقتۇرۇش ئىدى. مۇخبىر ئۇنىڭدىن ھۆكۈمەت تور بەتلىرىنى بەك چىڭ كونترول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەللىك كارخانىلارنى قاچۇرۇپ قويارمىكىن دەپ سورىغاندا، خۇ ئەن گاڭ «ھۆكۈمەت توردىكى شەھۋانى مەزمۇنلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ... ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە چەت ئەل كارخانىچىلىرى خىتايغا كېلىپ شەھۋانى تور بەتلىرىنى ئېچىپ يۈرۈش بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلماس، شۇڭا كېلىپ سودا قىلسۇن!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دەسلەپتە چەت ئەل كارخانىلىرى خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا تازا قىزىقمىغان. 70 كىشىدىن تەركىب تاپقان خوڭكوڭلۇق كارخانىچىلار ئۆمىكى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاران 30 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىشقا رازى بولغان. بىرىتانىيە سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقىنىڭ گېپى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا «خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرى ئىنتايىن چوڭ بولغىنى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن كۆپرەك تەپسىلىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشمەي بولمايدۇ».



غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيەتتە تەپسىلىي پىلانلانمىغان بىر چاقىرىق بولۇپ، ئەمەلىي قوغلىشىدىغان ئۇبيېكتلىرىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر مەقسىتى جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلاردىكى نوپۇسى زىچ ئۆلكىلەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئادەم كۆچۈرۈش بولۇپ، خىتاي دۆلەت ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ شائىرانە سۆزى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ھەرىكەت «بەخت قۇشىنىڭ غەربكە ئۇچۇشى» ئىدى. ئىچكىرىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش تاكى 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەللەشمىگەن بولسىمۇ، شىنجاڭغا

خىتايلار 1950 ـ يىللاردىن تارتىپلا تۈركۈملەپ كۆچۈپ چىقىپ، بىڭتۈەنگە ئورۇنلىشىپ كەلگەن. كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتچىسى نىكولاس بېكۇلىننىڭ گېپى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا خىتاينىڭ ئاتالمىش غەربنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭغا قاراتقان سىياسەتتە ھېچ قانداق يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى.

شىنجاڭغا سېلىنغان دەسلەپكى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن قارىغاندا يۇقىرىقى خۇلاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دەسلەپتە سېلىنغان 900 مىليارت يۈەن (ئەينى ۋاقىتتا 100 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كېلەتتى) مەبلەغنىڭ 70 پىرسەنتىنى شىمالى شىنجاڭنىڭ ئاساسى قاتلام قۇرۇلۇشلىرى، نېفىت سانائىتى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاش ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن. ئونىنچى بەش يىللىق پىلاندا يەنە 420 مىليار يۈەن (51 مىليار دوللار) قوشۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ تۇققۇزىنچى بەش يىللىق پىلاندا سېلىنغان مەبلەغدىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

شىنجاڭدا بولسا بىڭتۈەننىڭ شىنجاڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكى قايتا تەكىتلىنىشكە باشلىغان. خىتاي تەتقىقاتچىسى ۋە ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى ما داجىڭ بىڭتۈەننىڭ رولىنى كېڭەيتىش تەكلىپىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئىچكى ئاخباراتتى بىڭتۈەننىڭ ھەربى ۋە ئىقتىسادى رولىدىنمۇ ئۇنىڭ مىللەت تەركىبى شىنجاڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن بەكرەك پايدىلىق دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. يەنى ما دا جىڭ دائىم «خىتايلار شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئەڭ ئىشەنچلىك مىللەت» دېگەن قاراشتا بولۇپ، جەنۇبى شىنجاڭدا ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ ئەتراپىغا خىتايلارنى يۆتكەپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى قورشىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن (بۇ ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشغال قىلىنغان پەلەستىنلىك ئەرەبلەرنىڭ زېمىنلىرىنى قورشاشقا ئوخشاش سىياسەت ئىدى). دېمەك، خىتايلار يىراق بىر چېگرا رايون بولغان شىنجاڭغا نۇرغۇنلىغان خىتاينى كۆچۈرۈپ كېلىش ئارقىلىق بۇ يەرلەرنى خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىگە ئوخشاش قىلىغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشقا كەلگەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گەرچە بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتىدە ئۆزگىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان چارىسىدا ئۆزگىرىشلەر بولغان. «ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، بىڭتۇەن بۇرۇنقى يېرىم ھەربىي، يېرىم دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان مودېلدىن كارخانىلىشىشقا يۈزلەنگەن (ئەمما دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولغان). 1988 - يىلى بىڭتۇەننى كوپېراتىپ دەپ ئېلان قىلىپ، قانۇنىي ھوقۇقى جەھەتتىن مۇستەقىللىق بېرىلگەن (بىڭتۇەننىڭ ئۆز ئالدىغا سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلغان)، مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولغان. شۇندىن كېيىن ئارمىيە بىلەن قۇراللىق ساقچى قوشۇنلىرى پەقەت بىڭتۇەننىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى تەربىيەلەشتىن باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولغان. ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى توماس كىلىف خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق «ئىقتىسادىي قۇدرەت ھەربىي كۈچكە قارىغاندا تېخىمۇ قانۇنلۇق كونترول ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن» دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھېچ كىم خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشنى خالىمايدۇ دېيەلمەيدۇ، ئەمما مەبلەغ سېلىشقا تاللانغان ساھەلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇن مەبلەغ سېلىنغان ساھەلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلغاندا بۇ ناھايىتى توغرا سىياسەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجى يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ مېڭىۋاتاتتى، شىنجاڭدا بولسا تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 2000 - يىلىلا شىنجاڭ خىتاينىڭ نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 11 پىرسەنتىنى، تەبىئىي گازنىڭ 13 پىرسەنتىنى تەمىنلەشكە باشلىغان. ئۇندىن باشقا جۇغراپىيەلىك ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېنېرگىيە بازىلىرىغا يېقىن ئىدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خىتاي نېفىت خىمىيە شىركىتىنىڭ 2004 - يىلى شاڭخەي بىلەن ئۈرۈمچىنى تۇتاشتۇرىدىغان 4200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى گاز تۇرۇبا قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈشى شىنجاڭنى خىتاينىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇشتىكى مۇھىم قەدەم ھېسابلىناتتى. 2002 - يىلى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ پارتىيە سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭ خىتاي مەركىزى پارتكوم ھەيئىتى قىلىپ ئۆستۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن مۇھىملىقىنى دەلىللىگەن.

شىمالى شىنجاڭنىڭ سانائەت ۋە ئاساس قاتلام قۇرۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سېلىش گەرچە نۇرغۇن خىزمەت ئورنى يارىتىپ، ماددى تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئاساسەن خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەھەر نوپۇسىدىكىلەر پايدا كۆرگەن. 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى يېزا بىلەن شەھەر نوپۇسى ئارىسىدىكى ئىقتىسادى پەرق خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن 30 پىرسەنت يۇقىرى بولۇپ، بۇ پەرق ئاساسەن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان جەنۇبى شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن. گەرچە جەنۇبى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگەللىسىمۇ، ئەمما شەھەر نوپۇسىنىڭ ئاران 20 پىرسەنتى جەنۇبى شىنجاڭدا ئىدى.

ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقنى ئېچكىرىگە توشۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئازغىنە ئىقتىسادى پايدا يەتكۈزۈشىنى نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر ئىشغالىيەتچىلىك سىياسىتى دەپ ئاتىغان. شىنجاڭ زادى خىتاينىڭ ئىچكى مۇستەملىكىسىمۇ، ئەمەس؟ دېگەن سوئال ئۇزۇندىن بېرى مۇنازىرە قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تېما بولۇپ، بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب، جاۋاب بەرگۈچىنىڭ تارىخ قارىشى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئىگىدارچىلىقىنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكى، شۇنداقلا مۇستەملىكىچىلىككە بولغان ئېنىقلىمىسى قاتارلىق قاراشلارغا باغلىق ئىدى. شىنجاڭ خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى دېگەن ئاتالغۇنىڭ دائىم يەڭگىللىك بىلەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى راس، ئەمما خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشىدىمۇ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئامىللىرى چىقىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ نېفىتى بىلەن تەبىئىي گازلىرىنى يۆتكەپ كېتىش ئاسان ئەمەس، سىرتقا توشۇلغان بايلىقلاردىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مەلۇم دەرىجىدە باج كىرىمىگە ئېرىشكىنى راس، ئەمما بۇ بايلىقلاردىن كىرگەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا شىنجاڭدا قالمىغان.

غەربى رايوننى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان دەپ مەزكۇر سىياسەتنى خاتالىق ئىزدەش زۆرۈر ئەمەس. بەزى خىتاي ئانالىزچىلىرى بۇ سىياسەتنى ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان، سىياسى تەسىرى كۈچلۈك دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراتقان ئادىل بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىستراتېگىيەسى دەپ قارىغان. سىچۇەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر تەتقىقاتچىسى مەزكۇر سىياسەتنى «غەربىي رايوننى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، شەرقىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش» سىياسىتى دەپ خۇلاسىلىگەن.

مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى، بولۇپمۇ شىنجاڭدەك سۇ مەنبەسى كەمچىل قۇرغاق رايونلارنىڭ قۇملىشىپ كېتىش مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، قىزغىن مۇنازىرە قىلىنغان. گەرچە ھۆكۈمەت ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداپ قېلىشنى قايتا - قايتا تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىشكە مەسئۇل خىزمەتلەرگە ئارىلاشتۇرۇلماسلىقى، ئەمەلىيەتتە مۇھىت ئاسراشنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇھىت ئاسراش جەھەتتە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەر ئىچىملىك سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇنسىز ئورمان كېسىشنى مەنئى قىلىش ۋە ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن چەكلەنگەن. ئەمما بۇ جەھەتتىكى پىلانلىنىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، سىياسەت ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزەتكەن «دەريا سۈيى قارا ئاقىدۇ: خىتاينىڭ كەلگۈسى مۇھىتىدىكى خىرىسلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئېلىزابېت ئېكونومى «خىتاينىڭ مۇھىت جەھەتتىكى مۈشكۈللۈكلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئۇنۇملۇك چارىسى يوق» دەپ ئالدىن بىشارەت بەرگەن.



دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كادىرى لى دېجۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن ھەم قالاق، شۇڭا ئۇلار خىتايلاردىن ئۆگىنىشى كېرەك دېگەن سۆزلىرىدىن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ھەر مىللەت خەلقى بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشتا بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ھۆكۈمەت شىنجاڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى شىمالىي شىنجاڭغا مەركەزلەشتۈرۈشنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باراۋەرسىزلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن قوللانغان سىياسىي تەدبىرى دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى 1990 - يىللاردا دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا مەبلەغ سالغان چاغدىكى نەزەرىيەگە ئوخشاش، شىمالىي شىنجاڭدىكى سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ ياراتقان ئىقتىسادى بايلىق ۋاقتىنىڭ

ئۆتتۈشى بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغىمۇ پايدا كەلتۈرىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزى خىتاي ئىقتىسادشۇناسلىرى بۇ خىل سىياسەت «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش»نىڭ دەسلەپىدە مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇلغاندىلا خاتالىقى ئىسپاتلانغان (شۇڭلاشقا غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە ئېھتىياج چۈشكەن) دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بىر خىتاي مۇتەخەسسىسى 2001 - يىلى «ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغ سېلىنىدىغان رايوننى تاللىغاندا ئىقتىسادى پايدىنى قۇربان قىلىشى كېرەك» دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى جەنۇبى شىنجاڭدىمۇ سانائەت تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك ئىدى.

يەرلىك ھۆكۈمەت گەرچە بۇ خىل پىكىرگە ئېتىبار بەرمىگەن بولسىمۇ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. 2001 - يىلى شىنجاڭ پارتكومىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەتقىقات دوكلاتىدا «ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەك كۈچلىرى ئۇچۇن ئىش تېپىش كۈندىن - كۈنگە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ يەسلىلىك دېھقانچىلىق هوددىگەرچىلىكى ۋە شەخسى كارخانىلىرىدا ئىش تېپىش تېخىمۇ مۈشكۈللەشكەن» دەپ يازغان. مەزكۇر دوكلاتتا يەنە كەسپى ساھەلەردىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، خىتايلارغا قارىغاندا ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما بۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىۋاتقان خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان كەمسىتىشى (رەسمى ۋە غەيرى رەسمى)، ياكى ئۇلارنىڭ هېچ قانداق چوڭ كۆلەملىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇشلارغا يېقىنلاتماسلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى قىلچىمۇ ئېتىراپ قىلماي، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىتايچە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىدىن بولغان دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

## «قوش تىللىق» مائارىپ

ئەمما مەسىلە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتايچە سۆزلىيەلمەسلىكىدە ئەمەس ئىدى. 1984 - يىلدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەت باللىرىغا خىتايچە

يەسلىدىن باشلاپ ئۆگىتىلىشكە باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلىلىقىدىن باشلاپ ئۆگىتىلىپ كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىتايچىنى ياخشى ئۆگەنمەسلىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب دەرسلەر خىتاي تىلىدا ئۆتۈلمىگەنلىكتىن بولغانىكەن.

تاكى 1990 ـ يىللارغىچە مىللار بىلەن خىتايلارنىڭ مەكتىپى ئايرىم بولۇپ، خىتايلار خىتايچىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا دەرس ئوقۇپ كەلگەن. گەرچە بەزى شەھەرلەردە مىللى ئوقۇغۇچىلار خىتايچىدا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى مىللى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 6 پىرسەنتىنى ئىگەللەيتتى. خىتايچىدە ئوقۇغانلار ئاساسەن شەھەر نوپۇسىنى ئاساس قىلغان. ئۈرۈمچىدەك خىتاي نوپۇسى كۆپ شەھەرلەردە خىتايچە ئوقۇشنىڭ پايدىسى بار ئىدى، ئەمما جەنۇبى شىنجاڭدا خىتايلارنىڭ نوپۇسى كەم بولغاچ خىتايچە ئاساسەن كۆپ ئىشلىتىلمىگەلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئاساسەن بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇتاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇيغۇرچىدا ئوقۇتۇشىغا ئەمەلى ئېھتىياجدىن باشقا، بالىلىرىنىڭ مىللەت ئېڭى، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان باغلىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق كونكرېت ئامىللارمۇ سەۋەب بولغان. ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئىككى پەرزەنتلىك ئۇيغۇرلار بىرىنى خىتايچىگە بەرسە، يەنە بىرىنى ئۇيغۇرچىدا ئوقۇتقان.

2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى مىللى مائارىپتا راستىنلا مەسىلە كۆپ ئىدى. مىللى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىزدىن تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش نىسبىتى ئاران 35 پىرسەنت بولۇپ، خىتايلارنىڭكى 87 پىرسەنتكە يەتكەن. قەشقەر رايونىدا مىللى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى 18 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، خوتەندە ئاران 10 پىرسەنت ئىدى. خىتاي ئانتىرپولوگى مارۇك قاتارلىق خىتاي زىيالىلىرى بۇنى تارىختىن بىرى شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ ياخشى تەرەققى قىلدۇرۇلمىغانلىقىدىن كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشى خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن بىرى شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان مائارىپ سىياسىتىنى تەنقىد قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى، ئەكسىچە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەزەلدىن «ئارقىدا قالغان قالاق

رايون» ئىكەنلىكىنى ئىما قىلغان. مانىڭ بۇنداق دېيىشى تامامەن ئاساسسىزمۇ ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت تۈركىي خەلقلەرنىڭ سەرخىللىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئاتاپ يېڭى كوڭزىچىلىق تەلىماتى بېرىدىغان مەكتەپلەرنى قۇرغان. چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن مەزكۇر رايوندا ھازىرقى زامان مەكتەپ سىستېمىسى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مىللەتلەردىن بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز چىققان.

خۇددى ياۋرۇ ئاسىيا تەتقىقاتچىسى ئىرىك شىكۇلېسىل ئوتتۇرىغا قويغاندەك يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىل مابەينىدە جەدىدىزىم ۋە پانتۈركىزىم ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مائارىپىدا بىر قاتار يېڭىلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان. جەدىدىزمنىڭ تەسىرى شىمالى شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ نىشانى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشنى ئىككىنچى ئورۇندىكى ئەخلاقىي تەربىيە دەرسلىكى قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ھازىرقى زامانغا ماس ئىلىم - پەن ئۆگىتىپ، ئۇلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيەلەشنى يېڭى مائارىپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. پانتۈركىزمنىڭ تەسىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا بەكرەك كۈچلۈك بولغان، چۈنكى نۇرغۇن يەرلىك زىيالىلار ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى قارىشى جەدىدىزىم بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.



مۇشۇ خىل رىئاللىقلار ئاساسىدا قارايدىغان بولساق، خىتاي زىيالىسى مانىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىنى يېتەرسىز دەپ ئىلگىرى سۈرۈشى تارىخىي رىئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گەرچە 1949 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ مائارىپىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، مەكتەپ يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ مائارىپ سىستېمىسىدا ھازىر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرگە، ئاساسەن نۆۋەتتىكى دۆلەت سىياسىتى سەۋەب بولغان. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ مەلۇم بىر رايونىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 68 پىرسەنتى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپنى داۋاملاشتۇرالمىغان. گەرچە 2006 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر خىل باناـ سەۋەبلەردىن نۇرغۇن پۇللارنى تەلەپ قىلىش ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار بۇ پۇلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان تەقدىردىمۇ، بالىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالماي ئۆيدە ئىشسىز قېلىش ئېھتىمالىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆزگەندىن كېيىن، بۇ پۇلنى خەجلەشنىڭ زادى نېمە ھاجىتى دېگەن قاراشقا كەلگەن.

مىللى مائارىپنىڭ ئاتالمىش «قالاقلىقى» پەيداگوكىدىكى مەسىلىلا ئەمەس. ۋاڭ لىچۇەننىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا بۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى سەۋەب بولغانمىش. ئۇ «ئاز سانلىق مىللەت تىلىنىڭ سۆز بايلىقى كەمچىل بولغاچ، نۇرغۇن زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارنى تولۇق ئىپادىلەشكە يەتمەيدۇ» دېگەن. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بارلىق دەرسلەرنى خىتايچىدا ئوقۇتۇش دەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇنداق قىلغاندىلا «خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىلىم پەرقىنى يوق قىلىشقا بولىدۇ» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.



خۇددى خىتاي زىيالىسى مانىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىغا بەرگەن باھاسىغا ئوخشاش، ۋاڭ لى چۈەننىڭ دېگەنلىرىنىڭمۇ قىسمەن ئاساسى بار ئىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى خىتاي تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىلىم ـ پەنگە ئائىت سۆزلۈكلەر ھەقىقەتەن كەمچىل. ئەمما بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ ۋاڭ لېچۈەن دېگەندەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلىدىكى كەمتۈكلىكىدىن بولغان ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەر ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى 1949 ـ يىلىدىن بېرى شىنجاڭدا يولغا قويغان سىياسىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. خىتاينىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن تىل سىياسىتىنىڭ كۆپ قىسمى سىياسى مەقسەتنى چىقىش قىلغان.

تاكى 1949 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇرلار ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن رۇسچە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. ئاتالمىش «ئازاتلىق»تىن كېيىن شىنجاڭ تىل ـ يېزىق كومىتېتى يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، رۇسلارنىڭ كىرىل ئېلىپبەسىگە كۆچكەن، كېيىن خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر

بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن لاتىن ھەرپىگە كۆچكەن. (ئەكسىچە، تىبەت رايونىنىڭ شىنجاڭغا ئوخشاش چېگرا باغلىنىشلىرى بولمىغاچ، ئۇلارغا 17 ـ ئەسىردىن بىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان يېزىقىنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىنغان). مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ۋاقىتلىق بىكار قىلىنىشى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ چەتكە قېقىلىشى نەتىجىسىدە تىل ئىشلىتىشتىكى قايمۇقۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئەرەبچە ئېلىپبە قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىكى كونا بىنالىرىدا بۈگۈنمۇ يۇقىرىقى يېزىق ئالماشتۇرۇشلارنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئىككى خىل يېزىقتىكى شوئارلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئۇيغۇر تىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن. گەرچە رۇسچە ئاتالغۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن قولايلىق بولسىمۇ، ئەمما رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار چىقىرىۋېتىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايچە سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەگەر راستىنلا ئۇيغۇر تىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەقسىتى بولغان بولسا خۇددى قازاقىستان مۇستەقىللىقىدىن كېيىن قازاق تىلىنى ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى بىلەن بېيىتقانغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تامامەن بولاتتى.

ئەمما شىنجاڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشنى ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قانچىلىك تۆۋەن كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى قوللاش ھەققىدە ماددىلار بار. ئاساسى قانۇننىڭ 12 ـ ماددىسىنى مىسالغا ئالساق «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەردە يەرلىك مىللەتنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇنداق قانۇني بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى خىتايچە مائارىپقا كۆچۈشنى ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» دېگەن قالپاق بىلەن يولغا قويغان. بۇ خىل سىياسەت ئەڭ ئاۋۋال 1980 ـ يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، دەسلەپتە قىسمەن مەكتەپلەردە سىناق

ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ مىقياسىدا50 تەجرىبە سىنىپىدا سىناق قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەجرىبە سىنىپلىرىدا تەبىئىي پەن دەرسلىرى خىتايچىدە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان بولغاچ، بۇ سىنىپلارنى «قوش تىللىق» سىنىپ دېسە ئانچە بەك خاتا ھېسابلانمايتتى.

بۇ خىل خىتايچە ۋە مىللىچە مەكتەپلەرنى ئايرىپ، ئىككى خىل تىلدا ئوقۇتۇش تۈزۈمى تاكى 2000 ـ يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈشنىڭ توختىتىلىشىدىن، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىنىڭ قانداق ماگدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئاسان ئىدى. سىياسەت تۈزگۈچىلار ئالىي مائارىپ مەسىلىسىنى مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي زىيالىسى ما ئەينى چاغدا «خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە دەرسلەر گەرچە بىر مەكتەپ قورۇسىدا ئۆتۈلسىمۇ خىتاي ۋە مىللى ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرى بىلەن ھېچ قانداق ئالاقەدە بولمايدىكەن» دەپ قاخشىغان. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ قىسمەن ئاساسى بار، چۈنكى مىللى ئوقۇغۇچىلار بىلەن خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشخانىسى ۋە ياتاقلىرى ئايرىم بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. بۇ خىل سىستېما تۈپەيلى مىللىي ۋە خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز ئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ياخشىلىنىش بولمىغان. ئەمما مانىڭ نەزىرىدە «بۇنداق بولغاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ۋە خىزمەتتە ئۆز تىلىدىن باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان ساۋاقداش ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشالمايدۇ» دەپ قارىغان. يەنى مانىڭ دېمەكچى بولغىنى ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئۈنۈملۈك تىل خىتاي تىلى دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئانا تىلىنىڭ ئورنىغا خىتايچە ئۆگىتىشنىڭ ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشكە بولغان تەسىرى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە بولغان سەلبى تەسىرى ھەققىدە ما سۈكۈت قىلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويمىغان (بۇ خىل ئاملارنىڭ تەسىرىنى خىتايچىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدا نوپۇس جەھەتتە كۆپ سانلىق ھېسابلانمايدىغان خىتايلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ھەققىدىمۇ ھېچ قانداق بىشارەت بېرىلمىگەن. 1950 ـ 1960 ـ يىللاردا شىنجاڭغا كۆچۈپ چىققان پىشقەدەم خىتايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا (ئۇ چاغدا خىتاي نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولغاچ ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن) شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان خىتايلار ئارىسىدىمۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 1978 ـ يىلىغىچە مەكتەپلەردە رۇسچە چەت ئەل تىلى قىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى بەزى مەكتەپلەردە خىتايلارغا 3 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈلگەن. ئەمما ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىنگلىز تىلى ئاساسلىق چەت ئەل تىلى بولۇپ قالغان. 2006 ـ يىلى ئاقسۇلۇق بىر مۇئەللىم بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

1980 ـ يىللاردىن بۇرۇن خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن خىتاي مەكتەپلىرىدە 3 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولغان بولۇپ، بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىنىش بولغان. ئەمما ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن خىتايلار بالىلىرىغا ئاساسەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇيغۇرچىنى توختىتىپ قويۇپ ئىنگلىزچە ئوقۇتىدىغان بولغان.

«خىتاي كادىرلىرى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئىگەللىشى كېرەك» دېگەن سىياسەت شىنجاڭدا پەقەتلا ئىجرا قىلىنماي قالغان بىر سىياسەت ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ سىياسەتنى يۈزەكى بولسىمۇ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 2004 ـ يىلى تېلېۋىزوردا بىر مەزگىل «ھەپتىدە بىر جۈملە» دېگەن ئۇن مىنۇتلۇق پروگرامما كۆرسىتىلگەن بولۇپ، خۇددى مازاق قىلغاندەك ئوخشاش بىر قىسقا جۈملە سۆز ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تەكرار ئۆگىتىلەتتى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ما يەنە خىزمەت ۋە كەسپىدە ئىنگلىز تىلىغا ئېھتىياجى بولمىغان قىسمەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن بىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ راس.

www.uyghurkitap.com

2000 ـ يىللاردىن باشلاپ يەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى مىللى مەكتەپلەردە قوش تىللىق مائارىپنى كۈچەيتىشكە باشلىغان. 2004 ـ يىلى 20 پىرسەنت ئوقۇغۇچى قوش تىللىق مائارىپتا ئوقۇيدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت بۇندىن كېيىن قوش تىللىق مائارىپنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنداق سىياسەتنىڭ قۇربانى ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتىدىغان مۇئەللىملەر بولغان. ئۇلارغا ياكى خىتايچە سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇپ خىتايچە دەرس ئۆتەلەيدىغان بولۇش ياكى پېنسىيەگە چىقىشتىن باشقا يول قالمىغان. ياشانغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىتايچە سەۋىيەسى ئەزەلدىن ئاجىز بولغاچ، تەربىيەلىنىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغاچ، ئۇلارغا پېنسىيەگە چىقىشتىن باشقا يول قالمىغان. دەرسخانىدا خىتايچە ئىشلىتىش سىياستى ئىنتايىن قاتتىق تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مۇئەللىملەردىن بىرەرسىنىڭ، قىسمەن مەزمۇنلارنى ئۆز تىلىدا قوشۇمچە چۈشەنچە بېرىپ قالغانلىقى بايقىلىپلا قالسا جەرىمانە ئېلىنغان. خىتاي بولمىغان مىللى ئوقۇتقۇچىلاردىن خىتايچە سەۋىيەسىنىڭ تەلەپكە يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈشى تەلەپ قىلىنغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەي تىل تەلىپىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ساختا كىنىشكىلەر بازىرى چىقىپ 2 ـ 3 مىڭ يۈەندىن سېتىلىشقا باشلىغان.

2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى بارلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە خىتايچە دەرس ئۆتۈش ئومۇملاشقان بولۇپ، 2012 ـ يىلغىچە يەسلىلەرنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 85 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش پىلانلىغان. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسىلا ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلىدىغان بولغان. بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگەنگەندە خۇددى بىر چەت ئەل تىلى ياكى ئىشلىتىشتىن قالغان قەدىمكى بىر تىلنى ئۆگەنگەندەك ھېسسىيات پەيدا قىلغان. مۇشۇ تۈزۈمگە ئاساسلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ئۆز تىلىنى ئاڭلىيالايدۇ دەپ بۇ خىل ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى «قوش تىللىق مائارىپ» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

2005 ـ يىلى خوجىن تاۋنىڭ «ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش» چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «ئىناق تىل مۇھىتى قۇرۇش» دېگەن قالپاق ئاستىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى بىلەن خىتايچە دەرسلىك ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىككە

چۈشەنچە بېرىلگەن. خۇجىن تاۋنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرايلى دېگەن شوئارىنىڭ ئانچە ئېنىق بولمىغان چۈشەنچىسىدە، يېقىن كەلگۈسىدە خىتايدا ھەممە مىللەت ئىناق ۋە ئىتتىپاق بىر مۇھىتتا ياشايدۇ دېگەن گۈزەل مەنزىرە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. خىتاي ئاكادېمىك جۇ چېڭ شىن يېڭى كوڭزىنچىلىق ۋە كاپىتالىزمنىڭ بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئىناق تىل مۇھىتى» دېگەن ئۇقۇمغا پەتىۋا بېرىپ بىر مىللەت تىلىنىڭ قىممىتىنى ئەركىن بازار كۈچلىرى بەلگىلىسۇن دېگەن. بۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى شۇ تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدۇ دېمەكتۇر. بۇ پەتىۋاغا ئاساسلانغاندا قىممىتى تۆۋەن تىللار (يەنى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرى) قىممىتى ئەڭ يۇقىرى (بۇ يەردە خىتاي تىلىنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىلىدۇ) تىللارغا بويسۇنۇشى كېرەك دېگەنلىك بولاتتى. بۇ خىل پىراگماتىزملىق تىل نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرىنى شىنجاڭنىڭ رەئىسى نۇربەكرىنىڭ 2007 - يىلىدىكى نۇتقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: «مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە ئۇلتۇراقلىشىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى ھەر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ فۇنكسىيەسىمۇ ئوخشاشمايدۇ» دېگەن.

2000 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ چەت ياقا ۋە نامرات رايونلىرىدىن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تاللاپ، ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش باشلانغان بولۇپ، بۇ يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتايچە ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى بولۇپ قالغان. «شىنجاڭ سىنىپى» دەپ ئاتالغان بۇ سىنىپلار تۆت يىل ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇش بولۇپ، بۇنى خىتايچە مائارىپنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەت باللىرى خىتايچىنى خىتايلار ئارىسىدا ئۆگىنىپلا قالماي، ئانا تىلى مۇھىتىدىن ئايرىلىپ ئۆگەنگەن. دەسلەپكى بەش يىلدا ھەر يىلى مىڭ ئوقۇغۇچى ئىچكىرىگە ئەۋەتىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئېشىپ ماڭغان بولۇپ، 2014 - يىلى 10 مىڭغا يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنگەن. ھۆكۈمەت بۇ پىلاننى ئاقلاپ، بۇنداق قىلىش بەزىلەر ئىلگىرى سۈرگەندەك ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ دېگەننى

تەكىتلىگەن. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇلار ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم ھالال ئاشخانىسى بار، مىللىي ھېيت - بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ (بۇ خىل بايراملارنىڭ دىنىي تەركىبىي قىسمى چىقىرىۋېتىلگەن) دېگەنلەرنى مىسال كەلتۈرگەن. بىر مۇئەللىمنىڭ گېپى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل مىللىي ھېسسىياتقا تاقىشىدىغان ئىشلارنى قىلىشنىڭ نەتىجىسى دەل ئەكسىچە بولغانمىش. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشلۇقىمىز بولمىغاچ، ئۇلارغا ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. ئۆتكەندە بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى چاچلىرىنى سىرىق بوياپتۇ، بىر قانچە قىز تىرناقلىرىغا خىنە قويۇۋالغاندا بىز بۇ ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئوخشايدۇ دەپ يول قويدۇق.

ئەمما «شىنجاڭ سىنىپى» قۇرۇشتىكى ئىدىئولوگىيەلىك مەقسەت يوشۇرۇلماي ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتىۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوممۇنىست پارتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، خىتاينىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، يەنى خىتايلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىتايلاردىن ئايرىلالمايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىدىيەنى سىڭدۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ خىل تەشۋىقاتلار قوش تىللىق مائارىپتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تەييارلانغان دەرسلىك كىتابلارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابلارنىڭ بىرىنىڭ بىرىنچى دەرسى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن باشلانغان. مەسىلەن:

*بىرىنچى دەرس: بىز خىتاي گىراژدانى.*

*جۈملە شەكلى: بىز خىتاي گىراژدانى، بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز.*

*دىئالوگ:*

*ئا: مەن خىتاي.*

*ب: مەنمۇ خىتاي.*

*ئا: بىز ھەممىمىز خىتاي.*

*ب: بىز ئانا ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز.*

*ئا: ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ.*

*ب: بىز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭنى سۆيىمىز.*

مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىلىكىنى ئۆگىتىدىغان ماتېرىياللار خىتايچىدە ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ ھەقتە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەيدىغان بىر مۇئەللىم مۇنداق دەيدۇ:

*نۇرغۇن دەرسلىكلەر سىنىپنىڭ سىرتىدا خىتايچە ئىشلەتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كېرەكسىز نەرسىلەردۇر. مەسىلەن، مەن ئۇلارغا كۆكتات بازىرىدىن كۆكتات سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك خىتايچە سۆزلۈكلەرنى ئۆگىتىمەن، ئەمما ئۇلار بازارغا بارسا خىتايچە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇيغۇرچە سۆزلىسىلا كۇپايە.*

228

خىتاي مۇھىتىنى ئاساس قىلغان بۇ خىل مائارىپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاساسى ئوبيېكتى يەرلىك كىملىكنى ئەمەس، بەلكى دۆلەت گىراژدانلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇشۇنداق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا گىراژدانلىق ئېڭىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمما ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقسىتى بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى خىتاي بولمىغان خەلقلەرنىڭ يەرلىك كىملىك ئېڭىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇلۇق پەيدا قىلىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدا قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نىشانى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ئەمما ئاتالمىش شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان قىسمەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچمىشلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر بالىلىرىنى بۇ خىل نامدا

قوش تىل، ئەمەلدە خىتايچىدە ئوقۇتۇش، خۇددى ھۆكۈمەت ئارزۇ قىلغاندەك خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن، سىياسى مەۋقەسى ئىشەنچلىك ئۇيغۇر باللىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرەلمىگەن. 2006 - يىلىدىن بېرى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان تىمۇتى گرۇز ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلى كۆپ قىسمى خىتاي ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلىق ساقلاپ ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېلگىرى سۈرگەن. ئۇ سۆھبەت ئېلىپ بارغان نۇرغۇن ئۇيغۇر باللىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دىنىي كىملىكىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئېلگىرى سۈرگەن. بۇ خىل رېئاللىق ئادەمدە گەرچە قوش تىللىق مائارىپ ئۇيغۇر تىلىغا تەھدىت پەيدا قىلسىمۇ، ئەمما بۇ خىل قوش تىللىق مائارىپتا ئوقۇغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كىملىك ھېسسىياتى «خىتاي» ياكى «ئۇيغۇر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇزىكا ۋە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دۇنياۋى ياشلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر كىملىكى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى سىمىت فىنلېي بۇ خىل مۇھىت تەسىرىدە ياشلاردا «كۆپ مەۋقەلىك» «ئىنتېرناتسىئونالىزملىق» كەڭ مەنىدىكى كىملىك ئېڭى پەيدا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېلگىرى سۈرگەن. ئەگەر بۇ خىل كىملىك ئېڭى، يەنە باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولىدىغان كىشىلىك قاراش بىلەن بىرلەشسە، ئۇ چاغدا قوش تىللىق مائارىپتا ئوقۇغان بۇ ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىشى مۇمكىن.

ئەمما تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ بىر ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشتىن ئېلگىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن پىكىرلەشمەسلىك قوش تىللىق مائارىپتا ساقلانغان ئەڭ چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. 1980 - يىلى ئۈرۈمچىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى نامايىش ئېلىپ بارغانغا ئوخشاش، بۇ خىل سىياسەتتىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەرگە قارشى ئۇيغۇرلار نارازىلىق بىلدۈرۈپ

نامايىش قىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر مىللى كىملىكىدىكى مۇھىم ئورنىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايچىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر باللىرىنى چەتكە قېقىپ، كەمسىتىشلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق ئانا تىلغا تەھدىت سالىدىغان بۇ خىل قوش تىللىق مائارىپتىن نارازى بولۇشىمۇ تەبىئىي.

ئەمما 2010 ـ يىلى چىڭخەي ۋە تىبەت رايونلىرىدا تىبەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا قارشى كۈچلۈك نارازىلىق نامايىشلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئانچە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇلمىغان. بۇنداق بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، قىسمەن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ خىتاي تىلىنى ياخشى ئىگەللەپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئۆزگەرتىشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدىن بولغان (بۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئانچە بەكمۇ قارشى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ). بەزىلەر بۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئانا تىل سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، قىسمەن ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل قاراشقا ئانچە ئېتىبار بەرمەي، ئانا تىلنى ئۆيدە ئۆگەنسە يېتىدۇ دەپ قارىغان. ئەمما نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇتۇشى، شىنجاڭدا قوش تىللىق مائارىپقا قارشى كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق چىقمىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى بولسا كېرەك.

بىرەر خىتاي ئەمەلدارىدىن نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قوش تىللىق مائارىپقا قاتتىق قارشىلىق قىلمىدى دەپ سورىسىڭىز، ئۇ بەلكىم خۇددى ۋاڭ لېچۇەن 2001 ـ يىلى 2 ـ سىنتەبىردە بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ: «بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولدى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ۋاڭ يەنە: «خەلق ئاممىسى مۇقىم مۇھىتتا قانائەتمەنلىك بىلەن ئىناق ياشاپ خىزمەت قىلىغاچ، جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولۇپ كەتتى» دېگەن. ئەمما 2000 ـ يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى مۇھىتى قارشىلىق قىلىشقا ماس كەلمىسىمۇ، بۇ ھەرگىز شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ۋاڭ دېگەندەك ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى

شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ھەققىدە ئۇچۇر يازغىنىمىزدا، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى ھەققىدە توختالماي بولمايدۇ. ئەمما بۇ خىل ۋەقەلەرنى كىم، قاچان، نېمە ئۈچۈن سادىر قىلدى دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن زادى ۋەقە راستىنلا يۈز بەرگەنمۇ يوق، دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. ھەر قېتىم شىنجاڭدا ۋەقە چىققاندا ھۆكۈمەت تەرەپ بەزىدە شىنجاڭدا چىققان ۋەقەلەرنى يوشۇرۇپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئوچۇق - ئاشكارا مۇلاھىزە قىلىشنى توسۇپ قويىدۇ، ۋەياكى گېزىت-ژۇرنال ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق مېدىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ھەي ئىككى خىل ئىستراتېگىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ۋە خەتىرى ئوخشاشلا مەۋجۇت. مەلۇم بىر يەردە ئاممىۋى ھەرىكەت يۈز بەرگەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلسا بۇ باشقىلاردا ۋەقە يۈز بەرگەن يەرلىك ھۆكۈمەت ئاجىز ئىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىپ، باشقا رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە ئىلھام بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ۋەقەنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇنسا، بۇ خىل ۋەقەلەردىن باشقا كۈچلەر پايدىلىنىپ كېتىپ، ئۇلارغا سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ۋەقەنى ئۆزى خالىغانچە چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ (كۆچا پاراڭنىڭ تارقىلىشى شىنجاڭدا ئالاھىدە كۈچلۈك). يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ خىل ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. مەيلى يېڭى سىياسەت بولسۇن ياكى كونا سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرسۇن، بۇ خىل ئۇچۇرلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت، ئاساسەن ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزى خالىغان ھالدا تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرالايدۇ.



1949 - يىلدىن تاكى 2000 - يىللارغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنىڭ يوشۇرۇلۇپ كېلىشىدىن بىز يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى باستۇرۇپ، بۇ خىل

ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇپ قىلىش يولىنى تاللىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئاتالمىش «تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشى»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ھەددىدىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا يەرلىك خەلق قارشىلىق قىلمىغان دېگەن پەتىۋالارنى تارقىتىپ، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ياخشى دەپ داۋراڭ سېلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى ھەققىدە ئىجابىي تەسىرات پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. شىنجاڭدا ۋەقە چىقىپ قالسا بۇ خىل ۋەقەلەرنى جىنايەتچىلەر سادىر قىلغان دېيىش ئارقىلىق، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭلاشاق غۇلجا ۋەقەسىنى ھۆكۈمەت دەسلەپتە «ئاز بىر قىسىم جىنايەتچىلەر ئېلىپ بارغان بۇلاپ ـ تالاش، بۇزۇپ ـ چېقىش جىنايىتى» دەپ تەشۋىق قىلغان.

2001 ـ يىلى 11 ـ سىنتەبىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورك شەھرىدە تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەندە مەن غۇلجىدا ئىدىم. مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە خىتاي تېلېۋىزورىدا خەۋەر بېرىلگەن بولسىمۇ، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي كوچىدا مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە ئىشلەنگەن سىن ئالغۇ دىسكىلىرى تارقىلىشقا باشلىغان. گەرچە مەزكۇر ۋەقەنى مۇسۇلمان تېرروررچى كۈچلەر سادىر قىلغان دېگەن خەۋەر تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، مەن تونۇيدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرەرسىمۇ بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمىگەن. ھەممىسى بىردەك بۇ ۋەقەنى خاتا دەپ ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، ئارىسىدىكى بىرى بۇ ۋەقەنى ئەلقائىدە قىلغان دېگەنگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ۋەقەگە خىتاي ھۆكۈمىتى چېتىشلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ «ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئامېرىكا خىتاي بىلەن ئۇرۇشۇپ خىتاينى يېڭىۋالىدۇ، بىزمۇ خىتاينىڭ قولىدىن ئازات بولىمىز» دېدى.

2001 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى «بىزمۇ خەلقئارا تېررورىزم ھۇجۇمىنىڭ قۇربانى» دەپ ئېلان قىلغاندا، بۇنىڭدىن ھېچ كىمنىڭ ھەيران قالماسلىقى نورمال. چۈنكى، سىرتتىن قارىغاندا خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوندا دائىم توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچ، بۇ ئۇلارنىڭ يېقىنقىدەك تېررورىزمنىڭ قۇربانى

بولـدۇق دېگـەن قارىشـىنىڭ ئاساسـسىز ئەمەسـلىكىنى كۆرسـىتەتتى. شۇڭلاشـقا ھۆكۈمەتنىـڭ «شـەرقىي تۈركىسـتان تېـررور كۈچلـىرى بىلـەن كـۈرەش قىلىشـنى خەلقئـارا جەمئىيـەت دۇنيـاۋى تېرورىزمغا قارشـى كۈرەشـنىڭ بىـر تەركىبـى قىسـمى دەپ توغـرا چۈشـىنىپ، بىزنـى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيـدۇ» دېگـەن ئىشـەنچىسـىدىن، خىتـاي ھۆكۈمىتىنىـڭ بـۇ ھەقتىكـى ئۈمىدۋارلىقىنـى كۆرىۋېلىشـقا بولاتتـى.

خىتـاي ئىچىـدە بولسـا يۇقىرىقـى ئۇقتـۇرۇش ئېـلان قىلىنغانـدىن كېيىـن خىتايلارنىـڭ شـىنجاڭ (ئۇيغـۇرلار) ھەققىدىكـى قارىشـى تامامـەن ئۆزگـەرگـەن. شـۇ يىلـى ئۆكتەبىـردە شـىنجاڭغا تەتقىقات ئۈچـۈن سـەپەر قىلغان ۋېـن بـو ئىسىملىك بىـر خىتـاي تەتقىقاتچـى «شـىنجاڭ ھەققىـدە نۇرغـۇن ئەپقاچتـى گـەپ ـ سـۆزلەرنى ئاڭلىغـان ئىدىـم، شـىنجاڭغا مۇشـۇنداق بىـر ۋاقىتتـا سـەپەر قىلىشـقا جۈرئـەت قىلالىغىنىمدىـن بـەزى يـار ـ بۇرادەرلىرىـم قايىـل بولـۇپ قـول قويغانلىقىنـى بىلدۈرۈشـتى، يەنـە بەزىلـەر بولسـا كۆپـرەك ئېھتىيـات قىلىشـىمنى ئاگاھلانـدۇردى» دەپ يازغـان.

2001 ـ يىلـى خىتـاي ھۆكۈمىتـى ئامېرىكىنىـڭ دۇنيـاۋى تېررورىزمغـا قارشـى ئۇرۇشـى بىلـەن ئۆزلىرىنىـڭ شـىنجاڭ رايونىدىكـى ھەرىكەتلىـرى ئارىسـىدا باغلىنىشـى بارلىقىنـى ئاشـكارا ئوتتۇرىغـا قويغـان. 14 ـ نويابىـر خىتـاي تاشـقى ئىشـلار مىنىسـتىرلىقىنىڭ بىـر باياناتچىسـى ئۇيغـۇر بۆلگۈنچىلىـك ھەرىكەتلىـرى ھەققىـدە مۇخبىرلارغـا قىسـقا بىـر بايانـات ئېـلان قىلغـان. مەزكـۇر باياناتتـا شـەرقىي تۈركىسـتان بۆلگۈنچـى كۈچلـىرى ئارىسـىدا بەزىلـەر ئافغانىسـتاندا تەربىيەلىنىـپ، مەشـق قىلدۇرۇلـۇپ، شـىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلىكىنـى، شـۇنداقلا شـەرقىي تۈركىسـتان ئىسـلام ھەرىكىتـى دېگـەن تەشـكىلاتنى ئۇسـامە بىـن لادىـن قوللاپ، مـاددى يـاردەم بەرگەنلىكىنـى ئىلگىـرى سـۈرگەن. خىتـاي ھۆكۈمىتىنىـڭ گېپـى بىلـەن ئېلىـپ ئېيتقانـدا، مەزكـۇر تەشـكىلاتنىڭ باشـلىقى ھەسـەن مەخسـۇم 1999 ـ ۋە 2001 ـ يىللـىرى ئىككـى قېتىـم ئۇسـامە بىـن لادىـن بىلـەن كۆرۈشـكەن بولـۇپ، بىـن لادىـن ئۇنىڭغـا «نۇرغۇنلىغان پـۇل يـاردەم قىلىشـقا ۋەدە قىلغـان» ئىكـەن. 300 دىـن ئارتـۇق ئۇيغۇرنىـڭ تالىبانـلار بىلـەن بىرلىكتـە ئـۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنـى ئىلگىـرى سـۈرگەن. بىـن لادىـن مۇسـۇلمانلارنى غازاتقـا چاقىرىـپ شـەرقىي تۈركىسـتاندا بىـر ئىسـلام جۇمھۇرىيىتـى قۇرۇشـنى مەقسـەت قىلغـان دېيىلگـەن.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنى دەلىللەيدىغان ئىسپاتلارنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئەلقائىدە ۋە تالىبانلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلدى دەپ 22 ئۇيغۇرنى پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا تۇتقۇن قىلىپ، ئاۋۋال بىر قانچە ئاي شۇ يەرلەردە سوراق قىلغاندىن كېيىن 2002 ـ يىلىنىڭ بېشىدا گۇەنتانامو تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەتكەنلىكى راس.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2002 ـ يىلى يانۋاردا ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق قەغىزىدە ئۆزىنىڭ خەلقئارا تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ چۈشەندۈرگەن. مەزكۇر ھۆجەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان تېررور كۈچلىرى جازاسىنى تارتماي قېچىپ كېتەلمەيدۇ» دەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاز بىر قىسىم دىنىي ئەسەبى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر، بۇرۇنقى مۇستەملىكىچى كۈچلەر ساختىلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويدۇرمىلىرى ئاساسىدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن پەتىۋانى تېپىپ چىققان دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. مەزكۇر ھۆججەت يەنە 1990 ـ يىللاردىن تاكى 2001 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكى، بۇ ۋەقەلەردە ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت كادىرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە خەلق ئاممىسىدىن بولۇپ جەمئىي 162 كىشى جېنىدىن ئايرىلغان دېيىلگەن. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئاممىۋى نامايىشلار، ئاپتوۋۇز پارتلىشى، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش ۋەقەلىرى قاتارلىق ھادىسىلەرنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئېلىپ بارغان دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بارىن ۋەقەسىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»، غۇلجا ۋەقەسىنى «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيەسى» كۈشكۈرتۈپ تەشكىللىگەن دېگەن. يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە ۋەقە سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنىڭ تەسىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار پەقەت مەزكۇر ۋەقەلەرنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. مەزكۇر ھۆججەتتە «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تېررورىزم ھەرىكەتلىرىگە ئۇيغۇرلارنى ئۆز

ئېچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ تەكىتلەنگەن.

مەزكۇر ئاق تاشلىق قەغەزنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتىنىڭ تاللىنىشىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرى كىشىدە گۇمان قوزغىماي قالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىدىن بىرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان تېررورىزىم ھەرىكەتلىرىنى توساتتىن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى يۇقىرىقى خەلقئارا مۇھىتنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇندىن باشقا مەزكۇر ھۆججەتتە بىر - بىرىگە زىت نۇرغۇن نۇقتىلار ۋە كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان چۈشەنچىلەر بار. بەزىدە بىر ۋەقەنى شەرقىي تۈركىستان تېررور كۈچلىرى قىلغان دەپ ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزى ۋەقەلەرنى پالانى گۇرۇپپا سادىر قىلدى دەپ ئىسمىنى ئاتاپ بىر تەشكىلاتقا ئارتقان. گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى دېگەندەك تەشكىلاتلارنى ئىلگىرىمۇ تىلغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، «ئىسلام غازاتچىلىرى پارتىيەسى»، «ئىسلام ئىسلاھات پارتىيەسىنىڭ زەربىدارلار تەشكىلاتى»، «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيەسى» قاتارلىق بىر قاتار تەشكىلاتلارنىڭ ئىسمى بۇرۇن تىلغا ئېلىنىپمۇ باقمىغان. بۇ ئاتالمىش تەشكىلاتلار ھەققىدە باشقا تەپسىلى ئۇچۇرلار يېتەرسىز بولغاچ، بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن. تېررورىزمنىڭ تەسىرىنى ۋە تەھدىتىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن 200 دىن ئارتۇق تېررور ھۇجۇمى يۈز بەردى دېگەندەك ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ مۇبالىغىلاشتۇرۇلغان دېگەن گۇماننى پەيدا قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى «تېررورىزم» دېگەن ئاتالغۇغا قانداق ئېنىقلىما بېرىش بىلەن باغلىنىشلىق. گەرچە مەزكۇر ئاتالغۇغا خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن ئېنىقلىما بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇتەخەسسىسلەر تېررورىزم سىياسى مۇددىئا ئۈچۈن پىلانلىق ھالدا پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى ئاشكارا جاكارلاپ كىشىلەر قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خىتاينىڭ مەزكۇر ئاق تاشلىق قەغىزىدە «ئاشلىقتا ئوت قويۇش» ۋە «ئوغرىلىق قىلمىشلىرى»نىمۇ تېررورلۇق ھۇجۇملىرى دەپ بېكىتىشىگە ھېچ كىم قوشۇلمايدۇ.

مەزكۇر ئاق تاشلىق قەغەزدە گەرچە ھېسابسىز ئېنىقسىزلىقلار بولسىمۇ، بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ يۇقىرىقى پەتىۋالىرىنى قوللىشىنى توسۇپ قالالمىغان. 2002 - يىلى سىنتەبىردە ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسىنى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىدىن بىرىگە كىرگۈزگەن، ئەمما مەزكۇر تەشكىلاتنى بىز دائىم خاتا ھالدا تىلغا ئېلىپ كەلگەن «چەت ئەل تېررور تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىگە ئەمەس»، بەلكى «تېررور تەشكىلاتلىرىنى چەتكە قېقىش تىزىملىكى» دېگەن تىزىملىككە كىرگۈزگەن. بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن تەشكىلاتلارغا پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىن چارە قوللىنىشتىن باشقا قاتتىق ۋاستىلەر قوللىنىلمايتتى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى قىلدى دەپ ئۇچۇق دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر تەشكىلات قىلغان دەپ چۈشىنىۋېلىپ، مەزكۇر تەشكىلاتنى خىتاينىڭ ئەلقائىدەسى دەپ چۈشىنىدىغان بىر سىياسى مۇھىت شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ھالەت بۈگۈنمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە غەرب مىدىيەلىرىدە خىتايدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھادىسىلىرى خەۋەر قىلىنغاندا تەكرارلىنىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا پىرىزىدېنتى بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى تەشكىلاتنى تېررور تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش قارارىغا كەلگەنلىكى تاكى بۈگۈنگىچە ئېنىق ئەمەس. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەلكىم خىتايلارنىڭ گەپلىرىگە چىن پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى گەرچە ئامېرىكىلىقلار بىزدە مۇستەقىل دەلىل - ئىسپاتلار بار دەپ ئىلگىرى سۈرسىمۇ، بۇ ھەقتە ئىشلەتكەن دەلىللىرى ئاساسەن خىتاينىڭ يۇقىرىقى ئاق تاشلىق قەغىزىدىن ئېلىنغانلىقى مەلۇم. ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا نۇرغۇنلىغان باشقا سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىراق ۋە ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن، ۋەياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكا ئىشەنمەيدىغان دۆلەتلەرگە قورال - ياراق سېتىپ بېرىشتىن توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما 2001 - يىلى پىرىزىدېنت بۇشنىڭ «تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشنى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماسلىق كېرەك» دېگەن چاقىرىقى ھېچ كىمنىڭ ئېسىدە قالمىغان.

ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنى تېرروررىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قوبۇل قىلىشى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېرروررىزم ۋە زورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىماي تۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا بولمايدىغان بىر پايدىسىز ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغان. گەرچە بۇ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشقا تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى بىر سەلبى ئوبراز بىلەن جاھانغا تونۇتقان. خۇددى تارىخچى جەمس مىلۋارد 2004 - يىلى ئېلگىرى سۈرگەندەك «نۇرغۇنلىغان غەرب ئاخبارات مېدىيەلىرىدە شىنجاڭ ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر ئۇچۇرنى ئىسلام ۋە تېرروررىزم بىلەن باغلىماي تۇرۇپ خەۋەر قىلىشقا بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن» بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال بۈگۈنمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇزۇن ئۆتمەي خىتايغا قوشنا دۆلەتلەرمۇ ئامېرىكىنى دوراپ ئوخشاش يول تۇتۇشقا باشلىغان. 2002 - يىلى يانۋاردا نېپال بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىگە خىتاي ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. شاڭخەي بىرلىكى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرمۇ خىتاينى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. 2002 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ بىشكېك شەھرىدىكى دوردوي بازىرى (بۇ يەردە نۇرغۇن خىتاي تىجارەتچىلەر دۇكان ئاچقان)دا يۈز بەرگەن بىر پارتلاش ۋەقەسىنى دەسلەپتە ئىسكىلاتتىكى سالىيۇتلارغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەنلىكتىن چىققان ۋەقە دېگەن، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئۆزگىرىپ «ئۇيغۇر تېررورىستلىرى قىلغان» دېيىلگەن. قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئوش شەھرىدىكى بىر پۇل ئالماشتۇرۇش ئورنىدا يۈز بەرگەن پارتلاش ۋەقەسى دەسلەپتە ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى قىلغان دەپ گۇمان قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇيغۇرلارغا ئارتىلىپ قالغان. 2004 - يىلى خىتاي بىلەن رۇسىيە مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنى شىنجاڭ ۋە چېچىنيەدە بۆلگۈنچىلىككە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا ياردەمگە چاقىرغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسىنى تېررورلۇق گۇرۇپپىلىرىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى شىنجاڭنى 11 - سىنتەبىر

ۋەقەسىدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان «سايت ئۇچۇر گۇرۇپپىسى» (بۇ تەشكىلات جىھادچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئۇچۇر تارقىتىدۇ)، «لوڭ ۋار جۇرنال» خەۋەر تورى (بۇلارمۇ يۇقىرىقى سايىت تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ)، «ئىنتېل سېنتېر» (بۇ تەشكىلاتمۇ ھەق تۆلىسە تېررورىزم بىلەن ئالاقىدار ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ) قاتارلىق بىر قاتار ئۇچۇر ئانالىز ئورگانلىرىنىڭ ئاتالمىش «مۇتەخەسسىسلىرى»نىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىنى ھەقىقەت دەپ قاراپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىنى كېڭەيتىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار تېررورچى دېگەن قاراشنىڭ ئومۇملىشىشىغا شېرىك بولغان. بۇ خىل ناتوغرا ئۇچۇرلارنىڭ تەكرارلىنىشى سونى تېخىمۇ لايلاشتۇرۇپ، خۇددى بىر مۇتەخەسسىس ئىلگىرى سۈرگەندەك ئۇيغۇرلارنى «تاكى گۇناسىزلىقى ئىسپاتلانمىغىچە گۇناكار» دەپ قارايدىغان بىر خىل سىياسى مۇھىت شەكىللەندۈرۈپ قويغان. بەختكە قارشى يۇقىرىقىدەك تەشكىلاتلار پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئېلىپ بارمايدۇ. سايىت تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى رىتا كاتزنى «نيۇ يوركېر» ژۇرنىلى 2006 - يىلى زىيارەت قىلغاندا «ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا ئائىت ھەممە ئۇچۇرلارنىڭ راس - يالغانلىقىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى» ئېيتقان. نەتىجىدە 2013 - يىلى ئۆكتەبىردىكى تيەن ئەنمېن ماشىنا پارتلاش ۋەقەسى بىلەن 2014 - يىلى كۇنمىن ۋوگزال ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن بۇرۇنلا توردا شىنجاڭ ۋە تېررورىزمغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىزدىگەندە شىنجاڭدا زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن تەييار بىر جىھادچىلار قوشۇنى مەۋجۇت دېگەندەك كىشىنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان ئۇچۇرلار ئۇچرايتتى.

يۇقىرىقىدەك ئۇچۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزلىرى دەلىللىيەلمەيدىغان ئۇچۇرلارنىمۇ تەكرارلىشىدىكى مەقسىتى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن بولغان دېسەك (چۈنكى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت قىلىدىغان تەشكىلاتلار، جەمئىيەتتە ۋەھىمە قانچە كۆپ تارقالسا ئۇلارنىڭ بازىرى شۇنچە تېز بولىدۇ)، ئۇنداقتا خىتاينىڭ تېررورىزم ھەققىدىكى بارلىق ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسىگە گۇمان بىلەن قاراپ، خىتاي ئەزەلدىن يالغان سۆزلەپ كەلگەن، شۇڭلاشقا بۇ دېگەنلىرىمۇ

يالغان دەيدىغانلارنىڭمۇ قارىشىدا بىر تەرەپكە قىيىش بارمىدۇ دېگەن سوئالنى سوراشقا توغرا كېلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغانچىلىق تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرامدۇ؟ خىتاينىڭ ئۆزىنى تېررورىزمنىڭ قۇربانى دېيىشىنىڭ ھەممىسىنى يالغانغا چىقىرىۋېتىشكە بولامدۇ؟

شىنجاڭدا بىر قاتار ئالدىن پىلانلانغان ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەنلىكى راس. گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى دېگەن بۇ تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزۇن مۇتەخەسسىسلەر تاكى 2001 - يىلىغىچە ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ نامدا ئاتالغان بىر تەشكىلاتنىڭ 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرى 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستاندا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەنلىكىمۇ يالغان ئەمەس. ئۇندىن باشقا ئەلقائىدەگە قاتناشقان دەپ گۇۋانتانامو تۈرمىسىگە تاشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقى راس. گەرچە بۇ پاكىتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلىمىسىمۇ، ئەمما بۇ رېئاللىقلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش زۆرۈر.



خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ ئاتىۋالغان بىر قاتار ھادىسىلەر ئارىسىدا پەقەت كادىرلارنى ۋە دىنىي زاتلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى تېررورىزمغا يېقىن كېلىدۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتنى پىلانلىغانلار بىلەن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ كىملىكى ھېلى ھەم ئېنىق ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ ھادىسىلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا نۇرغۇن ئىشلار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي مىقياسىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. 2008 - يىلى شاڭخەيلىك بىر ياش ۋېلسىپىت ئوغۇرلىدى دېگەن بەدنام بىلەن ساقچىخانىدا خورلۇققا ئۇچرىغىنى ئۈچۈن ساقچىلاردىن ئۆچ ئېلىپ ئالتە ساقچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. شۇ يىلى ئىچكىرىدە ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر خىتاي يىگىت بىر ئەمەلدارنى دېھقانلارنىڭ زېمىنىنى مەجبۇرى تارتىۋالغان، شۇنداقلا ئۇشۇقچە پۇل ئېلىۋالغان دەپ يۈرىكىگە پىچاق تىقىپ

ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورلۇق ھەرىكىتى دېمىگەن.

ئەمدى گۇەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە كەلسەك، 2003 - يىلى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى15 كىشىنىڭ خەتىرى تۈۋەن دەپ قارىلىپ قويۇپ بېرىلىشى، بۇ ئۇيغۇرلار خاتا قامالغان دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۆت تۇتقۇنغا ئالبانىيە پاناھلىق بەرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە يېزا پىشۇرۇپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خاتا ۋاقىتتا بەكلا خاتا يەردە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ بالايى - ئاپەتلەرگە دۇچار بولغان. چۈنكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇساپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئافغانىستانغا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئافغانىستان شىنجاڭ بىلەن چېگرالىنىدىغان، ۋىزىسىزمۇ كىرەلەيدىغان بىردىنبىر دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن شۇ يەرگە بېرىپ پاناھلىق ئىزدىگەن. تۈرمىگە تاشلانغان بىر ئۇيغۇر سېنەن روبېرتسۇنغا «ئەگەر بىزنىڭ قازاقىستان ياكى قىرغىزىستاندا ئىكەنلىكىمىزدىن يەرلىك ھۆكۈمەت تەرەپ خەۋەر تېپىپلا قالسا، بىزنى دەرھال خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۇرغانلا گەپ» دېگەن. ئۇلار قاتناشقان ئاتالمىش تېررور لاگېرى ئەمەلىيەتتە ئافغانىستاننىڭ جالالئاباد رايونىغا يېقىن بىر جايدىكى بىر قانچە ئەسكى تاشلاندۇق قۇرۇلۇشلار ئىدى خالاس. گەرچە 2001 - يىلى ئافغانىستاندا ئۇيغۇرلارنى ھەربىي مەشقى بىلەن تەربىيەلەپ خىتايغا قارشى تۇرۇشقا ھازىرلاشنى مەقسەت قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى دەيدىغان بىر تەشكىلات مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغاندا شۇ يەردىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار پاكىستاننىڭ شىمالى رايونىغا قېچىپ كىلىۋالغان بولۇپ، كېيىن يەرلىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئامېرىكىغا سېتىپ بېرىلگەن. ئاتالمىش لاگېرنىڭ ۋەيرانلىقى ۋە قورال - ياراقلارنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ئەگەر بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن يۇقىرىقى ئىسلام تەشكىلاتى، تالىبانلار، ۋەياكى ئەلقائىدە ئارىسىدا بىرەر - كىلىش بولغان دەپ قارىغاندىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى تەشكىلاتلارنىڭ ھېچ قايسىسى بۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياكى باشقا ماددىي جەھەتلەردىن ياردەم بەرمىگەنلىكى ئېنىق. كۆپ بولسا ئۇلارغا ئافغانىستاندا تۇرۇش ئۈچۈن ئىجازەت بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، خالاس.

يۇقىرىقى دەلىل - ئىسپاتلاردىن 1990 - ۋە 2000 - يىللاردا شىنجاڭدا قولغا چىققۇدەك تېررورلۇق تەھدىتى بولۇپ باقمىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. گەرچە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىدىن ھېچ قانداق بىر تۇتاشقا ئالغۇدەك تەھدىت يوق دەپ قارىغان بولسىمۇ، بەزىلىرى بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە شىنجاڭدا زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى يېتەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان دېگەن. بۇ خىل ئېھتىماللىقلارنىڭ يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرمۇ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مەيلى تەھدىت بولسۇن ياكى بولمىسۇن بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەن بولۇپ، بۇ خىل قاراشتىكىلەر بۇ خىل سىياسەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغۇچىلارنىڭ بېشىغا كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتلەرگە سەل قارىغان. خۇددى بۈگۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاش خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ «تېررورىزم» دېگەننى باھانە قىلىپ پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىنى قاتتىق كونترول قىلىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭدا تېخىمۇ ئېغىر.

# غەربىي رايوننى تاقىۋېتىش

خۇددى غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش سىياسىتى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ داۋامى بولغانغا ئوخشاش، 2001 - يىلىدىن باشلاپ خىتاينىڭ شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان چارىلىرىمۇ ئىلگىرىكى چارىلەرنىڭ داۋامى ھېسابلىناتتى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى بىلەن باشقا بىخەتەرلىك قانۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. شۇندىن كېيىن، يېڭى قانۇنغا ئاساسەن ئەگەر ئەملى جىنايى قىلمىش سادىر قىلمىسىمۇ «تېررورلۇق تەشكىلاتى» بىلەن باغلىنىشى بار دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلسىلا قانۇنى جازاغا تارتىلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ

ئۈستىگە «نىمىنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى» ئىكەنلىكىگە ئوچۇق ئىنقلىما بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قانۇننى قانداق بۇرمىلىسا شۇ تەرەپكە ماڭاتتى. يېڭى قانۇندا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان جىنايەتلەرنىڭ تۈرىمۇ ئېشىپ كەتكەن. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇدىغان قانۇن - تۈزۈملەردىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. يېڭى قانۇندا مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ئۆز تەۋەلىكىدىن سىرتقا چىقىپ دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىپ، ھەر كىشى ئۆز تەۋەلىكىدىكى مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇشى، مەھەللە ياكى يېزا ئاتلاپ باشقا مەسچىتلەرگە بارماسلىقى بەلگىلەنگەن. «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»گە بېرىلگەن يېڭى ئېنىقلىمىدا «ھۆكۈمەتكە تۆھمەت چاپلاش»، «ئىش چىقىرىش»، «ئۆسەك گەپ - سۆز تارقىتىش» ۋە «تارىخنى بۇرمىلاش» دېگەندەك دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان مەزمۇنلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن قانۇندا ھەر قانداق قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە جىنايەت بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن .

يېڭى قانۇنلار دەرھال ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىدە نەچچە مىڭلىغان كىشى قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 18 مىڭ كىشى سولاپ قويۇلغان. گەرچە بۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ساقچىلار ئادەم تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلار بولۇشىمۇ مۇمكىن (ساقچىلارغا ئادەم تۇتۇش ۋەزىپىسى بېرىش خىتاي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ). نۇرغۇن كىشىنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇلارنى ساقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ساقچىلارغا قانۇنسىز ھالدا پارا بېرىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ساقچىلار ئۈچۈن پۇل تېپىشنىڭ يولى بولۇپ قېلىپ، ئۇلار دائىم ئادەم تۇتىدىغان بولۇپ قالغان. ساقچىلارنىڭ قولىدىكى ۋاقتىدىلا قۇتۇلۇپ چىقالمىغانلارغا بولسا جىنايى جازا بېكىتىلىپ تۈرمىدە يېتىپ چىقاتتى. چۈنكى خىتاي سوت مەھكىمىلىرى «ئاساسلىق جىنايى پاكىتلار ئېنىق بولسىلا» جىنايەتلىك دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. 2003 - يىلى خىتاي سوت مەھكىمىلىرىدە جىنايەت بېكىتىلىپ تۈرمىگە تاشلىنىش نىسبىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك 98 پىرسەنتكە يەتكەن.

www.uyghurkitap.com

«دىنىي ئەسەبىلىك» ئاتالمىش تېررورىزمنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دەپ قارالغاچ، دىنىي ئېتىقادمۇ خىتاي قانۇنىنىڭ جازالاش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ھاياتى نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار بولۇشقا باشلىغان. گەرچە ھۆكۈمەت يېڭى مەسچىت سېلىشنى تامامەن توختىتىپ قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەسچىت سېلىشنى قىيىنلاشتۇرغان. ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنلار «يېتەرلىك» دېيىشى، يېڭى مەسچىت قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىكتىن بىشارەت بېرەتتى. ئۇندىن باشقا كونا مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىپ، بېزەشكىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان دىنىي بىلىملەرنى ياشلارغا ئۆگىتىشمۇ يېڭى چەكلىملەرگە ئۇچراشقا باشلىغان. 2005 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ھەرىكەتكە ئائىت كىتابچە تارقىتىپ، كىمكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشسا مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. نۇرغۇن مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە 18 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى قانۇنغا خىلاپ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلار چاپلانغان. باشقا ئۇسۇللار بىلەنمۇ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. يەنى ھېكايە - چۆچەك ئېيتىش، خەلق ناخشىلىرىنى بالىلارغا ئۆگىتىش قاتارلىق ئەزەلدىن بىرى يېزىلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدىمى ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ چەكلەنگەن. شىنجاڭنىڭ خىتاي سېكرېتارىنىڭ «مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات ۋاستىلىرى بولۇپ قالغان» دېگەن نوتقى خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا دېگەن گەپلەرگە ئوخشاپ قالاتتى.

«دىنىي خادىملارنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسى ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يىزا - مەھەللىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سورۇنلاردا دىنىي مۇلازىمەت ئېلىپ بارىدىغان دىنىي خادىملار چوقۇم سىياسى ئۆگىنىشكە قاتنىششى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. سىياسى ئۆگىنىشكە قاتناشقان دىنىي زاتلار ئەمەلدارلارنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە قانۇنىغا ئائىت سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنغان. ئۇندىن باشقا يەنە موللىلارنى ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا

سالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ يېتىشكە مەجبۇرلانغان. بۇ خىل سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسلىرى گاھىدا نەچچە ھەپتىلەپ داۋاملىشاتتى. مەن غۇلجىدىكى چېغىمدا بىر دوستۇمنىڭ دادىسى مەھەللىنىڭ ئىمامى بولۇپ، سىياسىي ئۆگىنىشكە تولا قاتنىشىپ قاتتىق بېسىمدا قالغانلىقىنى چىرايىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىغا ئاساسلانغاندا سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشقان دىنىي زاتلارنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇپ، سىياسىي ئۆگىنىش جەريانىدا «خۇددى بىر قويۇق تۇمان ئارىسىدىن مېڭىپ چىققاندەك كۆزى ئېچىلىپ كەتكەنلىكى»نى بىلدۈرۈشكەن دەپ تەشۋىق قىلىنغان.

## مازارلانى ساياھەت ئورنى قىلىش

ئىسلام دىنىنىڭ قىسمەن ئېلېمېنتلىرىنىڭ قىممىتى بار دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن پايدىلانغان. بىر قانچە يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆز تەۋەلىكىدىكى مازارلارنى ساياھەت ئورنىغا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممە يەردە ئۇنداق بولغان ئەمەس. ئوردام مازىرى دەپ ئاتالغان ئونىنچى ئەسىردە ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ شەھىد بولغان ئىمام ئارسلانخاننىڭ مازىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىللىق مازار بايرىمى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مازار بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر بايرامنى ھۆكۈمەت 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ چەكلىۋەتكەن. باشقا جايلاردا مازارلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى خىتايلارنىڭ شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇ شىركەتلەر مازارغا كىرىش ئۈچۈن بېلەت سېتىپ پۇل تاپسا بولاتتى. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مازارلارغا بارىدىغان يوللارنى ياخشىلاپ قويغان (كۆپ ساندىكى مازارلار چۆل ـ باياۋانلار ئارىسىدا). خوتەن ۋىلايىتى ئون بىرىنچى ئەسىردە شەھىد بولغان ئىمام ئاسىمنىڭ مازىرىغا بارىدىغان يولنى ئوڭشاپ زىيارەت قىلغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ (ئاساسلىقى خىتاي ساياھەتچىلەر ئۈچۈن) مازارغا سۇ ئەسلىھەلىرىنى ئورناتقان.

مازارلارنىڭ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلىشى ئۇلارنىڭ دىنىي فونكسىيەسىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى. مازارغا كىرىش ئۈچۈن پۇل ئېلىش مازار زىيارەت قىلغۇچىلارنى بىئارام قىلىپلا قالماي، بەزى مازارلاردا خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

هاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ، ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى راھىلە داۋۇدنىڭ دېيىشىچە، ئاقسۇدىكى بىر مازاردا خىتاي ساياھەتچىلەر خىتاچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل لاتىنى سېتىۋېلىپ مازاردىكى زىيارەت قىلغۇچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن لاتا پارچىلىرىنىڭ قاتارىدا ئېسىپ قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

يەرلىك مەدەنىيەتكە بولغان بۇ خىل ھۆرمەتسىزلىك ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈدۇ، بولۇپمۇ بۇ مازارلاردىن كىرگەن كىرىملەردىن بىر تىيىنمۇ يەرلىك خەلققە تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەكرەك غەزىپىنى قوزغىغان. تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيىسىدىكى تۈيۈق غوجا مازىرى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى.



بۇ مازارلىق نۇرغۇن ئۆڭكۈرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۆڭكۈرلەردە ئەۋلىيالارنىڭ قەۋرىسى بار ئىكەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ مازارلار شۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەنكى بىر قېتىم بۇ مازارلىقنى زىيارەت قىلىشى يېرىم ھەج قىلغانغا باراۋەر كېلىدىكەن. بۇ مازارلار ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ئاڭلىدىم. قەدىمكى زاماندا ئىككى مۇساپىر مازارغا يېقىن جايدىكى مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا چارچاپ كېتىپ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا ئالدىدا ئۈستىگە ئاپپاق تون كىيگەن، بويى ئېگىز بىر ئادەم تۇرغۇدەك. بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى قاپ قارا، ئىرناقلىرى ئۇزۇن ھەم ئۇشلۇق بولۇپ، كۈن نۇرىدىمۇ يەرگە سايىسى چۈشمەيدىكەن. ئۇ ئادەم گەرچە ئاغزىنى ئاچمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇساپىرلارغا ئۇنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ مەن ئاللاھنىڭ قۇلى، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ماڭا ئەگىشىڭلار دەپتۇ. ئۇلار ئىككىلىنىپ تۇرۇشىغا ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ بىر قارا شولا ئۇلارغا قاراپ يېقىنلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان ئىككى مۇساپىر ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كېتىپتىكەن ئارقىسىدىن مىڭلىغان ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن چىققان ئاۋاز قوغلاپ كەلگۈدەك. ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋېلىپ ئاللاھقا دۇئا - تالاۋەت قىلىپ پاناھلىق تىلەپتۇ. بىردىن تالادىن قۇشلارنىڭ خۇشخۇي سايراشلىرى ئاڭلىنىپتۇ، ئۇلار بېشىنى ئۆڭكۈردىن چىقىرىپ قارىسا، ئاسماننى ئاغزىغا تاياق ۋە ئوت - چۆپ ئېلىۋالغان ھېسابسىز قۇشلار قاپلاپ كېتىپتۇدەك. بۇ قۇشلا شۇڭغۇپ چۈشۈپ ئەكەلگەن شاخ - شۇمبىلار ۋە ئوت

- چۈپلەر بىلەن ئەۋۋا ياساپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ قوغلاپ كەلگەن ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشى توختىماي يېقىنلاپ كەلگەن ئىكەن، ئىككىسى قورقىنىدىن يەرگە يېتىۋاپتۇ. توساتتىن ئالەم جىمىپ كېتىپتۇ. مۇساپىرلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قارىسا كۆپكۆك ئاسماندا قۇشلار سايراپ يۈرگۈدەك، ھېلىقى قارا كۆلەڭگىدىن بولسا دېرەكمۇ يوقمىش. قۇشلارنىڭ ئۈۋىسى بۇ بەدنىيەت جىننى ئازدۇرۇۋېتىپتىمىش.

2001 - يىلى مەن مەزكۇر مازارنى زىيارەت قىلغىنىمدا ئەتراپىدا خام قىش ئۆيلەر، ئېشەك ھارۋىلار ۋە قوغۇن سېتىۋاتقان كىچىك ئۇيغۇر قىزلىرى بار ئىدى. يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مەيدان بولسا ئىككى تال ئەگرى - بۈگرى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپىغا تۇپا دۆلەنگەن ئوچۇق بىر يەر ئىدى.

مەن دېھقانلاردىن مازارنىڭ نەدىلىكىنى سورىۋىدىم ئۇلار ئاستىغا يېشىل گىلەم سېلىنغان بىر ئاقارتىلغان ئۆينى كۆرسىتىپ قويدى. مازارلىقتا بىر پېشقەدەم قولىنى مۇرەمگە قويۇپ، ئاندىن بىر بارمىقى بىلەن يانچۇقىدىن بىر تال قاتلاغلىق قەغەزنى ئالدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ھېلىقى قەغەزنى ئېچىپ ماڭا كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىرىۋىدى، قارىسام ئۇ بىر قەغەز پۇل ئىكەن. بۇ 1898 - يىلىغا تەۋە پۇل بولۇپ، پۇلنىڭ بىر تەرىپى ئاپېلسىن رەڭ، يەنە بىر تەرىپى كۆك رەڭلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرىپىدە قوش باشلىق بۈركۈتنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئارىمىزدا ئۇنىدىن باشقا پۇل ئېلىش ياكى بېرىش بولمىغان.

مازارغا كىرىش ئۈچۈن مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر پەشتاق ئارقىلىق بىر قوپال لاي تۇنىلىدىن ئۆتۈپ، بىر كەڭ ئۆڭكۈرگە يېتىپ باردۇق. ئۆڭكۈردە بىر ئەر بىلەن ئىككى ئايال ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلىۋاتاتتى، دەسلەپىدە ئىككىسى تەڭ قىرائەت قىلدى، كېيىن نۆۋەتلىشىپ قىرائەت قىلىشتى. ھاۋانى تۈتۈن قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئايال كىشى مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. يەنە بىر ئايال زىكىر ئېيتىشتىن توختاپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەر كىشى زىكىر ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىشقا باشلىدى.

2000 - يىللاردا مازار زىيارەتچىلىرى (ھەتتا ماڭا ئوخشاش ساياھەتچىلەرمۇ) مازارغا ۋە مەھەللىگە ھېچ قانداق توسالغۇسىز كىرىپ - چىقالايتتى. ئەمما 2003 - يىلىدىن باشلاپ بۇ مازارنى باشقۇرۇشنى بىر شەخسى شىركەتكە ئۆتكۈزۈپ

بىرلىگەندىن كېيىن، مازارغا ۋە مەھەللىگە كىرىش ئۈچۈن پۇل ئالىدىغان بولغان. ھەتتا شۇ مەھەللىدە ياشايدىغان دېھقانلارنى ساياھەتچىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا كىنىشكە تارقىتىپ بېرىش تەكلىپىمۇ قويۇلغان. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ساياھەت ئورنى قىلىنغان مازارلارغا ئوخشاش يەرلىك خەلق بۇ مازاردىن كىرگەن كىرىمدىن ھېچ قانداق پايدا ئالالمايتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تۇۋلاشتۇرۇش گەرچە ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئاساسەن ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىنغان بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى. ئەمما بەزى ئۇيغۇر مازارلىرى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلغان. قەشقەردىكى ئاپپاق غوجا مازىرىدا ئىپارخاننىڭمۇ قەۋرىسى بولۇپ، ئۇ ئون سەككىزىنچى ئەسىردە ئۆتكەن بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ مازىرى ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە گۈزەل چىرايى ئالەمگە داڭ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مانجۇ پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنى بېيجىڭغا ئالدۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. بېيجىڭغا بارغىچە يولدا، ئىپارخان ھەر كۈنى سېرىق ماي ۋە تۆگە سۈتى بىلەن يۇيۇنۇپ تۇرۇپتۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىللەتچى ھۆكۈمەت دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە تارقالغان بىر ھېكايىدە ئىپارخان تاكى زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگىچە چيەنلۇڭ خانغا پىچاق بىلەن قارشىلىق قىلىپ، ئۆزگە يېقىنلاشتۇرمىغانمىش. بۇ ھېكايە مانچۇلارنى تاجاۋۇزچىلار دەپ قاراپ كەلگەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان بولۇپ، ئۇلار ئىپارخاننىڭ خانغا بويى ئەگمەسلىكىنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق قىلىش دەپ قارىغان.

1930 - يىللاردا ياپون تاجاۋۇزچىلىقى دەۋرىگە تەۋە قىسمەن مەزمۇنلارنىڭ قېتىلغىنىدىن باشقا، ئىپارخاننىڭ ھېكايىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن. ئەمما ئىپارخان مازىرىدا بۈگۈن ئاڭلىتىدىغان ھېكايە بۇرۇنقى بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىپارخان بىلەن مانجۇ خاننىڭ ھېكايىسى زورلۇق بىلەن ئېلىپ قېچىش، باسقۇنچىلىقنى ئورۇنۇش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى بۈيۈك بىر رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىسى قىلىپ بايان قىلىنىدۇ. پادىشاھ ئىپارخاننى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرىزىسىنىڭ يېنىغا بىر كىچىك قەشقەر بازىرى ياساتىپ، ئىپارخاننىڭ ھويلىسىنى شىنجاڭنىڭ قوغۇنلىرى ۋە گۈل - گىياھلىرى بىلەن پۈركىۋەتكەن، دېيىلىدۇ. بۇنداق دېيىلىشتىكى

مەقسەت، شىنجاڭ خەلقى بىلەن ئىچكىرىدىكى خەلق ئەزەلدىن تارتىپ دوستانە ئۆتكەن دېگەن تەشۋىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بولغان. 1080 - يىللاردىن تارتىپ ئىپارخاننىڭ ھېكايىسى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلىشقا باشلانغان. ئىپارخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى ئۈچۈن كاتتا تۆھپە قوشقان دەپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان. ئەمما ئىپارخاننىڭ داڭقى بۈگۈنكى كۈندە سىياسى ئىدىئولوگىيە ۋە سودا - تىجارەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ قالغان (ئەمما ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزىدۇ). يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئىپارخاننىڭ ھېكايىسى توخۇ كاۋىپى ساتىدىغان چاتما رېستورانىنىڭ ئىسمى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئىسمى قورۇق ئۈزۈم ۋە خۇش پۇراق ئەتىرلەرگىمۇ ماركا قىلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئاڭلىسام ئىپارخاننىڭ دەسلەپكى ھاياتىغا ئائىت بىر قورچاق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىنىۋېتىپتۇ.

ئىپارخاننىڭ ھېكايىسى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ قارىشىنىڭ باشقىچە بولۇشىدىن ھەيران قالغۇچىلىقى يوق. خۇددى مەسخىرە قىلغاندەك ئۇيغۇرلار ئىپارخان ھېكايىسىنى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئەمدىكى تىغ ئۇچىنى خىتايلارغا قارىتىۋاتىدۇ.



## «بۆلگۈنچى» سەنئەت

2000 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ قاتتىق نازارەتكە ئۇچراشقا باشلىغان. 2002 - يىلى يانۋاردا ئۈرۈمچىدىكى يىگى يىل يىغىلىشىدا ئۇيغۇر شائىرى تۇرسۇنجان ئەمەت بىر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىشى، شىنجاڭدا مەدەنىيەتنى نازارەت قىلىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن. ئۇ «ئىجتىمائىي رېئاللىقنى مازاق قىلغان» ۋە «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى تارقاتقان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىپلەنگەن. ئۇ قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپتونوم رايوننىڭ سېكرېتارى «ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ «ئاز ساندىكى بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر

ئۆزلىرىنىڭ خەلققە قارشى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق كىڭەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان» دەپ ئەيىپلىگەن.

ئىككىنچى قەدەمدە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلغان. يەنى سەنئەت نومۇرلىرىنى سەھنىدە ئورۇنلاش ياكى لىنتىغا ئېلىشتىن بۇرۇن ناخشا تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا كونسېرت نومۇرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق چارىلەر يولغا قويۇلغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز بېسىلغان دىنىي كىتابلار، بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنى بار دەپ قارالغان تارىخىي رومان ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ يوق قىلىنىشقا باشلىغان. دېمەك، شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم كىتاب كۆيدۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان.

2005 ـ يىللارغا كەلگەندە ھەتتا گۇمانلىق دەپ قارالغان چۆچەك ياكى كىنايە ئەسەرلەرنىمۇ چەكلەشكە باشلىغان بولۇپ، نۇرمەمەت تۇرسۇن ياۋا كەپتەر دېگەن ئەسىرى ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان دېگەن قالپاق بىلەن قولغا ئېلىنغان. بۇ ھېكايىدە بوز كۆك كەپتەر يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراق سەپەرلەرنى قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقا كەپتەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قەپەزگە سولاپ قويۇلغان. باشقا كەپتەرلەر گەرچە بۇ كۆك كەپتەرگە يېمەك بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما كۆك كەپتەر ئەركىنلىكى ئۈچۈن زەھەر يەپ ئۆلۈشكە رازى بولغانلىقى قەپەزگە سولىنىپ ياشاشنى خالىمىغان. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرى دائىم كۆك رەڭلىك بايراق كۆتۈرۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاچ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ چۆچەكنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغان. ئاپتورغا يېپىق سوت ئېچىپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىش جىنايىتى ئارتىپ ئون يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى باسقان ژۇرنالنىڭ تەھرىرىگە ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئامان جاي ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقاتلار داۋاملىشىپ ماڭغان. 2003 ـ يىلى ۋاڭ لېچۈەن «شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە قىلچە رەھىم قىلماي قاقشاتقۇچ زەربە بېرەيلى» دەپ

چاقىرىق قىلغان. ئاتالمىش تېررور گۇرۇپپىلىرىنىڭ تىزىملىكىگە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات مەركىزى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنى تېررورىزم بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىبلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرۈشىگە ياردەم بېرىشكە چاقىرغان. گەرچە خىتاي ئېغىزغا ئالغان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى راس بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ خىتاي دۆلىتى دېگەندەك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ھېچ قانداق ئىسپات كۆرسەتەلمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەشكىلاتلارنى تىلغا ئېلىشىدىكى سەۋەب مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارا تەسىرىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىغا قايتۇرغان ئىنكاسى بولسا كېرەك.

«قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى مۇشكۈللۈككە ئۇچراشقا باشلىغان. 2003 - يىلى 100 كۈن قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى، 2004 - يىلى «تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلمىگەن. بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغاندا، مەھەللە، كوچىلەر قورشاۋغا ئېلىنىپ، ساقچىلار ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان. ساقچىلار ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز ماتېرىياللارنى ئىزدىگەن. بۇنداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئائىت قانۇن ماددىلىرى ئېنىقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ساقچىلارنىڭ قولغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئاسانلاشقان. بەزى جايلاردا خۇددى 2009 - يىلى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىنكى چاغلارغا ئوخشاش ئۆي ئاختۇرۇش ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

## شىنجاڭ راسلا «تىنچمۇ؟»

غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ۋە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىمۇ خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي

تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ زادى غەلىبىلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا باھا بېرىش، شەخسلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق قارىشىغا باغلىق. غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش دېگەن چاقىرىقنىڭ ئېنىقلىمىسى مۇجمەل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭلا دېگىنى ھېساب. 2002 - يىلى نۇيابىردىن تارتىپلا شىنخۇا ئاگېنتلىقى ھاياجىنىنى باسالماي مۇنداق خەۋەر قىلغان:

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۈگۈن يوللار راۋان، چىراغلار روشەن،تاغ - داۋانلار تېخىمۇ يېشىل، دەريا سۇلىرى تېخىمۇ سۈزۈك ۋە ئەل كېزەر تىجارەتچىلەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. غەربىي رايوننىڭ مۆجىزىلىرىنى مەدھىيەلەيدىغان ئاجايىپ خەۋەرلەر ئارقا - ئارقىدىن ياغدۇرماقتا.

سىياسىي تەشۋىقاتنى ھېسابقا ئالمىغاندا غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان ئون يىل مابەينىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمىي قىممىتى (ج د پ 300) ھەسسە ئاشقان، ئوخشاش مەزگىلدە خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە ج د پ سى 304 ھەسسە ئاشقان. ئەگەر بىز قارا قويۇقلا شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايوندىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پەرقىدىكى ئارىلىقنىڭ كىچىكلىگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە باھا بېرىدىغان بولساق، غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىشى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. ئەمما بۇ ھەرىكەت شىنجاڭدىكى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئادالەتسىزلىكنى تۈگىتەلمىگەن. خۇددى بۇرۇنقىدەك شەرقىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشايدىغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى شىمالىي شىنجاڭدىن كۆپ ئارقىدا قالغان. شىنجاڭدىكى نامراتلىق ئاساسەن جەنۇبقا مەركەزلەشكەن. 2010 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى سانجى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلمەيتتى (سانجى شەھىرىدە خىتايلار نوپۇسىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ). خوتەن رايونىنىڭ كىشى بېشى ئىقتىسادى سانجىنىڭ ئۈچتەن بىرىگە توغرا كەلمەيتتى. قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى

خىتاينىڭ ئەڭ نامرات ئۆلكىسى بولغان گۇيجۇ ئۆلكىسىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى.

ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر زىددىيەت بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ھالەت ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى ئۈچۈن مۇھىت يارىتىپ بەرگەن. 1990 - يىللىرى يەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى تۆۋەن رايونلار بىلەن مۇقىمسىزلىق ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ «قالاق» بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالمىغان. مۇشۇنداق مەنتىقىلەر تۈپەيلى 2000 - يىللاردا شىنجاڭ مۇقىمسىز، ئىش كۆپ چىقىدىغان ۋە تىنجسىز رايون بولۇپ قالغان. ئۇندىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغان ئاتالمىش «تېررورىزم» ھەرىكەتلىرىمۇ گاھىدا يۈز بېرىپ تۇرغان.

گاھىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرى بۇنداق ئىشلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. 2003 - يىلى ۋاڭ لېچۈەن ھۆكۈمەتنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ياخشىلانسا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ياخشىلانسا جەمئىيەتمۇ تىنچىيىدۇ» دېگەن چاقىرىقىغا ئوچۇق قارشى چىقىپ: «بۇ خىل قاراش خاتا ھەم خەتەرلىك قاراش، ئىقتىسادنىڭ ياخشىلىشىنى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يوق قىلالمايدۇ» دېگەن. بۇ ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي قاراش ئىدى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئىقتىسادىي مۇھىتتىكى پەرق بىلەن «بۆلگۈنچىلىك» ئارىسىدىكى باغلىنىشنى يوق قىلىۋەتكەندە ، شىنجاڭدا چىققان ھەر قانداق بىر مەسىلىنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىدىكى خاتالىقلار بىلەن باغلاپ تەنقىد قىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. نەتىجىدە مەسىلىنى يەنىلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىگە ئارتىپ قويغان، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ مېڭىشىغا باقماي 2000 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىل مابەينىدە شىنجاڭ «ئازات» قىلىنغاندىن بىرى ئەڭ تىنچ ئۆتكەن ۋاقىت بولغان، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا ئاساسەن چوڭ ۋەقە چىقمىغان. خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېلىشتۇرغاندىمۇ، شىنجاڭدا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئاز يۈز بەرگەن. ھۆكۈمەت خەۋەر قىلغان بەزى ئۇششاق ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئېنىقسىز قالغان. 2005 - يىلى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 19 چەت ئەللىك قوراللىق ئۇنسۇرنى قولغا ئالدۇق دەپ خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتى ھەققىدە ھېچ نىمە دېمىگەن. 2007 - يىلى خىتاي مىدىيەسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى بىر تېررورلۇق مەشىق قىلىش بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن پارتلاتقۇچ دورا ۋە قورال- ياراقنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا 18 تېررورىست ئۆلتۈرۈلگەن، 17 كىشى قولغا چۈشكەن. ئەمما ۋەقەدىن كېيىن ئىسپانىيەلىك مۇخبىر رافائىل پوچ مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاتالمىش مەشىق قىلىش بازىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل - ئىسپات تاپالمىغان.



ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىقى خەۋەرلىرى مەيلى راس ياكى يالغان بولسۇن، 2000 - يىللاردا شىنجاڭدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش ۋە چوڭ كۆلەملىك قارشىلىق نامايىشلىرى ئاساسەن ئاز يۈز بەرگەنلىكى راس. قارىماققا خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «تېررورىزم»غا قارشى ئۇرۇشتا غالىپ كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «بۆلگۈنچىلىك»نى بانا قىلىپ دائىم «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق قوللۇق باستۇرۇپ، شىنجاڭنى قاتتىق قامال قىلىشىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى بۇ خىل تىنچ ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ساختا تەشۋىقاتلىرىدىن پايدىلانماي تۇرۇپمۇ كۆرىۋالالايمىز. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئانچە چوڭ رول ئوينىمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلاتلارنىڭ باستۇرۇلۇشىمۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر سەۋەب بەلكىم نۇرغۇن ئۇيغۇرلاردا باشقا بىر دۆلەت ياكى تەشكىلات شىنجاڭ مەسىلىسىگە قول تىقىپ، بىزگە ياردەم بېرەرمىكى دېگەن خام خىيالى ئاستا - ئاستا ئۈمىدسىزلىككە ئايلىنىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ تىنچلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجا ۋەقەسىگە

تۇتقان قاتتىق قوللۇق باستۇرۇش سىياسىتى، بۇ خىل قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى ھەممىگە ئايان قىلغان. بۇ خىل رېئاللىقلار ئالدىدا چارىسىز قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭنى تەرك ئېتىپ چەت ئەللەرگە ياكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە چىقىپ كېتىش يولىنى تاللىغان. شىنجاڭ نوپۇسىنى باشقا ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى شۇ يەرلەردە ئوقۇش بولۇپ قالغان. 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا بارغان 12 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاران 20 پىرسەنتى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي تىلىدا راۋان سۆزلىشەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئىچكىرىدە تونۇشلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە تۆۋەن مائاشلىق ئىشلارنى قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان. ئەگەر 2000 ـ يىللاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ساياھەت قىلغاندا، شىئەن ۋە لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىك ئاشخانىلاردا ياكى مەكتەپلەرنىڭ ئاشخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. 1980 ـ يىللاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار بېيجىڭدىمۇ جاھاندارچىلىق قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا بېيجىڭدا 3000 ئۇيغۇر تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي سانى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىدى، چۈنكى نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى تىزىملاتماي تۇراتتى.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۇرتىنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. گەرچە ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ياكى تەربىيەلىنىش پۇرسىتى بىر قەدەر قولاي بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ھەتتا پاسپورتمۇ ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىرى قايتىپ كەلسە قولغا ئېلىنىپ قانۇنى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىغا تەۋەككۇل قىلىپ، قانۇنسىز يوللار بىلەن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئىستىكىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىر مەزگىل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنگلىزچە ئۆگىنىش دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. 2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا پەقەت خىتايچىدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر بالىلىرىلا مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. چۈنكى مىللىي مەكتەپتە

ئوقۇيدىغان يەرلىك باللار ئۈچۈن خىتايچە ئىككىنچى تىل قىلىپ ئۆتۈلەتتى. ھەتتا ئالىي مەكتەپتىمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە چەكلىمە قويۇلاتتى. خىتايدىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنگلىز تىل پاكۇلتىتلىرى مىللىلارنى يىل ئاتلاپ قوبۇل قىلاتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئالىي مەكتەپكە كىرىش نومۇر سىزىقىدا ئېتىبار بېرىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق سىياسەتنى يۈرگۈزگەن.

مەن غۇلجىدىكى چېغىمدا بىر يىل قازاق ۋە ئۇيغۇر باللىرىغا ئىنگلىزچە دەرس ئۆتتۇم، شۇنداقلا نۇرغۇن مەكتەپلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم. مېنىڭ نەزىرىمگە دەرھال چېلىققىنى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىشچانلىقى ۋە تىل ئۆگىنىشتىكى تېز ئىلگىرلىشى بولدى. نۇرغۇنلىرى ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە تىل سەۋىيەسى ئۇن نەچچە يىل ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى. بەزى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا باشقا بىر تىلنى (خىتايچىنى) ئۆگىنىش تەجرىبىسى بولغاچ، بۇ ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولغان. شەخسى كۇرسلاردا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بولغىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتايىن قىزغىن، نۇرغۇن ئۇيغۇر باللىرى ئىنگلىزچە سۆزلىيەلىگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. 2004 - يىلىدىن بىرى خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىش مۇسابىقىلىرىدە ئۇيغۇرلار ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ئالدىنقى قاتارغا كىرىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ مۇسابىقىلەرنىڭ قىسمەنلىرى تېلېۋىزورلاردا نەخ مەيداندا كۆرسىتىلىدىغان بولغاچ، بۇ خىتاي تېلېۋىزورلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان، ئۇيغۇرلارنى ئىجابى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇلارنى كۆچلەندۈرىدىغان پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

## تەلەي قۇشى شىمالغا پەرۋاز قىلىدۇ

يازمىلىرىمىزدا بىز نامراتلىق ھەققىدە توختالغىنىمىزدا دائىم كىشىلەرنىڭ بۇ خىل جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىغا قانداق تاقابىل تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا سەل قارايمىز. بولۇپمۇ تەڭسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاز سانلىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەت خەلقىگە تەۋە بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا ئۇچراۋاتقان «زىيانكەشلىك»كە ئۇچرىغۇچىلار دېگەن ئۇقۇم بەكرەك تەكىتلىنىپ، ئۇلار زادى قانداق ھايات كەچۈرىۋاتىدۇ دېگەن مەسىلىگە سەل قارايمىز. ئەمەلىيەتتە جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن قالسا 2000 ـ يىللاردا ئەڭ چوڭ مۇشكۇللۇكلەر ئىچىدە قالغان. غەرب مەتبۇئاتلىرىدا بولسا بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام تېرروۇرچىلىرى دەپ تەسۋىرلەش ئۇچۇن ئۇرۇنغانى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ ساندىكى غەرب مىدىيەلىرىدە ئۇيغۇرلار قاتتىق بېسىم ئاستىدا خورلىنىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت دېگەن قاراش بىرئاز ئومۇملاشقان (بۇنىڭدىن غەرب مىدىيەلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قېيىققا دەسسەپ تۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ كونىمىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولغان).

ئۇيغۇرلارنى يولەنچۈكسىز قالغان خەلق دەپ كۆرسىتىشكە ئىسپات بولىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر تېپىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنى خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسى بېسىمغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان، سىستېمىلىق چەتكە قېقىلىۋاتقان خەلق دېيىشكە بولىدۇ. مۇخبىرلار بىلەن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ بۇ خىل ئادالەتسىزلىكلەرنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشىدا ھېچ قانداق خاتالىق يوق، ئەمما بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە ئۆكتى قويماي تۇرۇپمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل قاتتىق قوللۇق سىياسەتلىرىگە قانداق ئىنكاسلار بىلەن جاۋاب قايتۇرىۋاتقانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

2000 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋجىگە چىققان ئىنگلىزچە ئۆگىنىش شاملىمۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە چەتكە قېقىلىشقا قارشى تۇتقان چارىلىرىنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى خىتايلارغا ئوخشاشلا يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچۈپ ياشاشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولى دەپ قاراپ شەھەرلەرگە كۆچۈشكە باشلىغان. خىتاي مىقياسىدا يېزا نوپۇسىدىكى ياش يىگىت ـ قىزلارنىڭ يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، تۈركۈملەپ شەھەرلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا،

www.uyghurkitap.com

رېستوران ۋە قارا ئۆكەي بەزمىخانىلىرىدا ئىشلەپ جان باقىدۇ. ئۇلار قىلىدىغان خىزمەتلەر گەرچە ئالاھىدە ھۈنەر تەلەپ قىلمايدىغان تۆۋەن مائاشلىق ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كىرىمى يېزىدا دېھقانچىلىق قىلغاندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. «ئاقما نوپۇس» دەپ تونۇلغان بۇ كۆچمەن ئەمگەك كۈچى خىتاينىڭ ھەممە كاتتا شەھەرلىرىدە تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نوپۇسى يېزىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شەھەرلەردە ساغلاملىق سۇغۇرتىسى، تەمىناتلىق تۇرالغۇ جاي ۋە باشقا ئىجتىمائىي نەپىقىلەردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۇلار دائىم شەھەرلىكلەرنىڭ كەمسىتىشى ۋە چەتكە قېقىش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا شەھەردىكى كۆچمەن ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشى شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا بەكلا نامرات ئۆتىدۇ، 2003 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە كۆچمەن ئىشچىلارنىڭ مۇتلەق نامراتلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىنچىلىكى شەھەرلىكلەردىن ئىككى ھەسسە ئۈستۈن كېلىدىغانلىقى دەلىللەنگەن.



شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاساسەن جەنۇبتىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىدۇ، ئىچكىرىدىن چىققان كۆچمەن خىتايلارمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ (غەربىي دىيارنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نۇرغۇنلىغان خىتاي شىنجاڭغا كېلىۋاتىدۇ). 2009 - يىلى ئۈرۈمچىدە 630 مىڭ كۆچمەن ئەمگەكچى تىزىمغا ئېلىنغان (ئەمما ئەمەلىي سان بۇنىڭدىن چوقۇملا كۆپ). شىنجاڭغا كەلگەن خىتايلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىش ئىزدەپ كەلگەن. 2005 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ئىش ئىزدەپ ئەمەس، ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي مۇھىتىنى قەشقەر ۋە خوتەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە دىنىي مۇھىتى ئەركىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن (بۇ خۇددى ئۇيغۇر ناخشىچى ئەسقەرنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىپ، ئىچكىرىنىڭ ئازات سىياسىي مۇھىتىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ).

تاكى 2012 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان دۆڭ كۆۋرۈك )ئەرداچاۋ) رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنىش ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئۈرۈمچىدە دىنىي سىياسەتنى كەڭ قويۇۋەتكەنلىكىنىڭ بىشارەتلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. رەچېل ھارىسنىڭ

دېيىشىچە ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ رايونىدا ئاياللارنىڭ نىقاپ كىيىشى، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ كوچىلاردا ناماز ئوقۇشى قانۇنسىز دەپ چەكلەنگەن بولۇپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار تۇتۇپ كېتىلۋاتقان بىر پەيتتە، ئۈرۈمچىدە نىقاپ كىيگەن، ياكى باش - ئايىغىنى قارا تون بىلەن ئورىۋالغان ئاياللارنىڭ كوچىلاردا ئەركىن مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتىكەن.

بۇنىڭدىن شىنجاڭدا يەرلىك سىياسەتلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى، سىياسىي تارىخى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن دۆڭ كۆۋرۈك رايونى بۇرۇنقىدەك جەلپكارلىقىنى يوقىتىپ، نامراتلىق يىغىپ تۇرىدىغان كونسىرۋاتىپ بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان. 2013 - يىلى بەزى ئۇيغۇر قىزلىرى دىنىي تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئوچۇق كىيىم كىيگەنلىكى ئۈچۈن دۆڭ كۆۋرۈكتە باشقىلاردىن تاياق يېگەن دېگەپ گەپنى ئاڭلىدىم. گەرچە قىسمەن ئۈرۈمچىلىك ئۇيغۇرلار يېگىدىن سېلىنغان يۇقىرى قەۋەتلىك ئىمارەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا رېستورانلىرى ۋە ھالال تاللا بازارلىرى بار باي رايونلاردا ياشىسىمۇ، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭ كۆۋرۈك قاتارلىق نامرات رايونلارغا توپلىشىپ قالغان. ئۇلار تۇرىدىغان بەزى رايونلار ئەمەلىيەتتە لاي قىش بىلەن سېلىنغان ئۈستى تۇنىكا بىلەن يېپىلغان نامراتلار رايونى بولۇپ، كۆپلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇربا سۈيى ۋە توك چىراقلىرى يوق. پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا كۆچمەن ئىشچىلار دائىم نامراتلىقتىن تەستە كۈنىنى كۈن قىلىدۇ. ئۇلار دەرىزىسى يوق يەر ئاستى ئۆيلەر، قىستىقىستاڭ ياتاقلار ياكى كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىكى ۋاقىتلىق پاناگاھلاردا ياشايدۇ. ئۈرۈمچىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس. 2003 - يىلى خىتاي شەھەرلىرىدە كۆچمەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 15% مۇتلەق نامراتلىقتا ئۆتكەن بولسا، ئۈرۈمچىدە بۇ سان 54 % كە يەتكەن.

خىتايدا كۆچمەنلەرنىڭ كۈنى ئاسان بەكلا ناچار، ئەمما ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ ناچار بولۇپ، دائىم تۆۋەن مائاشلىق

ئىشلارنى قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇرلىناتتى. ئۇلارنىڭ تاپالايدىغان ئىشلىرى چەكلىك بولغاچ، 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كىرىمى خىتايلاردىن 30 % تۆۋەن بولغان. خىتايدا شەھەرلىشىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالاھىدە گۈللىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىتىملىق تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن قۇرۇلۇشتا ئىش تاپالىغانلار يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ئۇيغۇرلار ئوچۇق ـ ئاشكارا كەمسىتىلەتتى. قىسمەن ئىشچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىدا خىتايلارلا قوبۇل قىلىنىدۇ دەپ ئاشكارا يېزىلىدۇ. بۇنداق قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى سەۋەبلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش تاپالماسلىقىدىكى سەۋەب خىتايچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەسلىكى، ئەمما ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن بولىدىغان بولسا ئۇلارغا مەكتەپلەردە خىتايچە ئۆگىتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

شىنجاڭدىكى بۇ خىل ئىشقا ئېلىشتىكى كەمسىتىش سىياسىتى نېملا دېگەنبىلەن خاتا، ئەمما بۇ خىل ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى، بەلكىم خىتايلاردا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان باشقا يۇرتلۇقلارنى كەمسىتىش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. يەنى بەزى خىتاي كارخانىچىلار گۆيچۇ ياكى ئەنخۇيلۇقلارنى ھورۇن ۋە ئىشەنچىسىز دەپ ئىشقا ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن خىتايلارنىڭمۇ خۇددى بەزىلەر داۋراڭ سېلىپ كەلگەندەك ئاتالمىش ئۇيۇم بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بۇ خىل پەرقلەرنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئۈرۈمچىگە ئىشلىگىلى كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ھال كۈنىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ناچار، ئەمما ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپلىرىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ، خالاس.

259

ئۇيغۇر كۆچمەنلەر بىلەن خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرقلەرنىڭ بىرى، خىتايلارنىڭ قۇرۇلۇش ياكى كارخانىدا ئىشلەيدىغان خىتاي تونۇشلىرى كۆپ بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىش تېپىشىغا بەكلا پايدىلىق. تونۇش ـ بىلىشى بولۇش خىتايدا ئىش تېپىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش باشقۇرىدىغان خىتايلارنى تونۇماسلىقى، شۇنداقلا بۇ ئىككى

مىللەت ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئايرىلىپ ياشاش ئادەتلىرى، ئىش ئورۇنلىرىدىمۇ تەكرارلىنىدۇ (بۇ خىل ھالەت ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئانچە روشەن ئەمەس). ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن كونا بىنالارنى چېقىش ياكى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە (يەنى مۇسۇلمانچە ئاشخانىلاردا) ئىشلەيدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئورۇنلارغا خىتايلار كىرەلمەيدۇ. تاكى 2002 - يىلىغىچە ئۇيغۇرلار كونا دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، كېيىن ھۆكۈمەت بۇ بازارنى چېقىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاتالمىش ساياھەتچىلىككە پايدىلىق بىر سودا مەركىزىنى قۇرغان. ساختا مۇسۇلمانچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان كاتتا بازاردا كىنتاكى تورخۇ قورۇمىسى ۋە كاررىفۇر تالالا بازىرىدىن باشقا، كىراسىنىڭ قىممەتلىكىدىن نورغۇنلىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر چىقىش قىلالمايدىغان ئۇششاق دۇكانلار بار.

شۇ ئەتراپتا ئەرزان دۇكان ياكى بۇتكا تاپالمىغان ئۇيغۇرلار ھارۋىدا مال سېتىپ ياكى ئاياق مايلاپ ياكى يانچۇقچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان (بۇ خىتايدىكى كۆچمەن ئىشچىلارنىڭ ئورتاق ياشاش يولى). يېڭى بازارنىڭ مەزكۇر رايونغا كەلتۈرگەن بىردىنبىر پايدىسى، تاكى 2009 - يىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسى چىققانغا قەدەر، بۇ رايونلارنىڭ ئۆي مۈلۈك باھاسىنىڭ ئۆسىشى بولغان.

ئۈرۈمچىدە كۆنى ياخشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن قەرز ئېلىپ ئۆزلىرى تىجارەت باشلىغانلىرى بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنى ساتىدۇ. ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى نۇرغۇن ئۇششاق دۇكانلاردا ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان خىنە، پېچىنە پىرەنىك، دورا چاي قاتارلىق ئۇششاق تاۋارلارنىڭ سېتىلىدىغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنداق بولۇشى، يەرلىكلەرنىڭ خىتاي ماللىرىنىڭ ھالال ئەمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەندىن باشقا يەنە يېقىنقى دۆلەتلەر بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. بۇنى كوچا ۋە رېستورانلاردا قويۇلىدىغان مۇزىكىلاردىن بەكرەك ھېس قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى يەرلىكلەر ئۇيغۇرچىدىن باشقا يەنە تۈركچە، رۇسچە، ئۆزبېكچە ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا

دۆلەتلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدۇ.

2000 ـ يىللاردا گەرچە چېگرا سودىسىنىڭ بازىرى ياخشى بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر شىركەتلىرى ئوخشاش سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، چەكلىك بۇ بازاردا رىقابەت كەسكىنلىشىپ، تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. شىنجاڭدا ئىسلام بانكىچىلىقىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن تونۇشماسلىقى، ئۇلارنىڭ كېڭىيىشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىساد مەبلىغى چەكلىك بولغان. شۇڭلاشقا ئىقسادىي ئاساسى كۈچلۈك خىتاي شىركەتلىرى بىلەن رىقابەت قىلالايدىغان ئۇيغۇر شىركەتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

مۇشۇ سەۋەبتىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ئۈرۈمچىدىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا نۇرغۇن جەھەتلەردە سۈركىلىشلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل سۈركىلىشلەرنىڭ بەزىلىرى گەرچە يېقىندىن بېرى ئىككى مىللەت ئارىسىدا يەرلىك خىزمەتلەردىكى رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشىدىن بولغان بولسىمۇ، تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭغا تۈركۈملەپ چىقىشىغا بولغان يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنىڭ يېقىنقى ئىپادىلىرى ھېسابلىناتتى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكىنىڭ بەكرەك باستۇرۇلىشى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ بۇ يەردە يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئادالەتسىز سىياسەتلىرىنىڭ يېڭىچە داۋاملىشىشى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مەيلى مۇستەملىكىچىلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، خىتايلارنىڭ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىن، ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغاندا قارشىلىق قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددى ساۋاقنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. 2006 ـ يىلى بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق بېسىم ئاستىدا تاقىتىنىڭ چېكىگە يېتىۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان تەتقىقاتچى جېننىفر تاينىن مۇنداق دەپ يازغان:

*مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەمەلىيەتتە كىشىلەردە نارازىلىقلىرىنى بايان قىلىدىغان پۇرسەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىيەت قارىماققا تىنچ كۆرۈنگەن بىلەن مىللىي زىددىيەت ئەمەلىيەتتە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان بىلەن ئاز*

*سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدسىزلىكى مەزكۇر رايوننىڭ تىنچلىقىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ.*

خىتاي ئىچىدە شىنجاڭ مەسىلىسى ئەزەلدىن سەزگۈر مەسىلە دەپ قارىلىپ، ئاشكارا مۇنازىرە قىلىنماي كەلگەن بولسىمۇ، قىسمەن خىتاي زىيالىيلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تىبەت ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، خىتايدىكى تۇنجى غەيرى دۆلەت مۇھىت ئاسراش تەشكىلاتى بولغان «تەبىئەتنىڭ دوستلىرى» دېگەن تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋاڭ لىشۇڭ 2007 ـ يىلى تەيۋەندە «مېنىڭ غەربى دىيارىم، سىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ» دېگەن كىتابنى نەشىر قىلدۇرغان. ئاپتۇر كىتابىدا گەرچە شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قانداق بىر شەكىلدە خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا قارشى چىققان بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قىسمەن تەۋسىيەلەر ۋە قاراشلارمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىن بەكرەك چەتنەپ كەتكەن. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا دىنىي ئەركىنلىكنى بوغۇشى ئۆزىنىڭ پاچىقىغا ئۆزى پالتا ئۇرغانلىق، شىنجاڭدا دىنىي ئەركىنلىكنى قىسىپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ چىقىشىغا چەك قويۇلمىسا، ئۇزۇنغا قالماي شىنجاڭ مەسىلىسى «پەلەستىنلىشىپ» كېتىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقى ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسپاتلانغان. 2008 ـ يىلى خىتايدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئېچىلىشىنىڭ ھارپىسىدا قەشقەر شەھرىدە ئىككى ئۇيغۇر ياش يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن ئەتىگەنلىك مەشىقە چىققان خىتاي قۇراللىق ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربى قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى ماشىنىدا باستۇرۇپ، ئارقىدىن پارتلاتقۇچ بومبا بىلەن پارتلاتقان. خىتاي تەرەپ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا 16 خىتاي ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي، كۇچا ناھىيىسىدىمۇ ساقچى ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى سادىر بولغان بولۇپ، بىر ساقچى ئۆلگەن. ھۇجۇمچىلارنى قوغلاپ ئوقۇتا تۇتۇش جەريانىدا ئون بىر ھۇجۇمچى جېنىدىن ئايرىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى بىلەن باغلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما زادى كىمنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن. يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا بىرەر تەشكىلات ئىگە چىقمىغان، شۇنداقلا بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەرمۇ ئېنىقسىز قالغان.

يۇقىرىقى ئىككى قېتىمقى ھۇجۇمدا بىگۇنا ئادەملەرنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلىنمىغانلىقىنى ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئېتىراپ قىلغان. خۇددى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئوخشاشلا شىنجاڭدىمۇ خىتاي ئەمەلدارلىرى كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، 2009 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەڭ ۋەھشىي توقۇنۇشتا يۇقىرىقىدەك يۇقىرىلارغا زىيان سالمايدىغان ئەھۋال تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم تېررورلۇق ھۇجۇمى ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن.

# 7

## ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ئاقىۋىتى: خاتا يەكۈنلەنگەن تەجرىبە - ساۋاقلار



ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى باشتا شىنجاڭدا باشلانمىغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ بېشى 2009 - يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىن 3000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، خىتاينىڭ شەرقىدىكى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدە باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش شاۋگۇەندىمۇ ماشىنا شارلىرى، تىراكتۇرنىڭ خوتى، ماي تارتىش ماشىنىسى، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، سومكا، لامپۇچكا، بولتا ۋە كۇلۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن تۈۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت - كارخانىلار بار ئىدى. قاتىللىق دەسلەپتە ئويۇنچۇق ياسايدىغان زاۋۇتتا باشلانغان. بۇ كارخانا خوڭكوڭنى مەركەز قىلىپ، دۇنيادىكى كاتتا ئويۇنچۇق ماركىلىرىدىن ھاسبرو ۋە ماتتېل قاتارلىقلار ئۈچۈن ئويۇنچۇق ياسايدىغان تاڭ نۇرى خەلقئارا شىركىتىگە تەۋە ئىدى. مەزكۇر شىركەتنىڭ شاۋگۇەندىكى كارخانىسىدا20 مىڭ ئىشچى بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ تور بېتىدە خۇددى ئويۇنچۇققا ئوخشاش يېقىن تىزىلغان ئاق ۋە قىزىل چىنىقىشتا بېزەلگەن ئىشچىلارنىڭ ياتىقىنىڭ رەسىمنى كۆرگىلى بولاتتى.

گۇاڭدۇڭدىكى باشقا زاۋۇتلاردا ئاساسەن خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىدىن كەلگەن كۆچمەن ئىشچىلار ئىشلەيدۇ، بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاينىڭ

يىراق ۋە چەت رايونلىرىدىكى كىچىك يېزىلاردىن كەلگەن ياش خوتۇن - قىزلاردىن تەركىب تاپقان. ئەمما شاۋگۇەندىكى بۇ كارخانىنىڭ ئىشچىلىرى ئاساسەن يەرلىك خىتايلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نۇرغۇن كارخانىلار يەرلىكلەرنى مۇقىم ئەمگەك كۈچى دەپ قارىغاچ، يەرلىكلەرنى ياللاشقا ئامراق. مەزكۇر كارخانىنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خىتايلار بولۇپ،200 ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ بۇ يەردە ئىشلىشىمۇ بىر غەيرىلىك ئىدى. ئۇيغۇر ئىشچىلار ماي ئېيىدا قەشقەردىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن. خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىدىن نەچچە كۈنلەپ ئاپتوۋۇزدا ئولتۇرۇپ كېلىدىغان خىتاي ئىشچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ باسقان مۇساپىسى ئەڭ يىراق ھېسابلىناتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە ھۆكۈمەت سەۋەبچى بولغان بولۇپ، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى چەت - ياقا ۋە نامرات يۇرتلاردىن ئاۋات ۋە تەرەققىي قىلغان يەرلەرگە ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ياخشىلاش سىياسىتىنى يولغا قويغان. يەرلىك ھۆكۈمەت 2009 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن 96 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. گەرچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ئىشچىلار ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تەھدىت ئاستىدا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغان، بولۇپمۇ ياش قىز - چوكانلار زورلانغان دەپ ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى يېتەرلىك ئەمەس. بەلكىم قىسمەن يەرلىك ئەمەلدارلار يۇقىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىسمەن مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەزكۇر ھەرىكەتكە زور كۆلەملىك قارشىلىقنىڭ بولماسلىقىدىن نۇرغۇنلىرىنىڭ بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن بارىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئادەم يۆتكەش ئەمەلىيىتى ئېنىق، چۈنكى بۇ ئىشچىلارنىڭ نوپۇسى يەنىلا شىنجاڭدا قالغان. بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ياش قىزلاردىن تەركىب تاپقانلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتالمىش ئاجىز ئىشچىلارنى كۆچۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، شۇنداقلا

ئۇلارنىڭ خىزمەت مۇھىتىمۇ بىر قەدەر ياخشى كونترول قىلىنغان، بۇنى لىسلى چاڭنىڭ 2008 ـ يىلى نەشر قىلغان «كارخانا قىزلىرى» دېگەن كىتابىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمگەك كۈچىنى ئىچكىرىگە يۆتكەش شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭدا نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوللانغان ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەمەلى ھەرىكەتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان مەقسەتلەر سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. قىسمەن ئەمەلدارلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى زامانىۋى تۇرمۇش بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئازات قىلىشقا پايدىسى بار دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق دېمەك ئەمەلدە قالاق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىلغار خىتاي جەمئىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش دېمەكتۇر. بەزىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىچكىرىدىكى كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كارخانا ئىشچىلىرى ئارىسىدا مىللىي بۆلۈنۈش ياساپ، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەتنىڭ ئۈچىنى بۇراپ، خىتاي ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا كونسايىن كۈچىيىۋاتقان ئىش ئورنىدىكى باراۋەرسىزلىككە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان سىياسىي تەدبىر دەپمۇ قارايدۇ. بۇنى تامامەن يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما شۇنداقتىمۇ، 20 مىڭ خىتاينىڭ ئارىسىغا 200 ئۇيغۇرنى قېتىپ قويۇش بىلەن خىتاي ئىشچىلىرىنىڭ ئۇملۇكىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.



ئەمما ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، مىللەتلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش بولغان. خۇددى ئالىي مەكتەپ ۋە شىنجاڭدىكى مەھەللە ـ كۆيلەردىكىدەك، ئۇيغۇرلار خىتايلاردىن ئايرىم ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇرغۇنلىرى خىتايچىنى ياخشى سۆزلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي كەسپداشلىرى بىلەن سۆزلىشىشتە قىينالغان. گەرچە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىگە يۆتكەپ بارىدىغان ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيەسى ۋە تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. خۇددى شىنجاڭدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئايرىلىپ ياششى، ئىككى مىللەت

ئارىسىدا خاتا چۈشىنىش ۋە ئوقۇشماسلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

شۇڭلاشقا ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ يۈرگەن بىر خىتاي ئىشچى تور بېتىگە ئالتە ئۇيغۇر يىگىتى، ئىككى خىتاي قىزنىغا باسقۇنچىلىق قىلدى دەپ گەپ تارقاتقاندا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەپقاچتى گەپلەر ئاللىبۇرۇن خىتايلار ئارىسىدا خېلى كۆپ تارقىلىپ يۈرگەن ئىدى. بۇ ئۇچۇرنىڭ ھېچ قانداق ئاساسى يوق بولۇپ، بۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئوقۇشماسلىق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن بىر خىتاي ئايال ئۇيغۇر ئوغۇللارنىڭ ياتىقىغا ئېزىپ كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا ئۇ بۇلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي، قورقۇپ چىرقىرىغان.

مەيلى ھېلىقى خىتاي ئەرنىڭ يالغان ئۇچۇرى ياكى ھېلىقى ئايالنىڭ چىرقىرىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسۇن 2009 - يىلى 26 - ئىيۇن ئاخشىمى مەزكۇر زاۋۇتتا ئىككى مىللەت ئارىسىدا تۆت سائەت داۋام قىلغان توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ئەتىسى خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ۋەقەنى شىددەتلىك جېدەل - ماجىرا دەپ خەۋەر قىلغان. ئەمما شۇ كۈنى نەخ مەيداندا تارتىلغان بىر سىن ئالغۇدا جېدەل - ماجىرا ئەمەس بىر ئادەم چىراغنىڭ يورۇقىدا بىنالار ئارىسىدا قېچىۋاتقان ئەھۋال كۆرسىتىلگەن. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئادەم قوغلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما رەسىمگە تارتقۇچى ئۇلارغا ئەگىشىۋاتقان يۈزلىگەن ئادەم توپى بىلەن تەڭ ئالدىرىماي سۈرەتكە ئالغان. نۇرغۇنلىرى كالتا يەڭلىك مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، بىرسىنىڭ سېرىق رەڭلىك ياقىسىز مايكىسىدا «ھەرگىز ئۆلۈمنى ئاغزىڭغا ئالما» دېگەن خەت ئىنگلىزچىدە بېسىلغان. ئاردىن يېرىم مىنۇت ئۆتكەندە مەيداندىكىلەر كۆتىرىۋالغان تاياق - توقماقلارنىڭ سىمونتقا تەگكەن ئاۋازلىرى ئاڭلانسىمۇ، ئەمما باشقا ئىشلار يۈز بەرمىگەن.

ئاپىرات ئادەم توپىغا ئەگىشىپ ئىلگىرلەيدۇ، تۇساتتىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىرى قوللىرىنى ھاۋاغا پۇلاڭشىتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا كۆتىرىۋالغان تاياق - توقماقلىرى بار ئىدى. يېشىل تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بىرى خۇددى مۇسابىقىدە يېڭىۋالغاندەك سەكرەپ ئالقىشلاپ كېتىدۇ. بۇ شاۋقۇنلار بىردەمدىن كېيىن بېسىقىپ، ئادەملەر توپى قوللىرىنى چۈشۈرۈپ

داۋاملىق ئىلگىرلەيدۇ، ئاپاراتتا يەردە يۈز - كۆزى قانغا بويالغان، مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقان بىر ئۇيغۇر ياش كۆرۈنىدۇ. ئادەم توپىدىن بىرى «يەنە بىرى» دەيدۇ.

ئاپارات يەنە كەينىگە يېنىپ، بىر قوتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختايدۇ. قوتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ دەرىزىسىدىن ماشىنا ئىچىدە بىر قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ياتقان يەنە بىر جانسىز ئادەم كۆرۈنىدۇ. ئارقىدىن بىر نەرسىنى قاتتىق دۇمبالاپ ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئادەم توپى ئايرىلغاندىن كېيىن، بەش - ئالتە ئادەمنىڭ يەردە قاتار ياتقانلىقى كۆرۈنىدۇ. بىر قانچە ئادەم كېلىپ ئۇلارنى تېپىپ، قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرسىمۇ، يەردە ياتقانلاردىن ئىنكاس چىقمايدۇ.

ھۆكۈمەت شاۋگۈەن ۋەقەسىدە ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما يۇقىرىقى قىسقا سىن ئالغۇ فىلىمگە قارىغاندىمۇ، ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ ئىككىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەزكۇر فىلىم تورغا چىقىرىلغاندا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپى قايناپ كېتىدۇ. شاۋگۈەن ۋەقەسىنى بېسىقتۇرۇشقا قوراللىق ساقچىلار نەچچە سائەت كېچىكىپ كەلگەندىن باشقا، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كېيىنكى پوزىتسىيەسىدىنمۇ مەزكۇر ۋەقەنى ئانچە ئېتىبارغا ئالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىر ئەمەلدار بۇ قېتىمقى قاتىللىق ۋەقەسىنى «ئاددى ئىش» دېگەن، يەنە بىر ئەمەلدار بولسا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەسىلە ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى مەسىلىگە ئوخشايدۇ دېگەن.

28 - ئىيۇن كۈنى يالغان گەپ تارقاتقان خىتاي قولغا ئېلىندى دېگەن ئۇچۇرمۇ كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى باسالمىغان. بۇ قېتىمقى قاتىللىق ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ بىرەر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە سۈكۈت قىلغان. ئۇلار بەلكىم شۇنداق قىلساق، كىشىلەرنىڭ غەزىپى ئۆزلىكىدىن بېسىقىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، دېمەك ئۇلار ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە مەزكۇر ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا ئادالەتسىزلىكلەر ھەققىدە قاتتىق مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى دېگەن گەپ. گەرچە ئەينى چاغدا تور بەتلىرى قاتتىق كونترول ئاستىدا بولسىمۇ، ئىنتېرنېت ئۇيغۇرلار ئۇچۇن نارازىلىقلىرىنى بايان قىلدۇرىدىغان ئەڭ بىخەتەر مۇنبەر بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى ۋەقەگە بولغان قايغۇ ۋە غەزەپلىرىنى ئوچۇق ۋە ئازادە بايان قىلالمىسىمۇ، ئەمما دىيارىم ۋە ئۇيغۇربىز قاتارلىق ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى، تور بېكىتىنىڭ باش بېتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىڭ رەڭگىنى قارا رەڭگە ئۆزگەرتىپ ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن (ئۇيغۇربىز تور بېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىلھام توختى 2014 ـ يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان).

خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ، 5 ـ ئىيۇل كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا توپلىشىپ نامايىش قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغان. بۇ چاقىرىق تېلېفون ئۇچۇرلىرى ۋە ئۇيغۇر توربەكەتلىرى ئارقىلىق كەڭ تارقىتىلغان (ۋەقەدىن كېيىن نۇرغۇن تور باشقۇرغۇچىلار دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان سالدى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈچ يىلدىن ئون يىلغىچە كېسىلىپ كېتىلگەن). نامايىشچىلار چۈشتىن كېيىن سائەت5 تە يىغىلىشقا چاقىرىلغان بولسىمۇ، كىشىلەر سائەت3 تىن باشلاپ مەيدانغا توپلىنىشقا باشلايدۇ. ئۈرۈمچى خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەھەر بولۇپ، ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار شەھەرنىڭ جەنۇبى قىسمىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. جەنۇبى قوۋۇق (نەنمىن) ئاساسەن خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر رايونىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلغا ئوخشاپ قالاتتى. جەنۇبى قوۋۇق خەلق مەيدانىغا يېقىن بولۇپ، نامايىشچىلار خىتايلانى مەركەز قىلغان، ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان يەردە توپلىشىپ نامايىش باشلىغان.

چۈشتىن كېيىن سائەت5 ئەتراپىدا مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر مەيدانغا توپلىشىپ، نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن خىتاي دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرىۋالغان (بەلكىم كېيىنچە بۆلگۈنچى دېگەن قالپاقنىڭ كىيىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن). بۇ قېتىمقى نامايىش ئالدىن ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ساقچىلار ھازىرلىنىپ تۇرغان. ئۇلار گەرچە قاتتىق قوللۇق قىلمىغان بولسىمۇ، نامايىشچىلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. نەخ مەيداندىكى گۇۋاھچىلارنىڭ دېيىشىچە ساقچىلار ئۇلارغا ۋارقىراپ، رەسىمگە

تارتىپ، سىن ئالغۇغا ئېلىپ، بەزىلىرىنى تۇتۇپ كەتكەن. مۇشۇ جەرياندا تېخىمۇ كۆپ ئادەم مەيدانغا جەم بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا قاراپ يول ئالغان. ئون نەچچە قەۋەت بىنانىڭ ئۈستىدىن تارتىلغان سىن ئالغۇ سۈرەتلىرىدىن نامايىشچىلارنىڭ يول ياقىسىغا توختىتىلغان ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كوچا بويلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىنالاردىن ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ۋە ئىسقىرتىشلىرىنىڭ ساداسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

خەلق مەيدانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ خەۋىرى تېز تارقىلىدۇ. نامايىشچىلار شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، يولدا ئۇلارغا باشقىلارمۇ قېتىلىپ ماڭىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 6:30 دا نامايىشچىلارنىڭ شەھەرنىڭ شىمالى قىسمىغا مېڭىشىنى توسۇش ئۈچۈن قۇرغان توساقتىكى ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ (شىمالى تەرەپكە خىتايلار مەركەزلەشكەن). خۇددى خەلق مەيدانىدىكىدەكلا ساقچىلار قوپاللىق بىلەن نامايىشچىلارنى قولغا ئېلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ قورقۇتۇشقا ئۇرۇنغان. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە ساقچىلاردىن باشقا يەنە ھەربىلەرمۇ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قوپاللىق قىلغان. نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا ساقچىلار نامايىشچىلارغا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىپ، ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ، ھەتتا ئادەمگە ئۇدۇل ئوق چىقارغان. نامايىشچىلار زادى قايسى قەدەمدە ساقچىلارغا تاش - كېسەك ئېتىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق، ئەمما تاش - كېسەك ئېتىش بىلەن بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ خاراكتېرى تۇيلاڭغا ئۆزگەرگەن.

ھەربىي ۋە ساقچىلار نامايىشچىلارنى چېكىندۈرۈپ دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا ئىتتىرىپ بارغاندىن كېيىن، توساتتىن كۆزدىن غايىپ بولۇشقان. نامايىشچىلار دۆڭ كۆۋرۈكتىن باشلاپ قىسمەن خىتاي ۋە مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشايدىغان مەھەللىلەرگە يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش شۇندىن كېيىن باشلانغان. نۇرغۇنلىغان خىتاينىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، بەزىلىرى نامايىشچىلارغا ئۇچراپ قالغىنى ئۈچۈن تاياقنىڭ ئۇۋىيكتى بولغان، بەزىلىرى نامايىشچىلار قاتناشىنى توختىتىش ئۈچۈن قۇرغان توسۇقلاردا زەربىگە ئۇچرىغان، خىتاي شوپۇرلارنى ماشىنىلىرىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ

قاتتىق ئۇرغان. ماشىنا ۋە قورۇلۇشلارغا ئوت قويۇلۇپ، مالىمانچىلىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. مالىمانچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق كىچىككە داۋاملاشقان. قىسمەن شەھەر ئاھالىسى گەرچە كېچىدە قورال ئېتىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ھەربىي ۋە ساقچىلار زادى كېچىچە قەيەردە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ۋەقەدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ باياناتى ئېلان قىلىپ، ساقچىلارنىڭ 12 نامايىشچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، شۇ كۈنى ئۆلگەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە ساقچىلارنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن.

## ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى

ئەتىسى ئەتىگەندە كوچىلاردا ئەينەك پارچىلىرى ۋە قان داغلىرى كۆرۈنگەن بولۇپ، ئوت قويۇۋېتىلگەن ماشىنا ۋە دۇكانلاردىن تېخىچە ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. پۈتۈن شەھەر ھەربىي ھالەت ئاستىدا قالغان. كوچىلارنى قوراللىق ساقچى ئەسكەرلىرى ماشىنىلار بىلەن چارلاپ، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇپ تازىلاش ئېلىپ بارغان. كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ 20 مىڭ ساقچى ۋە ئەسكەرنى سىرتتىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىكتۇەنلىك خىتايلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت «ئەيپاچتى» گەپلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن تېلېفون ئۇچۇر ۋە خەلقئارا تېلېفون مۇلازىمىتىنى كۆسۈۋېتىپ، تورنى توختىتىپ قويغان. شۇندىن تارتىپ ئۈرۈمچىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى تاكى بىر يىلغىچە تامامەن ئۈزۈۋېتىلگەن.

زادى قانچىلىق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى تېخى تولۇق ئېنىقلانمىغان بولۇپ، 150 چە ئادەم قازا قىلغان دەپ پەرەز قىلىنغان (كېيىنچە ھۆكۈمەت تەرەپ 197 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان). دۆلەتلىك تېلېۋىزور قاناللىرى نامايىشچىلارنىڭ خىتايلارنى ئۇرۇپ، تېپىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى تەكرار كۆرسىتىپ تۇرغان. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى دوختۇرخانىلاردا سىنىغا ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، باش - كۆزى قانغا بويالغان

ياردالارنى كۆرسەتكەن. دوست - بۇرادەرلىرى باققالنىڭ ھارۋىسىغا بېسىپ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن ئىككى ياردار ھارۋا ئۈستىدە ياتاتتى. ھامىلدار ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان تۇت ياشلىق بىر كىچىك بالا بېشىدىكى يارا ۋە ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئانىسىغا ئوق تەگكەندە بۇ نارسىدە ئانىسىنىڭ بارمىقىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئەمەلدارلىرى مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەندە بۇ ۋەقە بىلەن شاۋگۇەن ۋەقەسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىك ۋە ئارزۇ - تەلەپلىرىنى قىلچىمۇ ئاغزىغا ئېلىپ قويمىغان. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ مەزكۇر ۋەقە ھەققىدىكى بىر باياناتى بۇنى «دۆلەت سىرتىدىكى كۈچلەر قۇتراتقۇلۇق قىلغان، دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنسىز جىنايەتچى كۈچلەر ئېلىپ بارغان، تەشكىللىك زوراۋانلىق ھەرىكىتى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمەت ئاخبارات ئورگىنى بولغان شىنخۇا ئاخبارات ئورگىنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن رابىيە قادىرنى ئەيىبلىگەن. ۋاڭ لېچۈەن بۇ قېتىمقى توپىلاڭ «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ زوراۋان، تېررورچى ۋە بۆلگۈنچىلىك ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. بۇ قان بىلەن يەكۈنلەنگەن ساۋاق بولدى» دېگەن.



رابىيە قادىر ئۆزىگە ئارتىلغان بۇ بوھتانلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەت قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى ۋەقە بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن خىتاي قاتىللىرىغا قانۇنى جازا بەرمەسلىكى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شاۋگۇەندە ئۆلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن گۇمانلىنىپلا قالماي، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە خىتاي قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن 400 ئۇيغۇرنى ئۆلگەنلەر قاتارىدا ئېلان قىلمىغان دەپ ئەيىبلىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى كېيىن ئۆزلىرىدە رابىيە قادىرنىڭ توپىلاڭچىلارغا تېلېفون قىلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، تېلېفوندا رابىيە قادىر ئىنىسىغا «نامايىشچىلار يۈرەكلىك بولسۇن، ئىشنى چوڭايتسۇن دەپ يەتكۈزۈڭ» دېگەن دەپ ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆرگەن. ئەمما بۇرۇنقىدەكلا بۇ دېگەنلىرىنى دەلىللەيدىغان ھېچ قانداق ئىسپات كۆرسىتەلمىگەن. رابىيە قادىر شۇ كۈنى تېلېفۇن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما، تېلېفوندا ئىنىسىغا شۇ كۈنى ئۆيدىن چىقماي جىم ئولتۇرۇشنى تاپىلىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. خىتاي ھۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرىدا رابىيە قادىرنى قارىلاش تەشۋىقاتى ھەپتىلەپ داۋاملىشىپ، خىتاي پۇقرالىرىغا بىر نەپرەت ئوبيېكتى تىكلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن رابىيە قادىرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەرتىۋىسىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتكەن. چۈنكى تاكى شۇ چاغقىچە ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتى جېف دانىئىل ئىشلىگەن رابىيە قادىرنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ مېلبۇرن فىلىم فېستىۋالىدا كۆرسىتىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشى رابىيە قادىرنىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزىنىمۇ كېڭەيتىۋەتكەن. مەن مۇشۇ كىتابقا ماتېرىيال توپلاۋاتقان چېغىمدا جېف بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئىدىم. ئۇ فېستىۋالنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە مەزكۇر فىلىمگە مەبلەغ چىقارغان ئاۋستىرالىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خىتاي تەرەپتىن قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ ئاۋستىرالىيەگە قىلىدىغان سەپىرى يېرىم يىل كېچىكتۈرۈلگەن، مەزكۇر فېستىۋالنىڭ تور بېكىتىمۇ خەككىرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. دانىئىلنىڭ ماڭا دېيىشىچە ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ شەخسىي تور بېتى داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۇچراپ كەلگەن. خىتاي گەرچە ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىككىنچى چوڭ تىجارەت شېرىكى بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن بېسىمغا باش ئەگمىگەن، ئەمما قىسمەن دۆلەتلەر خىتايدىن قورقۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان. دانىئىلنىڭ دېيىشىچە، جەنۇبىي كورىيەلىك بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭغا «خىتاي بىزنىڭ ئەڭ چوڭ تىجارەت شېرىكىمىز، بىز سەن ئىشلىگەن بۇ فىلىمنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە پېتىنالمايمىز» دېگەن.

ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار توپىلاڭنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇن ئۆتمەي تونۇپ يەتكەن. خۇددى 1990 - يىلدىكى بارىن ۋەقەسى،

1997 ـ يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىگە ئوخشاشلا، ۋەقەدىن كېيىنكى ھەپتىلەردە خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركۈملەپ ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغان. 6 ـ ئىيۇل كۈنىلا 1500 ئەتراپىدا كىشى تۇتۇلغان. كىشىلىك ھوقۇق نازارىتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق بىتەرەپ خەلقئارا تەشكىلاتلىرى مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە چىقارغان دوكلاتىدا خىتاي قۇراللىق كۈچلىرى ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، تۇتقۇن قىلغاندا قوللانغان قوپال ۋە ۋەھشىيانە ۋە رەھىمسىز ۋاسىتىلىرىنى ۋە زوراۋانلىقلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ دېگەنلىرىنىڭ راسلىقى كېيىنچە يۇتۇپقا چىقىرىلغان بىر سىن ئالغۇ فىلىمىدا دەلىللەنگەن. مەزكۇر كۆرۈنۈش خىتاي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۈچۈن سىنغا ئېلىنغان بولسا كېرەك، فىلىمدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن قوللىرىغا كويزا سېلىپ، سۆرەپ ئېلىپ چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بەزىلەرنىڭ كىيىمۇ يوق، بەزىلەرنىڭ ئىشتىنى تىزىغا سىرىۋېتىلگەن، بەزىلىرىنىڭ كۆزىنى توسۇش ئۈچۈن كۆينىكى بېشىغا كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، ھەممىسى يەردە دۈم ياتقۇزۇلغان كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئەسكەرلەر بىر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەندە، مۇخبىر كىرگۈزۈلمىگەن بولۇپ، بىر ئوفىتسىر بىر ئۇيغۇر ياش تاياق يەۋاتقان مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇپ «بۇ ھېچ قانچە ئىش ئەمەس» دەيدۇ. بەزى ياشلار بەدىنىدە يارا ئىزى بار ياكى ۋەقە چىققان كۈنى كېچىسى ئۆيگە كىرمىگەن دېگەن بانا بىلەن قولغا ئېلىنغان، باشقىلىرى بولسا ھېچ قانداق سەۋەبسىزلا تۇتۇلۇپ كېتىلگەن. كېيىنچە، بەزى تۇتقۇن قىلىنغان ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن باللىرىنى تۈرمىدىن چىقىرىشقا ياكى دوختۇردا داۋالىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تۆلەش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئېلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشىدا بەلكىم سىياسىي مەقسەتتىن باشقا ئىقتىسادىي مەنپەئەتمۇ سەۋەب بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گەرچە تۈركۈملەپ ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ، چەت ئەلدىكى كۈچلەرنى ئەيىپلەش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان ۋاسىتىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن چەت ئەل مۇخبىرلىرىنى ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈپ، ئەركىن خەۋەر بېرىشكە يول قويۇشى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى

مەقسىتى بەلكىم چەت ئەل مۇخبىرلىرىغا يارىلانغۇچىلارنى ۋە شەھەردىكى ۋەيرانچىلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، تاشقى دۇنيانىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرىگە ھېسداشلىق قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدىكى بۇ خىل ئاشكارا ئۇچۇر بېرىش گەرچە ماختاشقا ئەرزىسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى كېيىن ھېس قىلىشقان بولۇپ، شۇندىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە چەت ئەل مۇخبىرلىرىغا ھەرگىز ئۇچۇر بېرىلمەيدىغان بولغان. نۇرغۇن مۇخبىر خۇددى ئۇلار كۈتكەندەك يارىدارلارنى زىيارەت قىلىپ، ۋەيرانچىلىقلارنى كۆرسىتىپ، نەخ مەيداننى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمەي، شەھەر ئاھالىسى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، بەزىدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دېگەنلىرىگە گۇمان بىلەن قارىغان. مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىلا قازا قىلغانلارنىڭ ھەقىقىي سانى، ھۆكۈمەتنىڭ قورال ئىشلىتىشى ۋە توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىگەن، ئەڭ مۇھىمى، 7 ـ ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چەت ئەللىك مۇخبىرلار خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان ئىككى مۇھىم ۋەقەنىڭ شاھىدى بولۇپ قالغان.



مۇخبىرلارنىڭ ئۈرۈمچىدە زىيارەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئۆزى يۇقىرىقى ئىككى ۋەقەنىڭ بىرىنچىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان بولۇشى. ھۆكۈمەت تەرەپ مۇخبىرلارنى باشلاپ ۋەقە چىققان رايونغا زىيارەتكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشايدىغان بازارغا يېتىپ كەلگەندە بازاردىكى ئاياللار ئۇلارنى كۆرۈپ ھەممىسى يىغا ـ زارە قىلىشقا باشلىغان. ئاياللارنىڭ بىرى «ئاخشام ساقچىلار ئېرىمنى تۇتۇپ كەتتى، نېمە ئۈچۈن تۇتۇلدى، نەگە ئېلىپ كېتىلدى بىلەلمىدۇق» دېگەن. ئادەم توپى تېزلا 200 دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى قوللىرىنى شىلتىپ، ۋارقىراپ دات ئېيتقان. نۇرغۇنلىرى تۇتۇلۇپ كېتىلگەن ئەرلىرىنىڭ سۈرىتىنى ياكى كىملىك كارتىسىنى كۆتۈرۈۋالغان. ئامانلىق خادىملىرى نامايىشچىلارنى ئارقىسىغا ياندۇرۇشقا ئۇرۇنغان، بەزى ساقچىلار تاياق ۋە قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ نامايىشچىلارغا خىرىس قىلىپ، ئېتىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، باشلىقلىرى خەلقئارا ئاخبارات

مۇخبىرلىرى ئالدىدا، قولىدا تۆمۈرنىڭ پارچىسى يوق نامايىشچىلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئۆلارنى توسۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ، جېدەل چىقىش ئېھتىمالى بار ئىدى، ئەگەر ھاسىغا تايانغان بىر ياشانغان ئايال ئۆتتۇرىغا چىقمىغان بولسا بۇ نامايىشمۇ بەلكىم توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ گاردىيان گېزىتىنىڭ مۇخبىرى تانىيا بىرانگەن بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

«توپ ئېچىدىكى ياشانغان شەھەر ئاھالىلىرى ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ ۋەزىيەتنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپ تۇرغان چاغدا ئۇ ئايال دادىل قەدەملەر بىلەن ساقچىلار ۋە بىرۇۋنىكلەر سەپ تارتىپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ سەپنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە توختىدى. بىرۇۋنىك شۇپۇرى مۇتۇرنى ئوت ئالدۇردى. خېلى بىر مەزگىلگىچە ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرگە قاراپ جىم تۇرۇشتى. ئاندىن بىرۇۋنىك ئاستا ـ ئاستا كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى، ئەسكەرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئالدىغا ماڭدى، ئەسكەرلەر كەينىگە چېكىندى. گەرچە بىر ئۇفېتسىر ئۇنى توختاشقا ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، ھىلقى ئايال ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى».

276

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت سەل جىمىپ، كوچىلار ۋاقىتلىق جىمىپ كېتىدۇ. ئەمما چۈشتىن كېيىن، كوچىلار يەنە غەزەپ سادالىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا قوللىرىغا تاياق ـ تۇقماق ۋە خەنجەر كۆتۈرىۋالغان خىتايلار ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. نۇرغۇنلىرى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرنىڭ جەنۇبى قىسمىغا بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇنغان. مۇخبىرلار ئۇلاردىن نىمە ئۈچۈن كوچىغا چىققانلىقىنى سورىغاندا بەزىلىرى قايتا ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ چىقتۇق دەيدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئۆچ ئېلىشقا چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىر خىتاي: «ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلدى، ئەمدى بىزگە نۆۋەت كەلدى» دەيدۇ. قولىغا تۆمۈر ـ تۇقماق كۆتۈرىۋالغان بىر خىتاي فرانسىيە مۇخبىرىغا: «ئۇيغۇرلار بىزنىڭ مەھەللىمىزگە كىلىپ ئۇرۇپ، چىقىپ كەتتى، ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە كەلدۇق» دەيدۇ.

ساقچىلار گەرچە نۇرغۇن خىتاي ھۇجۇمچىلىرىنى توسۇپ قالالىغان

بولسىمۇ، ئەمما بەزىلىرى ساقچىنىڭ توسۇقىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرىنى چېقىپ، ئوت قويۇپ، بوتكىلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇرۇپ ـ چېقىپ، كىشىلەرنى يارىلاندۇرغان ۋە ئۆلتۈرگەن. ئۈرۈمچىدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تېخى داۋاملىشىۋاتقان چاغدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تور بېتىدە «بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن قوچقىدىكى بوۋاق بالىسى خىتايلار تەرىپىدىن پارچىلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن... ئىككى قىز ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپ، دەرەخكە سانجىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇلغان...» دېگەندەك بىر قاتار ھەددىدىن ئاشقان ھېسسى خەۋەرلەر چىقىرىلغان بولسىمۇ، ھېچ قايسىسىنىڭ راسلىقى ئىسپاتلانمىغان (كېيىن بۇ خەۋەرلەر تور بېتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن).

قوراللىق كۈچلەر نۇرغۇن ئۇيغۇر رايونلىرىنى خىتاي ھۇجۇمچىلاردىن قوغداپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ كەسكىن بولماسلىقىدىن ھۆكۈمەتنىڭ خىتايلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى قولىغا تاياق ـ توقماق كۆتىرىۋالغان خىتايلارنىڭ قولىدىكى قوراللىرى تارتىۋېلىنمىغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى لى جىنىڭ ساقچى ماشىنىسىدا كېلىپ، توپىلاڭچىلارنى ئۆيگە قايتىشقا چاقىرىپ، ئاندىن: «رابىيە قادىرنى يوقىتايلى» دەپ شوئار توۋلاشقا يېتەكلىشىدىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىزلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمما قىسمەن ساقچىلارنىڭ خىتاي ھۇجۇمچىلىرى بىلەن ھەمكارلىششى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر سىن ئالغۇ فىلمىدىكى كۆرۈنۈشتە يۈزلىگەن خىتاي بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى، بىر خىتاي ئەسكىرى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن خىتاي توپىلاڭچىلىرىغا توقماق ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈش تارتىلغان بولۇپ، بۇ تاياق خىتاي ھۇجۇمچىلىرى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغاندا كۆتۈرىۋالغان توقماقلارغا ئوخشايتتى. بۇنىڭ ئايرىم ھادىسە ياكى ئەمەسلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ساقچى ۋە ئەسكەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىتەرەپ ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بىر خىتاي ئوفىتسېرىنىڭ چەت ئەل مۇخبىرىغا: «سىلەر نېمىدەپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر تارقىتىسىلەر؟ ئۇيغۇرلار 100 خىتاينىڭ بېشىنى كېسىۋەتكەن تۇرسا» دېگەن سۆزىدىنمۇ ئۇلارنىڭ

بىتەرەپ ئەمەسلىكنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

7 ـ ئىيۇل كۈنىدىكى زوراۋانلىق ھۇجۇملىرى ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقەتەن يامانلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئىككى مىللەت ئۆزئۆزىدىن بىرى بىر ـ بىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ ھەم چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى توقۇنۇشلار كۆپ ھاللاردا شەخسلەر ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا بىلەن چەكلەنگەن. بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا كوچىلاردا خىتاي شوپۇرلىرىنى توسۇپ ئۇرغان ئۇيغۇرلار، ۋەياكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان خىتايلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىق، قارشى تەرەپ ئۆز مىللىتىدىن بولمىسىلا ھۇجۇم ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. 2009 ـ يىلى ئىيۇلدىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۇچۇر ـ خەۋەرلىرىگە، لوزۇنكىلىرىغا، كوچىلاردىكى زۇۋۇكلاردا ۋارقىراشلىرىغا ۋە كوچىلارنى چارلاۋاتقان ساقچى ماشىنىلىرىدىن قويۇلىۋاتقان تەشۋىقاتلىرىغا ھەر ئىككى تەرەپ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ۋەھشىلىكلىرى ھەققىدە گەپ تارقىتاتتى. بىر خىتاي سودىگەر ئايال تۇماس جېففا بىر كىچىك ئۇيغۇر قىز بالىنىڭ يەردە ھوشسىز ياتقان خىتاينىڭ بېشىغا قىش بىلەن ئۇرۇپ مېڭىسىنى چېچىۋەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. گەرچە ئۇ ئايالنىڭ ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى توقۇلما، يالغان گەپلەر بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر يامانلاشقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىيۇل ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش داۋاملاشقان بولۇپ، بۇقېتىمقى تۇتقۇن ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 6 ـ ئىيۇلدىكىدەك قارىغۇلارچە ئەمەس، بەلكى نۇقتىلىق تۇتقۇن قىلىنغان. ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى جەنۇبتىن چىقىپ ئۈرۈمچىنىڭ خىجاشەن نامراتلار رايونىدا توپلىشىپ ياشاۋاتقان كۆچمەن ئۇيغۇرلارغا ئارتقان. ۋاڭ لېچۈەن: «بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشقان ئاساسلىق ئۇنسۇرلار، سەرگۇر ئورۇنلاردا توپلىشىپ ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەخلەتلىرىدىن ئىبارەت... نەچچە يىللاردىن بېرى ئىچكى بۆلگۈنچىلەر ئاشۇ يەرلەرگە توپلاشقان» دېگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى راسلا بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن

بولغانمۇ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى ئاخباراتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي نارازىلىقىنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان. 2010 - يىلى مەن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغىنىمدا ئۇرغۇن مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى ۋەقەگە ئاساسەن كوچىلاردا ئۇششاق تىجارەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋاڭ لىچۈەن دېگەندەك جايلاردا توپلىشىپ، نامراتلىق ئىچىدە ياشايتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۈرۈمچى جەمئىيىتىدىكى ئەڭ نامرات ۋە چەتكە قېقىلغان ئىجتىمائىي تەبىقە بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە چەتكە قېقىلغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان.

ئۇيغۇرلار نەچچە ئون يىلدىن بېرى خىتايلارنىڭ قاتتىق ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە دىنى بېسىمىغا ئۇچرىغىنى ئۈچۈن، تاقىتى چېكىگە يەتكەندە پارتلاپ چىقىشىمۇ تەبىئىي. ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى نامايىش پەقەت شاۋگۈەن ۋەقەسىگە بولغان نارازىلىقلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئادالەتسىزلىكلەرگە بولغان نارازىلىقلىرىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تىنچ نامايىشقا قاتتىق قوللۇق مۇئامىلە قىلمىغان بولسا بەلكىم توقۇنۇشقا ئايلانمىغان بولار ئىدى. مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى توغرا بولغان دېمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت قانداق بولۇپ بىر تىنچلىق نامايىش قانلىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە چۈشەنچە بېرىشكە ئۇرۇندۇم، خالاس.

279

ھۆكۈمەت تەرەپ ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شاۋگۈەن ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك 15 خىتاينىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇلاردىن ۋەقەگە قاتناشقىنى ئۈچۈن 13 خىتاي، ئىككىسى يالغان گەپ تارقىتىپ ۋەقە چىقىشقا سەۋەب بولغان دەپ تۇتۇلغان (بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، يەنە بىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن). ھۆكۈمەت خىتايلارنى جازالاپ، شەھەر كوچىلارغا بولغان نازارەت كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشىلانمىغان.

# «ۋاڭ لېچۈەن ئۆلتۈرۈلسۇن»

ئاۋغۇست ئېيىدا ئۈرۈمچى ئۆسەك سۆزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، شارائىت ئەپقاتچى گەپلەرنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولغان. ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، تور بەتلىرىنىڭ ئېتىۋېتىلىشى شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئۈچۈن ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىشەنمەسلىكى تۈپەيلى ئاسانلا ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغان.

شۇڭلاشقا ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كىشىلەرگە يىڭنە بىلەن ھۇجۇم قىلىنىۋېتىپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىش بىلەن پۈتۈن شەھەر ۋەس - ۋەسىگە چۈشۈپ كەتكەن. يىڭنە سانجىۋاتقانلارنىڭ كىملىكىنىڭ ئېنىقسىز بولۇشى مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتكەن. كېيىنكى ھەپتىلەردە يىڭنە سانجىش داۋاملىشىپ ماڭغان، ئەمما يىڭنە سانچىلغانلاردىن ھېچ قانداق ئېغىر ئاقىۋەت چىقمىغان. خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ يىڭنە سانجىشنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن. ھۆكۈمەت تەرەپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن (خىتاي نوپۇسى كۆپ بولغاندىكىن ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ)، ئەمما باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ يىڭنە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 3 - سىنتەبىر كۈنى دوختۇرخانىلار 531 ئادەمنىڭ يىڭنە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق دەپ دوختۇرخانىغا كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما ھەممىدىن ئاجايىپ يېرى شۇكى بۇ ئاتالمىش يىڭنە سانجىش ۋەقەلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى ئەمەلىيەتتە ساختا ئويدۇرما بولۇپ چىققان. دوختۇرلار تەكشۈرگەندە ئاران بەشتەن بىر قىسمىنىڭ بەدىنىدە يىڭنىنىڭ زەخمە ئىزىگە ئوخشاش يارا كۆرۈنگەن بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ بەدىنىدە پاشا چېقىۋالغان يارىلار ياكى ھېچ قانداق يارا چىقمىغان. بەزىلىرى ھۆكۈمەت يىڭنە سانجىلغانلارغا تۆلەم تۆلەپ بېرىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. قورقۇنچ، ئىجتىمائىي جىددىيچىلىك ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى پۇرسەتپەرەسلىك ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم زىددىيەت پەيدا قىلغان.

2 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ شەھەر كوچىلىرىدا چاپلانغان لوزۇنكىلاردا يىگنە سانجىش ھەرىكىتىنى «ئېغىر تېررورلۇق جىنايىتى، بۇ شەھەرىمىزنى تىنچ ئىجتىمائىي ۋە ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان» دەپ تەشۋىق قىلىنىشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرىۋەتكەن. ھەتتا ھۆكۈمەت تەرەپ شەھەر خەلقىگە تېلېفون ئۇچۇرى ئەۋەتىپ، يىگنە سانجىش ۋەقەسى 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ داۋاملىشىشى دەپ ئۇقتۇرغان. بۇمۇ خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئۆزىنى تېررورلۇقنىڭ قۇربانى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئوخشاش، كىشىلەردە يېتەرلىك قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، بىخەتەرلىكنى بانا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا بولغان كونتروللۇقنى چىڭىتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە بۇ خىل ۋاسىتىنىڭ ئۈنۈمى 2000 ـ يىللاردا ئومۇمەن ياخشى بولغان بولسىمۇ، ئەمما داۋاملىق مۇشۇنداق خەتەر تۇيغۇسى پەيدا قىلىشنىڭ يەنە بىر ئەكسى تەرىپى، بولۇپمۇ خىتايلار ئارىسىدا تېخىمۇ مالىمانچىلىققا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.



نەتىجىدە 2009 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر كۈنى 10 مىڭ ئەتراپىدا خىتاي جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) ئەتراپىغا توپلىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىيالمىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان. بۇ قېتىمقى نامايىشتا ھەممىسى ۋاڭ لېچۈەندىن نارازى بولغان. ئەمما بۇ خۇددى مەسخىرە قىلغاندەك بىر ئىش بولغان، چۈنكى ۋاڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا قاتتىق قوللۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۇنى 1930 ـ يىللاردىكى جاللات شىڭ شىسەيگە ئوخشىتىپ «ۋاڭ شىسەي» دەپ لەقەم قويغان ئىدى. نامايىشچىلار «خىتايلارنىڭ غەزىپى تاشتى! ۋاڭ لېچۈەن ئۆلتۈرۈلسۇن! دەپ شوئار تۈۋلاشقان. ۋاڭ لېچۈەن ئۆزى چىقىپ، نامايىشچىلارنى بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچ كىم ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭغا سۇ بوتۇلكىلىرىنى ئاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىلاجسىز ساقچى ۋە ھەربىلەر كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنى ئېتىپ، ئۇلارنى مەجبۇرى تارقىتىۋەتكەن. بۇ مالىمانچىلىقتا 5 ئادەم ئۆلۈپ، 14 ئادەم يارىلانغان.

نەچچە ئون يىلدىن بىرى بۇ خىتايلارنىڭ تۇنجى قېتىم يەرلىك ھۆكۈمەتكە

قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىشى ئىدى (بۇنىڭدىن بۇرۇن 1979 - يىلى شاڭخەيلىكلەر يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلىپ مۇشۇنداق چوڭ كۆلەملىك يىغىلىش قىلغان). شىنجاڭ ھۆكۈمىتى خىتايلارنىڭ نارازىلىقىغا ئىنتايىن تېز ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىگە بولغان ئاستا ئىنكاسىنىڭ تامامەن ئەكسى بولغان. ۋەقەدىن كېيىن ساقچىلار خىتاي مەھەللىلىرىگە باستۇرۇپ بېرىپ ئادەم تۇتىدىغان ياكى چەت ئەللىك كۈچلەر بۇ خىتايلارغا قۇتراتقۇلۇق قىلغان دەپ ئەيىپلەيدىغان ئىشلار بولمىغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي توت ئۇيغۇر جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت سالغان دېگەن جىنايەت بىلەن سوت قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئۆچى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى بەڭگىلەر ئىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ يېڭنە سانجىش ۋەقەسىنى مۇشۇلار پىلانلىق ھالدا ئىككى مىللەت ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئېلىپ بارغان جىنايەت دەپ ئېلان قىلغان. ھۆكۈمەت يەنە ئەگەر شپىرىسكە زەھەرلىك دورا ياكى باشقا زىيانلىق ماددىلارنى قاچىلاپ، باشقىلارغا سانجىغان جىنايەتچىلەر بايقالسا ئۇلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ۋەقەدىن كېيىن، ۋاڭ لېچۈەن گەرچە دەرھال ئەمىلىدىن ئېلىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سېكرېتارى لىجى، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ ياۋخۇا قاتارلىق مۇھىم ئەمەلدارلار ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاينىڭ شىنجۇا ئاگېنتلىقى مەخسۇس خەۋەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، باغچىدا توپلىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان 60 چە خىتاي ۋە بالىسى بىلەن ساتكا توپ ئويناۋاتقان بىر دادىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەقەدەر تىنچ ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلغان. ئەمما مۇشۇنداق تەشۋىقاتلارمۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۇزۇندىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان خىتايلارنىڭ ۋەقەدىن كېيىن تۈركۈملەپ خىتايلار توپلاشقان شەھەرنىڭ شىمالى قىسمىغا كۆچۈپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىغان.

شۇ يىلى ئۆكتەبىردە 5 - ئىيۇل ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىق ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىشمۇ ئۈرۈمچىدىكى خىتايلارنىڭ نارازىلىقىنى بېسىقتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن بولغان بولسا كېرەك. بۇ قېتىمقى ھۆكۈم ئىلان قىلىش يىغىنىدا ئالتە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، بىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە بېسىپ بېرىپ ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىشقا قاتناشقان خىتايدىن بىرىمۇ يوق ئىدى.

توپىلاڭنى بىر تەرەپ قىلغاندا شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى يۇزەكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»نىمۇ يوق قىلغان. گەرچە بۇ ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن شوئارغا شىنجاڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەزەلدىن ئېتىبار بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان سىياسەتلىرى ۋە پوزىتسىيەسىدىن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىچكىرىدىكى خىتايلارغا شىنجاڭنىڭ بىخەتەر جاي ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق جاي ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇش ئىكەنلىكى روشەنلەشتۈرۈلگەن. «ئېچىۋېتىش» دەۋردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى (شۇنداقلا پۈتۈن خىتاي دۆلىتىنى) ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىتىنىڭ ماۋ زېدوڭ زامانى بىلەن بولغان ئەڭ مۇھىم پەرقى، ماۋ دەۋردە خىتايلارنى مەجبۇرلاپ شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىشقا بولاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا، ھۆكۈمەت گەرچە رىغبەتلەندۈرسىمۇ، ئەمما كۆچمەن ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسەن ئۆز رازىلىقى بىلەن شىنجاڭغا چىققان. خىتايلار گەرچە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ھالقىلىق كۈچ بولۇپ ھېسابلانسىمۇ (خۇددى ما دا جىڭ ئىلگىرى سۆزلىگەندەك)، خىتاي ھۆكۈمىتى كۆچمەنلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ تۇراقسىز ھەم نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. «ئېچىۋېتىش» دەۋردە شىنجاڭغا چىققان خىتايلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە شىنجاڭدا ئۇزۇن نەچچە يىل تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى بۇ يەرلىك دەپ قارىماي، دائىم ئانا يۇرتىنىڭ باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرغان. دېمەك، مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ داۋاملىق ھالدا شىنجاڭدا تۇرۇشىدىكى سەۋەب پەقەت فونكسىيەلىك سەۋەبلەر ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۈرۈمچى ۋەقەسى خىتايلار ئارىسىدا پەقەت شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىدىن

گومانلىنىدىغان قاراش پەيدا قىلىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ قاتتىق سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىدىن ئەنسىرەش شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن بولۇپ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا شىنجاڭغا كېلىدىغان ساياھەت گۇرۇپپىسىنىڭ 98 پىرسەنتى پىلانىنى بىكار قىلغان. نەتىجىدە نۇرغۇن ئۇششاق تىجارەتلەر ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان. تور ئالاقىسىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى (تاكى 2010 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە تور ئېچىلمىغان)مۇ شىنجاڭنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۆي مۈلۈك تىجارىتى ئاستىلاپ، ئۆي باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئانچە تەسكە توختىمىغان. خىتايلارنىڭ سىنتەبىردىكى نامايىشىدىن كېيىن، شەھەر كوچىلىرىدا ۋە ئاپتوۋۇز بېكەتلىرىدە كۆپلەپ نازارەت ئاپاراتلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، شىنجاڭ مىقياسىدا پويىز ۋە ئاپتوۋۇز بېكەتلىرىدە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ماشىنىلىرى ۋە تەكشۈرۈش توسۇقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كوچىلاردا ساقچى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سانى روشەن كۆپەيگەن. 2010 - يىلى ئاپرىلدا ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا ئون مىنۇت ئىچىدىلا 45 ساقچى ۋە ھەربىي، ئۈچ ساقچى مارشۇتكىسى (كىچىك ئاپتوۋۇز) ۋە ئىككى ھەربىي ماشىنىسىنى ئۇچراتتىم.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەربىلەر ئەڭ قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇلار ئۈستىگە قارا رەڭلىك ئوقتىن مۇداپىئە قىلىدىغان كىيىم كىيىپ، قوللىرىغا ئاپتومات ئېلىپ، كىشىلەر توپىنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، چارلاش ئېلىپ باراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي بولۇپ، يېقىندىن بېرى ساقچىلىققا قوبۇل قىلىش شامىلى كۆتۈرۈلگەچ، ساقچىلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان. ئەمما ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى خىتايلارنى ئاساس قىلغان رايونلاردا بولسا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەسكەر ۋە ساقچىلار ئاساسەن ئىنتايىن ئاز بولۇپ، يوق دېيەرلىك ئىدى.

رەسمىي ساقچى ۋە ئەسكەرلەردىن باشقا كوچىلاردا يەنە بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان، ئۈستىگە رەڭلىك ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان ئامانلىق

www.uyghurkitap.com

ساقلىغۇچىلارمۇ كۆپىيىپ كەتكەن. بۇ ئامانلىق ساقلىغۇچىلار ئاساسەن مىلىيۇەن مائاش بېرىلىدۇ دېگەن تەشۋىقاتقا ئاساسەن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھېچ قانداق ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىمۇ ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ خاراپلىشىپ كەتكەن ھايۋاناتلار باغچىسىغا بارغىنىمدا، بۆرۈن تۈس قامالغان يەرنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۈچ ئامانلىق خادىمىغا نەزىرىم چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى يۈزىنى گېزىت بىلەن يېپىۋېلىپ ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، قالغان ئىككىسى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ھەر ئىككىسى ئوتتۇرا ياشلىق، كىلەڭسىز ئادەملەر بولۇپ، تەقى - تۇرقىدىن ھەرگىزمۇ تەربىيە كۆرگەن ئەسكەردەك كۆرۈنمەيتتى.

مەن ئۇلاردىن خىزمىتىنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا بىرى: «ئەلۋەتتە، چۈنكى بۇ بەك مۇھىم خىزمەت» دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان يەنە بىرى: «توغرا دەيدۇ» دەپ قەددىنى رۇسلاپ: «ھەر قانداق بىر ئىش چىقىپ قالسا بىز توسۇپ قالالايمىز» دەپ قوشۇپ قويدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تەلەتىگە قارايدىغان بولسا، كىچىكىنە بىر شەپە چىقىپ قالسىمۇ بەدەر تىكىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق.

گەرچە بۇ ئامانلىق قوغدىغۇچىلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. كىچىلىرى ساقچى ۋە ھەربىي ماشىنىلىرى كوچىلارنى چارلاپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەتراپىدا بەكرەك كۆپ ئىدى (چۈنكى 5 - ئىيۇل نامايىشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ يەردىن كەلگەن).

بىخەتەرلىك چارىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن 700 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غۇلجا شەھىرىدىمۇ نازارەت كۈچەيتىلگەن. كوچىلاردا ھەربىي ۋە ساقچىلار يامراپ، ھەممە يەردە توسۇق قويۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن ماشىنا ۋە پىيادىلەرنى توسۇپ تەكشۈرىدىغان بولغان. ئاپتوۋۇز بېكىتىگە كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاختۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلىدىغان بولغان. مەن بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى

ئالدىدا بولسا قالقان ۋە توقماقلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئىدى.

شىنجاڭ رايونى مىقياسىدا جەمئىي 5000 نەپەر يېڭى ساقچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، غۇلجا شەھىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپەيتىلگەن، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بۇ شەھەرلەردە دائىم ئىش چىقىپ تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئىنتېرنېت تورىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تور مۇلازىمىتىنى قاتتىق كونترول قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. 2010 ـ يىلى ماي ئېيىدا تور مۇلازىمىتى ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن چەكلىمىلەر قويۇلغان. بىر ئەمەلدار: «ئىنتېرنېت تورى ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ (دىنىي ئەسەبىيلىك، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇقنى دېمەكچى) پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، قوتراتقۇلۇق قىلىپ، بۇزغۇنچىلىققا چاقىرىدىغان سەھنىسى بولۇپ قالغان، شۇڭلاشقا شىنجاڭدا تور مۇلازىمىتىنى قاتتىق كونترول قىلىش دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.



تورخانىلاردا كىملىكىنى كۆرسىتىپ تورغا چىقىش يېڭى تۈزۈملەرنىڭ بىرى بولۇپ، تورغا بۆلگۈنچىلىك ياكى مۇستەقىللىق ھەققىدە يازما يېزىش جىنايەت دەپ بېكىتىلگەن. تور مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەر ۋە تور باشقۇرغۇچىلارنى مۇشۇخىل ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىپ، مەسىلە بايقىسا ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىلىش تەلەپ قىلىنغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر توربەتلىرىنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە ئازلاپ، تورغا يازما يازىدىغان تورداشلارمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى سېنسۇر قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما خۇددى خىتايدا ئىلگىرى ئىنتېرنېت تورى توسۇلغاندا كىشىلەر باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تام ھالقىپ ياكى تىزىملاتمىغان تېلېفون كارتىلىرى ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلغاندەك، بەزى ئۇيغۇرلار بۇ توسقۇلاردا توختاپ قالمىغان. ئەمما شۇنداقتىمۇ، 2013 ـ يىلى شىنجاڭدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە نۇرغۇن كىشى «قانۇنسىز تورغا چىققان، قانۇنسىز مەزمۇنلارنى چۈشۈرگەن ۋە قانۇنسىز ئۈچۈرلارنى تارقاتقان» دېگەن قالپاق بىلەن قولغا ئېلىنىپ، كېسىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارغا ئىككى يىلدىن 13 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى

2010 ـ يىلى ئاپرېلدا ۋاڭ لېچۇەننىڭ يۈتكۈۋېتىلىشى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىدىكى بىر ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرەتتى، بۇ ئۇرۇمچى ۋەقەسى يۈز بەرگەننىڭ بىر يىللىق خاتىرىسىدىن سەل ئىلگىرى بولغان. دېمەك خىتاي ھۆكۈمىتى ۋاقىتنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تاللىغان، چۈنكى بۇنداق يىللىق خاتىرە كۈنلەر سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر ۋاقىتلار ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلغان جاڭ چۈنشەن ئىشقا چۈشۈش بىلەن تۇرنى ئېچىۋەتكەن (بۇ قارار شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ دىتىغا ياققان، چۈنكى ھەممە مىللەت تەڭ قوللايدىغان بۇنداق ئىشلار ئىنتايىن ئاز). ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ماي ئېيىدا 350 ئەمەلدار قاتناشقان «شىنجاڭ خىزمىتى» يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بۇنداق يىغىن شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى ھېسابلىناتتى (ئىلگىرى تىبەت خىزمەت يىغىنى ئېچىلغان). يىغىننىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى شىنجاڭدا كېيىنكى ئون يىلدا «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قايتىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈپ چىقىش دېيىلگەن.



بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ يېتەكچى بولغان مەقسىتى گەرچە رايون پەرقىنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتكەن ئاتالمىش غەربىي دىيارنى ئېچىۋېتىش دېگەن چاقىرىقنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئوبيېكتىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەكرەك ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى82 نامرات رايوننى خىتاينىڭ شەرقىي ۋە مەركىزى رايونلاردىكى تەرەققىي تاپقان شەھەرلەر بىلەن باغلاپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خىتاي شەھەرلىرگە ھۆددىگە بەرگەن. بۇ شەھەرلەر ھەر يىلى يەرلىك دارامەتنىڭ0.3 دىن0.6 پىرسەنتىنى ئۆزگە ھۆددىگە بېرىلگەن رايونلارغا ئاجرىتىپلا قالماي، يەنە كادىرلار ۋە كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ياردەم قىلىش تەلەپ قىلىنغان. قەشقەر ۋە قورغاس قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى بىلەن باغلىنىشلىق

شەھەرلەرنى ئالاھىدە ئىقتىسادى رايون قىلىپ بەلگىلەش بۇ قېتىمقى پىلاننىڭ ئەڭ ھالقىلىق پىلانلىرى ئىدى. مەزكۇر سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا بۇ پىلاننىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىقى رايونلارنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن تولۇقلىنىپ بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ قىسمەن چارىلىرىمۇ بىۋاستە يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ چارىلەردىن خىتايلار ۋە ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئوخشاش بەھرە ئالغان. ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋە يېزىلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئۆستۈرۈپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىقتىسادى يۈكى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىلگەن. يەرلىك كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ۋە سىرتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۈچۈن باج ئىشلىرىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدىكى كارخانىلاردىن يىغىلىدىغان ھەر تۈرلۈك باج ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىنىپ، كېيىنكى ئۈچ يىلدا پەقەت يېرىم باج ئېلىنىدىغان بولغان.

شىنجاڭنىڭ ئەڭ پۇل تاپىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن ئېلىنىدىغان باج سىياسىتىدە ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. 2010 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفتى خىتاي نېفتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى، تەبىئىي گاز بايلىقى34 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، شىنجاڭدىن چىققان بايلىقتىن ئېلىنىدىغان باج بازار باھاسىغا ئەمەس مىقتارىغا قاراپ ئېلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە كىرىدىغان باج كىرىمى بەكلا تۆۋەن بولغان (2008 - يىلى ئاران1.5 پىرسەنت باج يەرلىك ھۆكۈمەتكە تەگكەن). ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئېنېرگىيە ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلى شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيەسى تۇشۇپ بېرىلگەن شاڭخەي شەھىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولۇشى، شىنجاڭ بىلەن شەرقى رايونلار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. چۈنكى شاڭخەي رايونىنىڭ ئىقتىسادى ياخشى بولغاچ، ئېنېرگىيە باھاسىنى ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ تۆۋەنلىتەلىگەن. شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭدىن چىقىدىغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيەدىن ئېلىنىدىغان باج ئۆستۈرۈلۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. بۇ كىرىملەرنىڭ بىر قىسمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بولۇپ، قارىماققا ئىنتايىن ياخشى سىياسەتتەك كۆرۈنگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، خۇددى ئىلھام توختى ئەينى چاغدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ «شىنجاڭدا پۇل يوق ئەمەس، مەسىلە پۇلنىڭ تەقسىملىنىشىدە» دېگەندەك، تەقسىماتتا ئادىللىق بولمىغان.

كىشىلەر مەركىزى ھۆكۈمەت (شىنجاڭدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گازدىن ھەققى ئېلىش)نىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدىغان باجىنىڭ ئۆستۈرۈلىشىگە قوشۇلۇشى ئۈچۈن قانداق سىياسى مۇرەسسەلەر كەتكەندۇ دەپ پەرەز قىلىپ كەلمەكتە. ئۇزۇن ئۆتمەي مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ نېفىت ۋە گاز باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە پول قويۇشى بىلەن بۇ مەسىلىگە بولغان قاراشلار تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى قىسمەن كارخانا ۋە ئاددى خەلق شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئىقتىسادي يۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىن چىقارغان.



شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى گەرچە ئىلگىرىكى شىمالى شىنجاڭنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات پىلانىغا سىلىشتۇرغاندا بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ ئىقتىسادي ياردەم يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىلاشمىغان كارخانا ۋە تىجارەتكە مەركەزلەشكەن (مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇنى توغرا چۈشىنىشكىمۇ بولاتتى، چۈنكى بۇ ئاتالمىش پىلاننى تۈزگەندىمۇ ئۇيغۇرلارنى ئارىلاشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ تەبىئىي). ئاتالمىش ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھۆددە بېرىش ئەمەلىيەتتە بىڭتۇەن ئۈچۈن ئىچكىرىدىن ئىقتىسادي ياردەم توپلاش بولۇپ قالغان. گەرچە شىخەنزە شەھىرى ئۈرۈمچىگە ۋە ئەتراپىدىكى بايلىقلارغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ئىقتىسادى ئەزەلدىن ياخشى بولسىمۇ، بەزى بىڭتۇەن دېۋىزىيەلىرى نامرات چەت ياقا يۇرتلاردا بولغاچ، ھەقىقەتەن ئىقتىسادي ياردەمگە موھتاج ئىدى. 2010 ـ يىلى بىڭتۇەن دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 1000 يۈەن بولۇپ، بۇ گەرچە باشقا نورغۇنلىغان دېھقانلارنىڭ تاپاۋىتىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمي جەھەتتىن ناھايىتى تۆۋەن ھېسابلىناتتى.

مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بىڭتۇەن دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادي ئەھۋالىنى

ياخشىلاشقا ئېتىبار بىلەن قارىشى ئەمەلىيەتتە يەنىلا خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويغانلىق ئىدى. بۈگۈندىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنداق ئادالەتسىز سىياسەتلىرى تۈپەيلى جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلىق تېخىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەزەلدىن سۇ ۋە يەر قىس بولۇپ، سۇ دائىم نۆۋەت بىلەن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن، شۇڭلاشقا بۇگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر دېھقانلىرى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىڭتۈەننىڭ چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن سۇ ۋە تېرىلغۇ يەر جەھەتتە ھەرگىزمۇ رىقابەت قىلالمايدۇ.

ئەمما شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا سانائەت كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇمىدىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، دېمەك دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىش ئورنى يارىتىلىشى مۇمكىن دېگەن گەپ ئىدى. قەشقەرنى خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك بېلىقچىلىق كەنتىدىن تەرەققى قىلىپ، خىتاي ئىسلاھاتچىقىرىش سانائىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغان شىنجېن شەھىرىگە ھۆددىگە بېرىش كىشىلەرنىڭ ئۇمىدىنى ئاشۇرۇشنى (شۇنداقلا مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش)مەقسەت قىلغان. قەشقەردىكى خەلق مەيدانىدىكى ماۋنىڭ يوغان ھەيكىلىنىڭ يېنىغا ئېسىلغان لوزۇنكىدا «شىنجېندىن ئۆگىنىپ، شىنجېن روھىنى يارىتايلى» دېگەن شوئارلار يېزىلغان. قەشقەر شەھىرىنى توقۇمىچىلىق ۋە ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ يەردە بىر تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش بۇ قېتىمقى پىلاننىڭ ئاساسلىق نىشانى بولغان. ئەمما ھېچ كىم قەشقەر شىنجېندەك تەرەققى قىلىدۇ دېگەن تەشۋىقاتقا ئىشەنمىگەن، چۈنكى شىنجېن دېڭىز ياقىسىدا بولغاچ قاتناش تىرانسپورتى ۋە ماددى ئەشيالارنى تەمىنلەش ھالقىلىرى بىلەن يېقىن بولغاچ تېز تەرەققى قىلالىغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ تەشۋىقاتلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تەۋەكۇلچى سودىگەرنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلغان. 2010 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يەر مۈلۈك باھاسى 40ـ30 پىرسەنت ئۆرلىگەن بولۇپ، يەر مۈلۈك سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن ئىچكىرىدىن چىققان خىتايلار بولغان. نىيۇ يورك ۋاقىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گېزىتنىڭ مۇخبىرى قەشقەردىكى قىممەت باھالىق تۇراق جاي ساتىدىغان بىر مۇلازىمەتچىنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ «ئۆي - ئىمارەتكە بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆپلىكىدىن سالغان ئۆيلىرىمىز يېتىشمەي قېلىۋاتىدۇ... يەنە بەش يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسىڭىز بۇ يەرنى تونۇماي قالىسىز» دېگەن.

## قەدىمى قەشقەرنىڭ ۋەيران بولۇشى

2000 - يىلى مەن قەشقەرگە ساياھەتكە بارغىنىمدىلا قەشقەرنىڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. يېڭىدىن سېلىنغان ئاق چىنە قىشلىق بىنالار ئارىسىدا مېڭىپ، ماشىنا زاپچاسلىرىنى، قىيمىلىق تاماقلار ۋە ئېتىلداق (پوجاڭزا) سېتىۋاتقان كىچىك دۇكانلار ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە ئۆزەمنى خۇددى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىر يىل خىزمەت قىلغان، قەشقەردىن 5000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىتاينىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كۇچىلىرىدا مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلغان ئىدىم. بۇ كۆرۈنۈشلەر مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ۋە خالىغان يىپەك يولىدىكى 3000 يىللىق تارىخى بار، ماركوپولو ساياھەتنامىسىدا ماختىغان (بۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەر بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى قەشقەر ئىدى)، ئەمما خەلقنى سەلبى تىللاردا تەسۋىرلىگەن (ئادەملىرى مۇناپىق چىراي ھەم بېخىل بولۇپ، غىزالىنىشلىرىدىن قاشىشاقلىق چىقىپ تۇراتتى دېگەن) قەدىمى شەھىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى.

ئەمما 2000 - يىلى چوڭ كوچىلاردىن ۋە ئېگىز بىنالاردىن ئايرىلىپ شەھەر كوچىلىرىغا قايرىلساقلا، پەس تاملىق ئۆيلەر ۋە تار مەھەللە كوچىلىرىغا كىرىپ كېتەتتۇق. يوغان قوش قاناتلىق ئىشىكلەر ۋە لاي قىشتىن سېلىنغان ھويلا ئارامىلارنىڭ ئارىسىدىن ماڭغاندا، ئىشىكلىرى قىيا ئوچۇق قالغان يوچۇقلاردىن ئىچىگە قارىسىڭىز يا ئەتىرگۇل تىرىلغان ھويلىلار ياكى بۇلۇڭغا باغلاپ قويغان قوينى، ۋەياكى تۆمۈرچى ياكى ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ تاقىلدىتىپ كەسىپى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان مەنزىرە كۆزگە چېلىقاتتى. ئىزۇتقۇدەك تار ھەم ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنىڭ بەزىلىرى خالىي ۋە ئۈستى يېپىلغان، بەزىلىرى بولسا ئادەم، ۋېلىسىپىت ۋە ئات ھارۋىلىرىنىڭ قاينىمىغا ئايلانغان. توختىتىپ

قويۇلغان ۋېلسىپىتلەر بىلەن تولغان، باشلىرىغا رەڭدار رومال ئارتىۋالغان ئاياللار بىلەن قىرلىق دوپپىلارنى كىيىۋالغان ئەرلەرنىڭ مەسچىتلەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. شەھەر بازارلىرىنى كەزگىنىمدە يول ياقىسىدا پىچاق ساتىدىغان دۇكانلار، ئېگەر ئېتىدىغان كارخانىلار، ئالدىغا ھەر خىل قۇرۇتۇلغان جانىۋار ۋە گىيالارنى تىزىۋالغان سەكسەن خالتىچىلار، قۇرۇق مېۋە ساتىدىغان باققاللار، تامدەك ئېگىز قىلىپ تىزىلغان بىزەكلىك تويلۇق ساندۇقلىرى، رەڭدار بۆشۈكلەرنى ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە بۇرنۇمغا مىزىلىك كاۋاپ پۇرىقى، قۇلىقىمغا تەقۋادارلارنىڭ نامازغا چاقىرىۋاتقان ئەزان ساداسى ئاڭلانغان.

ھېرىپ قالسام، ياكى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەندە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ بېقىندىكى سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، قېتىق، قىيام ۋە مۇزدىن ياسالغان سارىق دوغدىن لەززەتلەنگەچ ئارام ئالاتتىم، ياكى ئۆستەڭ بويىدىكى كوچا دوقمۇشىدىكى چايخانىنىڭ كۆپ-كۆك ئاسمان رەڭگىدە سىرلانغان بالكونىدىكى قارا مارجانلاردەك كارىۋاتلىرىدا ئولتۇرۇپ، قەپەزدىكى قۇشلارنىڭ خۇشناۋالىرى ئارىسىدا، قېنىق دەملەنگەن چايدىن ھوزۇرلىنىپ ھاردۇقۇمنى چىقىراتتىم. بىر بوۋاي ماڭا بىر يالتىراق يۇرەك سوۋغا قىلىپ، بىردەمدىن كېيىن ياغاچ نەيدە مۇزىكا چېلىپ بەردى، ئاندىن بوخچىسىنىڭ ئاستىدىن بىر قېنىق قىزىل رەڭلىك ستروبوسكوپ (خۇەندىك پەن) چىقىرىپ كۆرسىتىۋىدى، قارىسام بۇنىڭدا مەككە قاتارلىق12 خىل ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەڭلىك سۈرەتلەر بار ئىكەن.

قەشقەرنىڭ قەدىمى كوچىلىرىدا ماڭغىنىمدا ئادەمدە ئاسانلا بۇ شەھەر ئۆزگەرمەيتۇ دېگەن قاراش پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئاتالمىش «ئازاتلىق»تىن كېيىن قەشقەردە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولغان. خۇددى خىتايدىكى باشقا قەدىمى شەھەرلەرگە ئوخشاش شەھەر سېپىلى چېقىۋېتىلىپ، شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئاساسلىق كوچا چىقىرىلغان. شۇنداقتىمۇ، 1985 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن بىر چەت ئەللىك تەتقىقاتچى، قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالاھىدە چوڭ ھەيكىلى، بۇ شەھەردىكى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسى ئىدى

دەپ يازغان. ھەتتا 1990 ـ 2000 ـ يىللاردا پۈتۈن خىتاي شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە كونا شەھەرلەرنى چېقىپ، يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش شاملى ئەۋجىگە چىققاندىمۇ، قەشقەر شەھىرى ئاساسەن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. 2006 ـ يىلى «لەگلەك ئۇچۇرغۇچى بالا» دېگەن كىنو قەشقەر شەھىرىدە فىلىمغا ئېلىنغان بولۇپ، تاكى شۇ چاغقىچە قەشقەرنىڭ قەدىمى لاي قىشلىق مەھەللە ـ كۆيلىرى 1970 ـ يىللاردىكى كابۇلغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى رايونلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر قەشقەر شەھىرىنى دۇنيادا ئەڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان لاي قىش بىلەن سېلىنغان شەھەر دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەمما بۇ خىل ھالەت ئۇزۇنغا قالماي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. 2009 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت، بەش مەھەللىدىن 220 مىڭ كىشىنى شەھەر سىرتىغا يۆتكەشنى قارار قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گېپى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، كونا ئۆيلەر يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، شۇڭلاشقا خەتەرلىك بولغاچقا چېقىۋېتىش كېرەك دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شۇ جەن روڭ: «دۇنيادا قانداق بىر دۆلەت، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلمايدۇ» دەپ ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى قوللىغان. گەرچە بىر قانچە يىل ئىچىدە قەشقەردە بىر قانچە قېتىم يەر تەۋرىگىنى راس بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمى ئۆيلىرىنى چېقىۋېتىشىدىكى مەقسىتىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزىلەر بۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قاراپ، بۇنىڭغا 2008 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى ماشىنا بىلەن باستۇرۇپ، پارتلىتىش ۋەقەسى سەۋەب بولغان دەپ قارىغان. يەنە بەزى ئۆسەك سۆزلەرگە قارىغاندا، ھۆكۈمەت كونا شەھەر رايونى ئاستىدىكى يەر ئاستى تونىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمىش.

خىتاي قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۆيىدىن كۆچۈرۈۋېتىلگەن پۇقرالارغا ھۆكۈمەت تولۇق تۆلەپ بېرىشى كېرەك. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بالدۇر كۆچكەنلەرگە پۇل مۇكاپات بەرگەن. نۇرغۇنلىغان ئۆيلەر بىكار بولغان زامان ئۆرۈۋېتىلگەن بولۇپ،

هۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ئۆي چىقىشلارنى ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت دەپ مەدھىيەلىگەن. ھەر كۈنى15 مىنۇتلۇق مەخسۇس تەشۋىقات خەۋىرىدە يەر تەۋرەش ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ستاستىكا ۋە سانلارنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ، ئاندىن يېڭى بىنالارغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن يېڭى ئۆيلىرىنى قۇتلۇقلاۋاتقان مەنزىرىلەر تەكرار كۆرسىتىلگەن. دىرىكتور «قەشقەر تارىخىدا بۇنداق كاتتا ۋە بۈيۈك ئىشلارنىڭ مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن». يەرلىك هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەتتا بىر يۇغان ئېلان تاختىسى چىقىرىپ، كونا شەھەرنى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تەشكىلاتى (UNESCO) تەستىقلىغان دەپ يالغان ئېلان قىلغان.

گەرچە بىر قىسىم ئادەم يېڭى بىنالارغا كۆچكىنى ئۈچۈن خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولۇپ، بەزىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەھدىت ئاستىدا قالغان. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم بۇ قۇرۇلۇش جەريانىدا ئاممىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل كۆرۈلمىگەن. مۇھىم بولغىنى شۇكى، بۇ پىلاننى تۈزگەندە بۇ مەسىلىنى زادى قانداق قىلىش ھەققىدە ئاممىنىڭ رايىنى سىنىمىغان. مەسىلەن، خەلقئارا تۇپا تاملىق قەدىمى مىراسلانى ئىلمىي يوسۇندا ساقلاش كومىتېتى قاتارلىق مەخسۇس ئورگانلار گەرچە لاي تاملىق قەدىمى ئۆيلەرنى چېقىۋەتمەيمۇ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق بىخەتەر قىلىپ ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىدىن چىقىش قىلىپ قارىغاندا، قەشقەرنى ئۆزگەرتىش ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتىلغان يەنە بىر ھۇجۇمدەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر كىملىكىگە ھۇجۇم قىلىشنى قەشقەرنىڭ قەدىمى شەھىرىنى ئۆزگەرتىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتىن بۇرۇن، شەھەر قۇرۇلۇش ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ

بارغان مۇخبىر جىيەن جاكوپىنىڭ ئامېرىكىدىكى كونا شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى يازمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، مەسىلىنىڭ بۇنداق ئاددى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ يازمىسىغا ئاساسلانغاندا قەشقەر شەھىرىنى ئۆزگەرتمىسە بۇنىڭدىن ھېچ كىمگە ئىقتىسادىي پايدا يەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئۆزگەرتىلىشكە توغرا كەلگەن. خىتاينىڭ يەر مۈلۈك ھوقۇقى ۋە شەھەر قۇرۇلۇش مەبلىغى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەرنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايتتى. خىتايدا يەر ھوقۇقى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالاردا گەرچە ئۆينىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقى بولسىمۇ، ئەمما ئۆيى سېلىنغان يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. ھەتتا يېزىلاردىمۇ دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىمۇ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، يەرلەر دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن. 1980 - يىللاردىن باشلاپلا خىتاي شەھەرلىرى ئۆي مۈلۈك شىركەتلىرىگە يەر سېتىش ئارقىلىق شەھەر كىرىمىنى ئاشۇرغان بولۇپ، بۇ يەر مۈلۈك شىركەتلىرى يەر ۋە ئۆي ئىگىلىرىگە تۆلەم تۆلەپ بەرسىلا يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى ئۇلارغا ئۆتەتتى. نەتىجىدە بۇ يەردىن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر يېڭى بىنالارغا كۆچۈرۈلەتتى. گەرچە بۇ بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىگە مەنپەئەت كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما پۇقرالارنىڭ يەرلىرىنى سېتىشتا ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق پىكىر بېرىش ھوقۇقى بولمايتتى.

2008 - يىلى بېيجىڭدا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قەدىمى كوچىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ يۈرىكى بولغان بېيجىڭ شەھىرىدىكى قەدىمى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مىراسلىرى بولغان قەدىمى شەھەر رايونىنىڭ بۇزۇپ چېقىپ ئۆزگەرتىلىشىدىنلا، قەشقەنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگىمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، بازار ئىقتىسادىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا خىتاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئامالسىز قالغان.

2010 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەشقەر شەھىرىدە10 مىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمى ئۆيلەر چېقىۋېتىلگەن. 2013 - يىلى مەن قەشقەرگە قايتا بارغىنىمدا،

قەشقەر تۇنۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بولۇپ، سەككىز ئاپتوموبىل پاتىدىغان يېڭى ئاسفالت يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە يېپ يېڭى 10 ـ 15 قەۋەتلىك بىنالار تىزىلىپ كەتكەن ئىدى. كوچىلاردا ئىپەك پىچىنە ـ پىرەنىك، ئالما ماركىلىق تېلېفون ۋە قىممەت باھالىق ھاراق ـ شاراپ ساتىدىغان دۇكانلار ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. قارىماققا خىتاي ئاخباراتلىرىدا «قەدىمى يىپەك يولى ياقىسىدىكى بۇ باياشات شەھەر قايتىدىن گۈللىنىپ، پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ» دېگەن تەشۋىقاتى راستەكلا كۆرۈنەتتى.

ئەمما بىر ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ شەھەر كوچىسىدا ئات مىنىپ مېڭىشى خىتاينىڭ بۇ تەشۋىقاتىغا تازا ماس كەلمەيتتى. ئات مىنگەن دېھقان بىلەن بىر تەرەپكە كېتىۋاتقان ماشىنىلار توپى ئارىسىدا ئۈستى ئوچۇق كىچىك يۈك ماشىنىسىنىڭ كۇزۇپىدا ئىككى ئادەم بار كوچى بىلەن دومباق، بىر ئادەم سۇرناي چېلىپ، ئالدىدىكى سىن ئالغۇغا ئېلىۋاتقان ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن مىرسېدېس ماشىنىغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى. ھېيتگاھتەك ئاز ساندىكى قەدىمى قۇرۇلۇشلارلا تېخى چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان ئىدى. ئەمما 2000 ـ يىلى ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەقىقىي كىندىكى بولۇپ، شەھەرنىڭ تىجارەت كوچىلىرىمۇ ھېيتگاھ جامەسىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىگە تارىلاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك دۇكانلار مۇسۇلمان بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ يېڭىدىن سېلىنغان، قۇڭۇر قىش ۋە گۈزەل ياغاچ ئويمىلار بىلەن بېزەلگەن ئەگمە ئىشىكلىك بىنالارغا كۆچۈرۈلگەن ئىدى. دۇكانلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە قىلىپ «ئەنئەنىۋى مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى»، «ئاز سانلىق مىللەت مىللىي ھۈنەر ـ سەنئىتى» دېگەندەك ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان. بۇ دۇكانلارنىڭ لايىھەسى بەكلا ناچار بولۇپ قالماي، «ھەقىقىي» ساياھەت بۇيۇملىرى ماگىزىنى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ زىددىيەتلىك ئىدى. بۇ دۇكانلاردىمۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاشلا يەرلىك پىچاق، دوپپا، تۇماق ۋە مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلار سېتىلاتتى.

كوچا بويلاپ سەل ئىچكىرىگە كىرىۋىدىم، ماڭا تونۇش بولغان كونا قەشقەرنىڭ مۇھىم بىر مەنزىرىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ناۋاي يىگىت يولنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياقىسىدا قىزىق تونۇردىن يۇملاق نانلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ، چىرايلىق يېيىپ تىزىۋاتاتتى. نان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار ناننى مۇقەددەس كۆرەتتى. ناننى تاشلىۋېتىشكە ياكى يەرگە قويۇشقا بولمايتتى. ئۇيغۇرلار «نانغا دەسسەپ بېرىمەن» دەپ قەسەم ئىچەتتى. يول ياقىسىدىكى ناۋاي ۋە نان ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان خېرىدارلارنى كۆرگىنىمدە، گەرچە قەدىمى شەھەر ۋەيران قىلىۋېتىلسىمۇ، ئەمما قىسمەن نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كوچىنىڭ ئىچىگە كىرگەنسېرى كۆڭلۈم ئۈمىدكە تولدى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا قومۇلنىڭ قوغۇنى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىن ئەكەلگەن مېۋىلەرنى سېتىۋاتقان باققاللار، قاسساپلار، ئاياغ ياماۋاتقان موزدوزلار، لەغمەن تارتىۋاتقان ئاشپەز ئۇستاملار بىلەن تولغان بولۇپ، گۈگۈمدا كاۋاپدانلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار كوچىلارغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەم ئانچە بېسىق ئەمەس ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار كوچا ئايلىنىپ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك سودىلارنى قىلىۋاتاتتى.



شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ياربېشى دېگەن دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقمىغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ قانچىلىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدىم. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا چېقىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، گەرچە ياربېشى قەشقەردىكى ساقلىنىپ قالىدىغان ئىككى رايوننىڭ بىرى بولۇپ تاللانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ياربېشىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆيلەرنىڭ چېقىلىشىنى توسۇپ قالالمىغان. دۆڭنىڭ ئۇستىدىن قارىغاندا لاي ۋە ھاكتا سۇۋاق قىلىنغان ئالتە قەۋەتلىك بىنالارنى كۆرگىلى بولاتتى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيلەر دۆڭنىڭ ئاستىدىكى چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى توشقۇزىشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ كىندىكىدە توساتتىن بۇنداق كەڭرى كەتكەن ئوچۇق يەرنى كۆرۈپ، ئادەم خۇددى بىرەر ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا كەپقالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

ياربېشى ساياھەتچىلىكنىڭ يۈزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. سەل ئالدىغىراق مېڭىۋىدىم «1 ـ يۆنىلىش» دېگەن يول ماركىسىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي

باشلىرىغا سىرىق شەپكە كىيىۋالغان، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ساياھەت قىلىۋاتقان شاڭخەيدىن كەلگەن خىتاي تۇرىستلارغا يولۇقتۇم. ئۇلار بەلكىم خىتاي مەركىزى تېلېۋىزورىدە يېقىندا قەشقەر قەدىمى شەھەر مەنزىرىسىنى تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىقات فىلىمىنىڭ جەلىپ قىلىشى بىلەن كەلگەن بولسا كېرەك. مەزكۇر فىلىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىرىكتور مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ:

> *«بۇ يەر قەدىمى قەشقەر شەھىرى. بۇ شەھەر 2000 يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە. شەھەرنىڭ بۇ قەدىمى كوچىلىرىدا ماڭغىنىمىزدا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققاندەك بولىمىز. بۇ رايون 20 دىن ئارتۇق ئوشاق كوچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ خىتايدىكى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، تېپىشماقتەك ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى بار بىردىنبىر ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان شەھەر ھېسابلىنىدۇ.»*

مەن خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى ساقلاپ تۇردۇم، ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋىدى كوچا بىردىن جىمىپ قالدى. بۇ جىمجىتلىقتىن ئادەمدە بۇ تاملارنىڭ ئارقىسىدا راسلا ئائىلىكلەر بارمىدۇ دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىپ قۇياتتى.

تار كوچىلارنى ئارىلاپ ماڭغانسېرى تېخىمۇ كۆپ بوش خارابىلىقلارغا كېلىپ قالدىم. يىرىم چېقىلغان پەشتاقلار، تولۇق ئۆرۈلمىگەن تاملار ھەممە يەرنى ئىگەللەپ كەتكەن ئىدى.

يول بويى يىرىم چېقىلغان ئۆيلەر، دۆۋىلىنىپ كەتكەن قىش - كېسەك ۋە تۆمۈر تەسەكلەر، ئىچى ئەخلەت ۋە گەندىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۆگزىسى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيلەر ۋە بەزى چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى، خۇددى يوغان بىر مۇشىنىڭ زەربىسىدە مىجىۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى.

بىر ئۆينىڭ خارابىسىنى رەسىمگە ئېلىۋاتاتتىم، تۇساتتىن ئەينەكنىڭ چېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. قايرىلىپ قارىسام، بىر ئۇيغۇر بالا يەردىن تاش ئېلىپ، يېنىدىكى چېقىلغان ئۆينىڭ سۇنماي قالغان ئەينەك پارچىلىرىغا قارىتىپ كۇچەپ ئاتتى، ئاندىن يەنە ئېگىشىپ تاش ئېلىپ داۋاملىق ھالدا

خارابىلىقتىكى ئەينەك پارچىلىرىغا ئېتشىنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ كوچىدىكى چېقىلمىغان بىردىنبىر ئۆيدە ئادەم يوق بولۇپ، ئۇزۇندىن بىرى قۇرۇق قالغان ئىدى. مەن ئەينەكلىرى سۇندۇرۇلغان دەرىزىدىن ئۆملەپ كىرىپ قارىسام، تامغا ئېسىلغان 2008 ـ 2009 ـ يىلىنىڭ ئىسلام كالېندارىدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. يەنە بىر ئۆينىڭ تورىسىدىن كىرگەن يورۇقلۇقتىن، ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ياغاچ نەقىشلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقىشىمغا ياندىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان بىر ئادەم ئۇچراپ قالدى، مەن بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى قەيەردە دەپ سورىسام «بىلمەيمەن، بەلكىم شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يېڭى سالغان بىنالارنىڭ بىرىگە كۆچۈپ كەتكەندۇ، نۇرغۇن ئائىلىلەر شۇ يەرگە كۆچۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ تەقدىرى بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى خىتايلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەر ئىككى شەھەرنىڭ پۇقرالىرىغا بېرىلگەن تۆلەم شەھەرنىڭ سىرتىدىكى جايلاردىن ئۆي ئېلىشقا ئاران يېتەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيى بار يەرلەردىكى ئۆيلەرنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قولىغا تەگكەن تۆلەم پۇلىغا شەھەرنىڭ مەركىزى رايونلىرىدىن ئۆي كەلمەيتتى. ھەر ئىككى شەھەردە ھۆكۈمەتنىڭ قەدىمى شەھەر رايونلىرىغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىشىپ كېتەتتى. تاملارغا چاپلانغان لوزۇنكىلاردا ۋە مەتبۇئاتلاردا ھەرگىز «چېقىلىش» ۋە «ۋەيران قىلىش» دېگەن گەپلەر ئىشلىتىلمەي، بەلكى «تەرتىپكە سېلىش» ياكى «يېڭىلاش» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغان. 2010 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھىرىنى چېقىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئورگاننىڭ دوكلاتىدا، يىل ئاخىرىغىچە 10799 كونا ۋە ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ يېڭىلىنىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەمما ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، بارلىق چېقىلىشقا تېگىشلىك ئۆيلەر چېقىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئاتالمىش يېڭىلاش ئىشلىرى تېخى تۈگىگەندەك ئەمەس ئىدى. پەقەت ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى كوچىلاردىكى ئۆيلەرلا تولۇق پۈتكەن بولۇپ، بۇ ئۆيلەر خۇددى كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى جەنۇبى ياۋروپا كوچىلىرىغا ئاددى تەقلىد قىلىنغان، ياۋروپا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئاددى كۆچۈرۈلمىسىدەك بىلىنەتتى.

ئۆي ۋە كوچىلارغا ياتقۇزۇلغان قىشلار ساپال قىشقا ئوخشايتتى. ئىشىك، دېرىزە ۋە ئايۋانلارغا ئىشلىتىلگەن ياغاچلاردىن يالتىراقتەك نۇر ياناتتى. ئاھالىلىكلەرنى ئاساس قىلغان بۇ كوچىلاردىكى دۇكانلارنىڭ ئۈستىگىمۇ سودا بازارلىرىدىكى يەرلىك توۋارلارنى ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىلارغا ئوخشاش ئالاھىدە قېنىق رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان.

بۇ كوچىلاردىكى ئۆيلەرنى ئىچكىرىدىكى مودېل يېزىلاردىكى ئۆيلەرگە ئوخشاتساق، مودېل ئۆيلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز، چۈنكى ئۇ ئۆيلەر ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن سېلىنغان. قەشقەردىكى بۇ فانتازىيەلىك ئۆيلەر بولسا قارىماققىلا خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئەرزان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن قولنىڭ ئۇچىدىلا قىشلارنى تىزىپ، ئۈستىنى ھاك ياكى تۇپا رەڭ سېمونت بىلەن سۇۋاپ، ئالدىراپلا سېلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنى بۇ ئۆيلەرنى سېلىشتىكى مەقسەت تېز سۈرئەتتە پۈتتۈرۈش بولۇپ، مەزمۇتلۇقىغا ئېتىبار قىلىنمىغان. شەھەرنىڭ تېشىغا سېلىنغان كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بىنالارنىڭمۇ سۈپىتىدە ئېغىر مەسىلە بار ئىدى. شەھەر مەركىزىدىن5 كىلومېتىر يىراقلىقتا سېلىنغان «ئانارلىق باغ» ئائىلىلىكلەر مەھەللىسىنى تونۇشتۇرغان ئاۋستىرالىيەلىك بىر مۇخبىر «سېلىنغىنىغا بىر قانچە يىل بولغان قۇرۇق بىنالارنىڭ قارىماققا نەچچە ئون يىل بولغان كونا بىنالاردەك ۋەيرانە بولۇپ كەتكەن»لىكىنى خەۋەر قىلغان. بۇ ئۆيلەر ئاددىيلا قىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيلەرگە كېتىدىغان پولات تۇقۇلما ئىشلىتىلمىگەن.

قەدىمى شەھەر كوچىلىرىدا «ئەسلىگە» كەلتۈرۈلگەن قىسمەن ئۆيلەر خېلىلا ياخشى سېلىنغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ لاي قىشلىرىنىڭ ئورنىغا پىششىق قىش ۋە ياغاچ ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قارىماققا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى تېخى تولۇق پۈتمىگەن ياكى پۈتكەن بولسىمۇ ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان ئىدى. خۇددى مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن ساياھەتچىلەر ئۈچۈن سېلىنغان كوچىلارغا ئوخشاشلا بۇ يەرلەرمۇ جىمجىتلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ كوچىلاردا كەم بولىۋاتقىنى

www.uyghurkitap.com

ئىشىك ۋە دېرىزىلەر ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تۇرمۇش ئىزنالىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئىدى.

## كەڭ دائىردىكى ئۆزگىرىشلەر

قەشقەر داڭلىق قەدىمى شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەر مەتبۇئاتنىڭ دىققىتىنى بەكرەك جەلپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مۇخبىرلارغا 2015 - يىلىغىچە بىر يېرىم مىليون ئۆينى چېقىپ يېڭىلايمىز دېگەن. خۇددى قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئوخشاش، بۇ خىل چېقىپ يېڭىلاش ئىستىكىنىڭ كۆچلۈك بولۇشىغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن ئىدىئولوگىيەلىك مەقسەت تەڭ نىسبەتتە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۆملۈكىنى ۋەيران قىلغان، يەنى غۇلجىدەك جايلاردا ئۇيغۇرلار مەھەللىلەردە توپلىشىپ ياشاپ كەلگەن. ئەلۋەتتە بۇ مەھەللىلەرمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ كەلگەن، ھەرگىز تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، 2000 - يىللىرى غۇلجىلىقلار ئىككى قەۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازىلىق يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، بۇ ئۆيلەرمۇ يېقىندا پۇل تاپقانلىقنىڭ ئەمەلىيەتتىكى نىشانى ئىدى. ئەمما بۇرۇن كىشىلەر شەخسى ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ئۆزى خالاپ ئۆزگەرتىپ كەلگەن. 2010 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە قايتا بارغىنىمدا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەسىلەن، بۇرۇنقى توپا كوچىلارغا سىمونت ياتقۇزۇلۇپ، يول ياقىسىدىكى چىراغلار كۆپەيگەن ئىدى.

مەن پاراڭلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن سۆيۈنگەنلىكىنى دېگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ «بىخەتەر ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن چېقىۋېتىلىشىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. كىشىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان مەھەللە ئۆيلەرگە بولغان مېھرى ھەقىقەتەن چوڭقۇر بولۇپ، نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ مەدەنىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئۆي- ماكانى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ- ئادەتلىرى ۋە روھانىيەتىنىڭ بىرلەشكەن ئورنى دەپ قارىلىدۇ. 4 ـ قانالدا كۆرسىتىلگەن بىر ھۆججەتلىك فىلىمدا قەيت قىلىنغاندەك، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غىزا ھازىرلاشمۇ ئوخشاش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆي ئۇلارنىڭ ھاياتىغا مەنە بېغىشلايدىغان نۇرغۇن مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي بولۇپ، بۇ خىل قاراش ياشانغانلار ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق. جەي دا ئۇتچىر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ئوچاقنى قايتىدىن ئوڭشاپ، تۇنجى قېتىم ئوت ياققاندا ئائىلە ئەزالىرى ئوچاقنى چۆرىدەپ خۇشاللىق بىلەن ئۆينىڭ ئىسسىنىڭ ئۆچۈپ قالمىغانلىقىنى قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى يازغان. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا بىر نەرسىلەرنى كۆمۈپ قويسا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ دەيدىغان ئادەت بار. جەي دا ئۇچىر تۇرغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ تىرنىغى كۆمۈلگەن بولۇپ، بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، قىيامەت كۈنى بۇ تىرناقلار باراخسان ئورمانغا ئايلىنىپ، كاپىرلارنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشىنى توسۇپ قالارمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قىيامەتتە شەيتان ئېشەك مىنىپ كېلىدىكەن، ئىشىكنىڭ تۈكلىرى چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ تارىسى بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن چىققان ئېزىتقۇ مۇزىكا كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا قېتىلىشقا چاقىرىدىكەن، كىشىلەر ئۆيدىن چىقماقچى بولغىنىدا بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلغان تىرناقلار ئورمان بولۇپ، ئۇلارنى شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن توسۇپ قالارمىش.

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىۋېتىش مۇشۇنداق مۇراسىملارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قىلىنىپ، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىشىغا ۋە بۇ خىل غەيرى ماددى مەدەنىيەت ۋە خاتىرىلەرنىڭ ساقلىنىشىغا تەھدىت پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەھەللىلەرنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن، غۇلجا شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر مەھەللىسىگە كىرىدىغان يەرگە يوغان بىر دەرۋازا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «مىللىي مەدەنىيەتى ساياھەت ئورنى» دېگەن خەتلەر خىتايچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە تىللاردا يېزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا:

«بۇ يەردە كاتتا ئىمارەت ياكى ئېگىز بىنالار يوق، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان

ئىرىق ئۇستىدىكى كىچىك كۆۋرۈكنىڭ قارشى قىرغىقىغا قارىسىڭىز گۈزەل بىر كىچىك يېزىغا نەزىرىڭىز چۈشىدۇ. ئۇ خۇددى پەردە ئارقىسىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئارام ئېلىۋاتقان يات ئەلنىڭ مەلىكىسىدەك ئاسايىش ۋە سېھىرلىك كۆرۈنۈپ، سىزنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.

خۇددى قەشقەرنىڭ قەدىمى مەھەللىلىرىگە ئوخشاش غۇلجىدىكى مىللىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ ساياھەتچىلەرنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - جاي مەدەنىيىتىنى بىر خىل ھېسسىيلاشتۇرۇپ، شەھۋانىلاشتۇرىۋەتكەن. بىر ئۇيغۇر دوستۇم ئۇيغۇر مەھەللىسىگە كىرىدىغان كوچا ئاغزىغا قوپۇرۇلغان دەرۋازىنى «شەھۋانى قەپەز» دەپ تەسۋىرلىگەن.

شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى كونا ئۆي ۋە مەھەللىلەرنى چېقىشلارغىمۇ سىياسىي سەۋەبلەر كۆرسىتىلگەن. شەھەر نوپۇسىنىڭ 65 پىرسەنتى قەدىمى شەھەر رايونىدا تۇپلىشىپ ياشايدىغان خوتەن شەھىرىدىمۇ، ھۆكۈمەت تەرەپ 17000 ئۆينى چېقىپ رەتلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەرلىك ھۆكۈمەت «كونا شەھەر رايونى نۇرغۇن مازار ۋە دىنىي ئورۇنلار مەركەزلەشكەن، جەمئىيەتتىكى يامان ئېلېمېنتلار تۇپلىشىپ ياشايدىغان جاي بولۇپ كەلگەن» دېگەن باھانىنى كۆرسەتكەن. ئۈرۈمچىدىكى خېيجاشەن رايونىنىمۇ چېقىۋېتىشى قارار قىلىنغان. ھۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ يەرنى «نامراتلىق ۋە جىنايەتنىڭ بۆشۈكى» دەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، بىر يەرلىك ئەمەلدار: «مەزكۇر رايونغا بولغان باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە تۇپلىشىپ ياشاۋاتقان كۆچمەنلەر ئاسانلا ئالدىنىپ توپىلاڭغا قاتنىشقان» دەپ قارايدۇ.

303

خېيجاشەن رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش بولسىمۇ، خۇددى قەشقەر ۋە باشقا رايونلاردىكىدەك، ئۆي ئىگىلىرى بېرىلگەن تۆلەم پۇلىنىڭ ئاز بولۇشىدىن، شۇنداقلا ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان يېڭى ئۆيلەرنىڭ شارائىتى ۋە سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. بولۇپمۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆي ئىگىلىرىگە چېقىلغان قورا جايلىرىنىڭ ئاران 70 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدىغان ئۆي بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، كېيىن كىشىلەر تېخىمۇ تەشۋىشلەنگەن. خېيجاشەندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە نامرات بولغانلىقى

ئۈچۈن باشقا يەرلەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىشقا ماجالى يەتمەي، مۇشۇ يەرگە كېلىپ ياشاشقا مەجبۇرلانغانلار ئىدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى دىلشات رىشىتنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ: «خىتايلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى بىرىنچى مەقسىتى ئۇيغۇلارنىڭ قولىدىن ئۇلارغا تەۋە مال-مۈلۈكنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېلىش، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يەردە توپلىشىپ ياشاش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلىشتۇر» دەپ چۈشەندۈرگەن. ھۆكۈمەتنىڭ 2020 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى نوپۇسىنىڭ ئىككى قاتلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى دىلشاتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن.

گەرچە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ خىيجاشەن رايونىغا توپلىشىپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتا چەتكە قېقىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆچۈرۈپ رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى مىن ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. يەرشارى ۋاقتى گېزىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ: «ئۈرۈمچى شەھىرى كۆپ خىل مىللەت توپلىشىپ ياشايدىغان شەھەر بولغاچ، كۆچۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش بەكلا تەس» دېگەن. بۇ مەسىلە ھەققىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن پروفېسسور پەن جىيىنىڭ كۆچۈرۈپ رەتلەش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بىر يەردە ئارىلىشىپ ئىشلەيدىغان شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك دېگەن تەۋسىيەسى بىرئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەرنى چېقىپ رەتلەشنىڭ يەنە بىر تەسىرى شەھەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېزىتقۇدەك ئەگرى - بۈگرى كىچىك كوچىلىرى چېقىۋېتىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يول ياقىلىرىغا ئىگىز ئىستولبا ئورنىتىلغان چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان، كاتتا كوچىلار سېلىنغان، دۇنيادا شەھەرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان مىساللار ئاز ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە بارون خائۇسمەننىڭ 18 - ئەسىردە پارىژ شەھىرىنى ئۆزگەرتىشى ئەڭ داڭلىق مىسال بولسا كېرەك.

ئەمما مۇستەملىكچى ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بۇنىڭغا بەكرەك قىزىققان. خۇددى يېئىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پرفېسسورى جەمسى س سكوت «دۆلەتنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا» دېگەن كىتابىدا يازغاندەك:

«زېمىنى كەڭ، كۆپ قەۋمدىن تەشكىللەنگەن بىر ئىمپېرىيە ئۆز تەۋەلىكىدىكى شەھەر قەلئەلەرنىڭ شەكلىنى مەلۇم بىر قېلىپتا قۇرۇپ چىقىشنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىشى مۇمكىن. قالغان شەيئىلەر باراۋەر بولسا، شەھەرلەر مەلۇم بىر خىل ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنتىقە بويىچە ياسالغان بولسا، بۇ خىل جايلارنى ئىدارە قىلىش ۋە مۇداپىئە قىلىش ئاسانغا توختايدۇ».

نەچچە ئون يىللاردىن بېرى تىبەت رايونىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن شىنجاڭدىكى شەھەر رايونلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. قەدىمى لاسا شەھىرىنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ، ئەتراپىنى خىتايلار ئۈچۈن سېلىنغان يېڭى بىنالار قورشاپ ئالغان. جەمئىيەتنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ، مەھەللىلەرگە ساقچىخانىلارنى ياساش ئارقىلىق تىبەت مەھەللىلىرىگە بولغان نازارەت كۈچەيتىلگەن.

شىنجاڭدا بولسا كورلا شەھىرى مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. كورلا شىنجاڭدىكى نېفىت ۋە گاز ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئىقتىسادىي ۋە دېموگرافىيە جەھەتتە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. كورلا شەھىرىدە نۇرغۇن يېڭى بىنالار ۋە كەڭرى يوللار ياسالغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن تارىخىي مونىمېنتلار قويۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ تارىخىنى يېڭىدىن ياساپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغان. يېقىندىن بېرى كورلا شەھەر ئەتراپىدىكى بىلتۈەن رايونلىرىنىمۇ كورلا شەھىرىگە قوشۇۋېتىپ، دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار تېخىمۇ چەتكە قېقىلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى خىتايلار بىلتۈەن نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ، ئۇلارنىڭ قېتىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى تېخىمۇ ئازلىتىۋېتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل باشقا يەرلەردىمۇ تەكرارلىنىشى

مۇمكىن.

گەرچە كورلا، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردە كونا ئۆيلەرنى چېقىش كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاما بۇنىڭغا كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق بىلدۈرمىگەن. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بەلكىم ئۇلار ئۇيغۇرلاردەك ئۆزلىرىنى بۇ خىل چېقىلىشلارنىڭ ئوبيېكتى دەپ قارىمىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشىنىمۇ تامامەن خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى كونا مەھەللىلەرنى چېقىپ يېڭىلاش پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئۆي مۈلۈك سودىگەرلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقىنى پۇل بىلەن تولدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشى بۇ خىل مەنپەئەت كۆرۈشنىڭ بىر قوشۇمچە قۇربانى، خالاس.

## كېلەچەككە باغلانغان ئۈمىد



2009 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى ۋەقەسى (ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى يىلى تىبەتتە يۈز بەرگەن ۋەقە)دىن كېيىن، خىتاينىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكىلەر، بۇ ۋەقەلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنىڭ بىشارىتى دەپ قارىغان. گەرچە 1980 ـ يىللاردىكىدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە كەڭرى سىياسەت تۇتۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە بولغان. ئەمما ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى ئون يىل ئىلگىرى يولغا قويۇلغان غەربىي دىيارنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مەقسىتىنى تەكرارلاپلا قالماي ھەتتا تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن. ئېچكىرىدىن چىققان كۆچمەنلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ،ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا سىڭىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭنى خىتاينىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ ئۆزگەرتىش ئويىدا بولغان. دېمەك، شىنجاڭ خىزمىتى

يىغىنىنىڭ مەقسىتىمۇ خۇددى غەربىي دىيارنى ئىچىۋىتىش سىياسىتىگە ئوخشاشلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، بەلكى خىتايلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغان ئىدى.

شىنجاڭدا مىللىي سىياسەتنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىشارەتلەر بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىگەن. مەزكۇر يىغىن يەنە شىنجاڭدا «قوش تىللىق» مائارىپنى كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭدا خىتايچە دەرس ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى يېتەرلىك بولمىغاچ، 2010 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاران 42 پىرسەنت ئوقۇغۇچى خىتايچىدا ئوقۇيالىغان. مەزكۇر يىغىندا 2015 ـ يىلغىچە بارلىق مەكتەپلەردە «قوش تىللىق» مائارىپنى يولغا قويۇپ، 2020 ـ يىلغىچە بارلىق ئوقۇغۇچىلار خىتايچە پۇختا سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارار ئالغان. ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسى مەيلى قانداق دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا خىتايلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ھەممىدىن كۆپ ئىكەنلىكى بىر پاكىت بولۇپ قالغان (2010 ـ يىلى ھۆكۈمەت خىتايلار 40 پىرسەنت، ئۇيغۇرلار 46 پىرسەنت دەپ تەخمىن قىلغان). بۇنى بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇ: «خىتايلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغان ھەممە ئۇيغۇرغا بىردىن تەرجىمان سەپلەپ بېرەلمەيمىز» دېگەن.

دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچى ۋەقەسىدىن ئالغان تەجرىبىسى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنى خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىش، يەنى ئۇدۇل قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنى ئامال بار خىتايلارغا ئوخشىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش دېمەكتۇر. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل سىياسەتكە خىتاي ئىچىدىكى قىسمەن زىيالىلارمۇ قارشى چىققان، مەسىلەن، خاۋ شىيۇەن بىلەن ۋاڭ شىئېن ئاز سانلىق مىللەتلەردە كىملىك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھۆكۈمەت قول تىقمىسىمۇ بولىدۇ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ مىللەت كىملىكى ئۆزلىكىدىن ئاجىزلاپ، بىر كۈچلۈك دۆلەت كىملىكى شەكىللىنىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشى گەرچە مىللەت ئۇقۇمىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدىن بولغان مەدەنىيەت، تىل، تۇپلۇم قاتارلىقلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما

ما رۇڭ بىلەن خۇ ئەنگاڭ قاتارلىق خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت دېگەن ئاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى كېرەك، مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمى بىكار قىلىنىشى كېرەك دېگەن قاراشلىرى بىلەن سىلىشتۇرغاندا كۆپ ئادىل دېيىشكە بولاتتى. ما بىلەن خۇنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەرگەن تەبىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خىتايلارنىڭ ئارىلىشىشىنى تېزلاشتۇرۇپ، بىر خىل مەدەنىيەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىدى.

8 ـ باپتا مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2010 ـ يىلىدىن بىرى شىنجاڭدا يولغا قويغان دىنىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى سىياسەتلىرىدىن، يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىقنى تەپسىلىي ئانالىز قىلىپ چىقىمەن. ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن يەكۈنلەنگەن يەنە بىر تەجرىبە شىنجاڭ رايونىدا «ئامانلىق»نى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك دېگەننى تونۇپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر شىنجاڭ مىقياسىدىكى چارلاش ۋە نازارەت قىلىش مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، چوڭ كۆلەملىك ۋەقە چىقىشقا پۇرسەت قالمايدىكەن. ئەمما بۇ خىل نەزەرىيەنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەنگەن. 

ئەمما شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن ئىگەللىگەن تەجرىبىلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس. گەرچە بۇندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلىشىپ، پارتلىتىش ۋە پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىشتەك توقۇنۇشلارنىڭ سانى ئارتىپ ماڭسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاسسىپ قارشىلىقلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8

# «ئاجايىپ مۇكەممەل بومبا»



ئالىم يىگىرمە ياشلاردىكى ئىگىز ۋە ئورۇق يىگىت بولۇپ، يېڭىدىن خەت تارتقان قارا بۇلۇتتەك بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن زوكام تەگكەندە چىققان قوقاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. 2010 ـ يىلى باھاردا ئىككىمىز دۆڭكۆۋرۈكتىكى ساياھەتچىلەر رەسىمگە چۈشىدىغان قىرى تۆگىنىڭ يېنىدا ئۇچراشتۇق. كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ئورۇمچى ۋەقەسىگە قاتناشقانلىقى، شۇنداقلا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ماڭا دەپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىدىن باشقا ئالىم ھەققىدە ھېچ نېمە بىلمەيتتىم. مەن كۆرۈشىدىغان نۇقتىغا يېتىپ كەلگىنىمدە يا سالاملاشمىدۇق، يا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىدۇق. مېنى كۆرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بوش ئاۋازدا «ماڭايلى» دەپلا قارشى تەرەپكە ماڭدى، مەنمۇ بىرئاز ئارىلىق تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. كوچىدا نۇرغۇن ھەربىي ۋە ساقچىلار چارلاپ يۈرگەچكە، ئالىم ئۆلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىر چەت ئەللىك بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىنى خالىمايتتى. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مۇخبىر غەيرەت نىياز چەت ئەللىك مۇخبىر بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى ئۈچۈن «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغان» دېگەن جىنايەت بىلەن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئالىم مېنى ئىككى ئۇيغۇر قىز قىرغۇچ يالتىراق سېتىۋاتقان بىر تار كوچىغا

باشلاپ كىردى. بىز تامدىكى چىنقىشلىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن بىر كىچىك جامەدىن ئۆتتۇق، جامە ئالدىدا بىر ئادەم ماشىنىسىنىڭ چاقىنى ئوڭشاۋاتاتتى. بىز ئىككى تەرىپى كونا تېلېۋىزورلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر كىچىك كوچىغا قايرىلدۇق. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ ئىشىكنى چەكتى. ھېچ قانداق ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن، قايتىدىن چەكتى.ئۇ «بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ بۇرۇتىنىڭ ئاستىنى تىلى بىلەن يالاپ قويدى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال گىلەم دۆۋلەپ قويۇلغان ئامباردىن ئۆتۈپ، گىلەم سېلىنغان بىر كىچىك ئۆيگە كىردۇق، بىز ھەر خىل قۇرۇق يەل يېمىش، تاتلىق تۇرۇم ۋە دەستىلەپ نان تىزىلغان كىچىك ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان كۆك كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردۇق. بېشىنى نەشپۈت رەڭ رومال بىلەن ئورىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بىر چەينەك چاي بىلەن پىيالە كۆتۈرۈپ كىرىپ، چاي قۇيىۋاتقاندا «ھامىمام» دېدى ئالىم. ھېلىقى ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر تەرەپكە قويۇپ قويغان قارا سومكىنى ئېلىپ، ئىچىدىن بىر لەپتوپ كومپيوتېرنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

«ئاۋۋال ماۋۇنى كۆرۈڭ» دەپ شاۋگەندىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى جەريانىدا ئېلىنغان بىر سىن فىلىمنى قويۇپ بەردى. مەن كىشىلەرنىڭ قېچىۋاتقانلىقىنى، ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ۋە قانغا مىلىنىپ جانسىز ياتقان ئادەملەرنى كۆردۈم.

فىلىم تۈگىگەندىن كېيىن، بىردەم جىمجىت گەپ قىلماي ئولتۇردۇق. ئاندىن ئالىم «ساقچىلار بۇنى توسۇپ قالمىغان، ھېچ كىمنى قولغىمۇ ئالمىدى، ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلسە ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ» دېدى.

بىز شاۋگەن ۋەقەسىنىڭ ئورۇمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانلىقى ۋە 5 ـ ئىيۇل نامايىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئاندىن ئۇ ماڭا يەنە بىر كۆرۈنۈشنى كۆرسەتتى، دەسلەپتە ئاپىرات مىدىرلاپ تۇراقسىز بولغاچ، ئالدىراش مېڭىۋاتقان ئادەملەردىن باشقا ھېچ نېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى، ئادەملەرنىڭ چىرايى غۇۋا، ئاۋازىمۇ ئېنىقسىز ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئادەملەر توپىدا تونۇش بىر چىرايىنى كۆردۈم، بۇ ئالىم ئىدى. ئۇ قولىنى ھاۋاغا شىلتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ مېڭىۋاتاتتى. چىرايىدىن

خۇشاللىق جىلۋىلىرى چىقىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئىچىنى بوشىتىپ، دەردىنى چىقارغاندەك مەمنۇنىيەتلىك چىقىپ تۇراتتى.

مەن يەنە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراپ شوئار توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئالىم نامايىشچىلار «ئادالەت» ياكى «ئۇيغىنىڭلار» دەپ شوئار توۋلىدى دېدى.

«نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زادى نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار سىياسەتكە چېتىلىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشمىسىلا چاتاق چىقمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا بىزدە قۇدرەت يوق. يۈرىكى بارلارغا ئۈچ يول بار، قولغا ئېلىنىش، تۈرمىدە ئۆلۈش، ۋەياكى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش».

بۇ سۈرەت نامايىشنىڭ دەسلەپىدە ئېلىنغان بولۇپ، توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا ئېلىنغان ئىدى. ساقچىلار كەلگەندە ئالىممۇ نەخ مەيداندا بار بولۇپ، ساقچىلار زورۋانلىق قىلغاندا ئۇلارغا قارشى تاش ئاتقانلارنىڭ بىرى ئالىم ئىدى.

«ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلمايمەن، لېكىن ئۇ كۈنى بەكلا غەزەپىمىز تېشىپ كەتكەن» دېدى.

گەرچە ساقچىلار نامايىشچىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ غەزىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئالىم ئۇلار بىلەن توقۇنۇشمىغان. «ئۇ كۈنى ئاخشىمى بىر خىتاينى قاتتىق دۇمبالاۋاتقان ئىككى بالىنى توسۇپ قالدىم، ئەگەر توسۇپ قالمىسام ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن بولاتتى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نېمىدەپ توسۇپ قالغاندىمەن دەپ قالدىم».

7 - ئىيۇل كۈنى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىشى ئالىمنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇ خىتايلار: «ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىپ، خىتايلارنى كۈچەيتەلى» دەپ شوئار توۋلىدى، دېدى.

ئالىمنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن ئالغان تەجرىبە - ساۋىقى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. ئۇ: «سىزدىن بىر سوئال سوراي، سىزنىڭچە مۇشۇنداق تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بولارمۇ؟» دېدى.

ھېچ ئويلانماستىن «ئەلۋەتتە» دەپ جاۋاب بەردىم، چۈنكى بۇ ئەڭ توغرا

يولـدەك بىلىنـدى.

«مەنمـۇ بـۇرۇن شـۇنداق ئويلىغـان، ئەممـا ئەمـدى بۇنـداق ئويلىمايدىغـان بولـدۇم. بىـز كـۆپ تىرىشـىپ باقتـۇق، ئەممـا ئـۇلار بىزنىـڭ گېپىمىزگـە قـۇلاق سـالمىدى. ئادەملىرىمىزنـى تۇتـۇپ تۈرمىگـە تاشـلاپ ئۆلتـۈردى. مېنىـڭ ئـاكام تۈرمـىدە هازىـر. بىكاردىـن سـۇلاپ قويـدى. يـا سـوت ئاچمايـدۇ، گۇناسـىز ئادەملەرنـى ئىككـى ئـاي هەتتـا يېرىـم يىـل سـۇلاپ قويىـدۇ» دەپ بېشـىنى چايقـدى ئالىـم. «بىزگـە كـۈرەش قىلىشـتىن باشـقا يـول قالمىـدى. ئەگـەر 100 ياكـى 1000 ئادەمنـى ئۆلتۈرەلەيدىغـان بىـر مۇكەممـەل بومبام بولغـان بولسـا، مەن چوقـۇم ئۇنـى ئىشـلىتەتتىم، ياكـى 1000 ئۇيغۇرنىـڭ قولـدا پىلىمـوت بولىدىغـان بولسـا، بىـرەر مىـڭ خىتاينـى ئۆلتۈرسـەكلا باشـقىلىرى قېچىـپ كېتىـدۇ» دېـدى.

«قېچىپ كەتمىسىچۇ؟»

«مېنىڭچـە كـۆپ قىسـمى قاچىـدۇ، ئەگـەر قاچمىسـا يەنـە مىـڭ خىتاينـى ئۆلتۈرسـەك هەممىسـى تىكىۋېتىـدۇ. ئـۇلاردا يـۈرەك يـوق» دەپ جـاۋاب بـەردى ئالىـم.



«بەلكىـم شـۇنداقتۇ، ئەممـا خىتـاي پۇقرالىـرى بىلـەن خىتـاي ئەسـكەرلىرى ئارىسـىدا پـەرق بـاردۇ؟ پۇقـرالار سـاڭا نېمـە يامانلىـق قىلـدى؟ دەپ سـورىدىم.

«ئـۇلار شـىنجاڭغا كەلگەنلىكـى ئۈچـۈن گۇناهـكار، ئەلۋەتتـە. قىـرى چـۆرە، ئاغرىـق سـىلاق، ئايالـلار ۋە بالـلار بۇنىـڭ ئىچىگـە كىرمەيـدۇ» دېـدى.

مەن توپىلاڭچىلارنىڭ نۇرغۇن ئايالالارنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سەمىگە سالدىم.

«ئـۇ خاتـا بولغـان» دېـدى ئالىـم، ئانـدىـن بىـر پارچـە قەغەزنـى قولىغـا ئالـدى. «بىزگـە ئـۈچ يـول بـار» دەپ قەغەزگـە قارىمـۇ قارشـى يۆنىلىشـلەرنى كۆرسـىتىدىغان ئـۈچ ئىسـتىرىلكا سـىزدى. «بىرىنچـى يـول، چـەت ئەلدىـن يـاردەم كىرىـش. ئامېرىـكا ياكـى بىرىتانىيەدىـن يـاردەم كېلىـش» دەپ بۇلارنىـڭ هەممىسـى خـۇددى مېنىـڭ سـەۋەنلىكىمدىن بولغانـدەك مـاڭا قـاراپ قويـۇپ، ئانـدىـن بىرىنچـى ئىسـتىرىلكىنىڭ ئۈسـتىگە كۆپەيتىـش بەلگىسـى قويـدى. «بۇنىـڭ مۇمكىنچىلىقـى يـوق. هېـچ كىممـۇ خىتـاي هۆكۈمىتىگـە گـەپ ئۆتكۈزەلمەيـدۇ. ئىككىنچـى يـول، تىنچلىـق بىلـەن نارازىلىـق بىلـدۈرۈش يولـى. بىـز هۆكۈمەتكـە يېقىنلىشـىپ،

ئۆلاردىن شارائىتىمىزنى ياخشىلاپ بېرىشنى كۈتۈش».

ئۇ بۇ ئىستىرىلكىنىڭ ئۈستىنىمۇ سىزىۋەتتى.

«ئۈچىنچى يول تالىبان. 2010 ـ يىلى ھېچ ۋەقە چىقمايدۇ. 2011 ـ يىلى بۇ يەرگە كېلىڭ، ئەگەر كەلسىڭىز شۇ چاغدا نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىڭىز كۆرىسىز» دېدى.

شۇندىن كېيىن ئالىم بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ۋەياكى سۆزلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. ئەمما 2011 ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ بىر يىللىقىدا، مەن توساتتىن ئالىمنى ئەسلەپ قالدىم ۋە كاللامدىن ئۈرۈمچىدە راستلا بىرەر ئىش چىقارمۇ دېگەن خىيال كەچكەن ئىدى. ئەمما ئۈرۈمچىدە ھېچ ئىش چىقمىدى، ئەمما 2011 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى ۋەقە يۈز بەرگەن. 18 ـ ئىيۇل كۈنى خوتەندە ساقچى ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ۋەقەنى «پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان جىنايى قىلمىش» دەپ بېكىتكەن. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دېيىشىچە پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن قوراللانغان بىر ئۈچۈم جىنايەتچى ئۇنسۇر ساقچى ئىدارىسىغا بېسىپ كىرىپ، ساقچىلارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، ئاندىن «بۆلگۈنچىلىككە قوتراتقۇلۇق قىلىدىغان» بىر بايراقنى چىقارغان. گەرچە بۇ بايانىنىڭ راس ـ يالغانلىقىنى مۇستەقىل يوللار بىلەن دەلىللەش مۇمكىن بولمىسىمۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەزكۇر ۋەقەنىڭ راسلىقىنى ئىنكار قىلمىغان، ئەمما ۋەقەنىڭ چىقىشىغا مەزكۇر رايوندا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان دەپ قارىغان.

30 ـ 31 ـ ئىيۇل كۈنلىرى قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىمۇ ئېنىق ئەمەس. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ئالدىنقى كۈنى ئىككى بومبا پارتلىغان بولۇپ، ئارقىدىن بىر قانچە ئادەم بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ماشىنىسىنى بۇلاپ كەچلىك بازارغا ھەيدەپ كىرىپ ئادەملەرنى باستۇرۇپ، پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلغان. گەرچە بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ھۇجۇمنىڭ خىتايلار توپلاشقان بازاردا يۈز بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى كۈنى بىر ئاشخانىدا پارتلاش يۈز بەرگەن بولۇپ، كېيىن بىر توپ ئادەم باستۇرۇپ كىرىپ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بىلەن بىر كۈتكۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئارىدىن



www.uyghurkitap.com

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ قولغا چۈشكەن بىر ھۇجۇمچىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى تەشكىللىگۈچى باش جىنايەتچىنىڭ پاكىستاندا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ تەربىيەلەش ئورنىدا بومبا ياساشنى ئۆگەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما 2011 - يىلى سىنتەبىردە ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى دەپ ئاتىۋالغان بىر تەشكىلات يۇقىرىقى ئىككى ۋەقەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا بۇ ۋەقە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. 2008 - يىلى مەزكۇر تەشكىلات بىر سىن ئالغۇ فىلىمدا ئۈزلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە يۇننەندە ئاپتوۋۇز پارتلىتىش ئېلىپ بارغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ۋەقە بىلەن چېتىشلىقى بولۇشى ناتايىن دەپ ئويلايمەن، ئەمما شۇنداقتىمۇ شىنجاڭدا قانچىلىغان ئۇيغۇر ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن ئالىمغا ئوخشاش خۇلاسىگە كەلگەندۇ دېگەن پىكىر كاللامغا كىرىۋالدى. ئالىمنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن يەكۈنلىگەن تەجرىبىسى مەيلى قانداق تىنچ يول بىلەن نارازىلىق بىلدۈرسەكمۇ ھۆكۈمەت ئوخشاشلا زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرىدۇ،خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامانلىقى ۋە مەنپەئىتىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئەمما بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىرىنچىدىن بىر چەت ئەللىككە يوشۇرۇن ھالدا بىر ھاكىمىيەتتىن (ياكى بىر مىللەتتىن) نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىش، ئىككىنچىدىن شەخسى ئاداۋەتنىڭ بولۇشىنى ئىپادىلەش بىلەن پىلانلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدىغان ئىقتىسادىي قۇدرەتنىڭ بولۇشى ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئەمما خۇددى سئان روبېرتس 2012 - يىلى شىنجاڭ ھەققىدە يازغان خەۋىرىدە دېگەندەك «نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، بەزىلەرنىڭ بۇ خىل ئۆچمەنلىكىنى زوراۋانلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئىپادىلىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس».

2009 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا ۋەقە كۆپ چىقىشقا باشلىغان. 2011 - يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى تاغلىق رايوندا ساقچىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان. ھۆكۈمەت تەرەپ بىر ئۈچۈم ئۇيغۇر پاكىستاندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىھادچىلارنىڭ لاگىرىدا تەربىيەلىنىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، تاغلىق رايونغا كەلگەندە بىر قانچە چارۋىچىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان. ساقچىلار ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغاندا ئۇلار ساقچىلارغا پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ساقچىلارنى ئوق چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان دېگەن. 2011 - يىلى ئىيۇلدىكى ۋەقەگە ئوخشاشلا بۇ قېتىمقى ۋەقە ھەققىدە ھۆكۈمەتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راس - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولمىغان. بەزى كۆزەتچىلەر بۇ ئۇيغۇرلار پاختىچىلىق بىلەن جان باقىدىغان يىراق ۋە نامرات يۇرتىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان زۇلمىدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىغا قىلىنغان بېسىملاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئىزدەپ يۇرتىنى تاشلاپ چىققانلار بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بولسا ھۆكۈمەت تەرەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن چەكلەنگەن دىنىي ماتېرىياللارنى ئىزدىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.



2012 - يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قارغىلىق ناھىيىسىدە يەنە ۋەقە چىققان بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىمۇ ھەر خىل خەۋەر قىلىنغان. ھۆكۈمەت تەرەپ سەككىز ئۇيغۇر ناھىيىنىڭ بەخت يولىدا كىشىلەرگە پىچاق ۋە پالتىلار بىلەن ھۇجۇم قىلغان دېگەن. ھۆكۈمەت ئاخباراتلىرىدا 15 پۇقرا ۋە بىر ساقچى ھۇجۇمدا ئۆلگەن دەپ خەۋەر قىلىنغان. ھۇجۇمچىلارنى ساقچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنى تېرورلۇق ھۇجۇمى دەپ بېكىتكەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ ئالدىن پىلانلانغانلىقىنى رەت قىلمىغان، ئەمما ھۇجۇمچىلارنىڭ ساقچى ۋە ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى ۋەقەگە مەزكۇر رايوندا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى سەۋەب بولغان دېگەن.

2013 - يىلى ئاپرېلدا قەشقەرنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە چوڭ ۋەقە چىققان. ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ قېتىمقى «تېررورلۇق ھۇجۇمى»دا 21 ئادەم ئۆلگەن دېگەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۈچ ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەھەللە كادىرلىرى بىر ئۆيگە يوشۇرۇنىۋالغان 14 ئادەمنىڭ يېنىدىن پىچاق بايقاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچ مەھەللە كادىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان. ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچ كادىر ۋە 12 ساقچىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ ئۆيگە ئوت قويىۋەتكەن.

ئىككى تەرەپ ئېلىشىش جەريانىدا ئالتە ھۇجۇمچى ئۆلگەن، سەككىزى قولغا چۈشكەن. بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە ھەر خىل ئوخشاشمىغان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ھېچ قايسىسى ئېنىقلانمىغان. شۇ مەھەللىدىكى بىر كىشى مەھەللە ئامانلىق خادىمى بىر ئايالنىڭ يۈزىدىكى رومالنى مەجبۇرى ئالدۇرىۋەتتىشى بۇ ۋەقەگە سەۋەب بولغان دېگەن. د ئۇ ق نىڭ دېيىشىچە ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى توختىماي ئاختۇرۇپ بىسەرەمجان قىلغانلىقىغا نارازى بولغان خەلق، ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان، ساقچىلار نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ بىر ياش يىگىتنى ئۆلتۈرىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن نامايىشچىلار قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان دەپ خەۋەر قىلغان. كېيىن قوشنا ناھىيدىكى بىر ساقچى خادىم بۇ قېتىمقى ئۆي ئاختۇرۇش تۇرپاندىن قېچىپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئىزدەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دېگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا تۇرپاندا بىر خىتاي بىر ئۇيغۇر بالىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، تۇرپان رايونىنىڭ ئامانلىق خىزمىتى كۈچەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەردىن قېچىپ چىققانلارنى ئىزدەش كۈچەيتىلگەن دېگەن. ئۇنىڭ گېپى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتكەن. 316

تۇرپاندا يۈز بەرگەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر بالىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى 2013 - يىلى 26 - ئىيۇن تۇرپاننىڭ لۇكچۇن رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەزكۇر ۋەقەدە35 ئادەم ئۆلگەن. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ باياناتىدا بىر توپ ئادەم پالتا، پىچاق كۆتۈرۈپ، يەرلىك ساقچى پونكىتىغا باستۇرۇپ كىرىپ24 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئارقىدىن ساقچىلار ئوق چىقىرىپ 11 ھۇجۇمچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن دېگەن. ھۆكۈمەت ئاخباراتلىرىدا بېرىلگەن خەۋەردە بۇ 1 - ئايدىن بېرى پىلانلىنىپ كېلىۋاتقان تېررورلۇق ھەرىكىتى بولۇپ، ئىككى ئادەم قانۇنسىز دىنىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسى تارقاتقان جىھاد قىلىش ھەققىدىكى تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرسەتكەن دەپ خەۋەر قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىدەكلا بۇ قېتىمقى ۋەقە ھەققىدىمۇ بۇ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل - ئىسپات كۆرسەتمىگەن. ئەمما لۇكچۇن ۋەقەسىنىڭ باشقا ۋەقەلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇرۇن باشقا يەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەققىدە ئۇتتۇرىغا قويغان چۈشەندۈرۈشلىرى لۇكچۈنغا ماس كەلمەيتتى. چۈنكى لۇكچۈن رايونى خىتاي نوپۇسى ئاز، ئىقتىسادى باياشات جاي بولۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ دىن ئىشلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ جەنۇبى شىنجاڭغا قارىغاندا كۆپ ئەركىن ئىدى.

گەرچە لۇكچۈن ۋەقەسى ھەققىدە ھەر خىل ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر خىتاينىڭ بىر ئۇيغۇر بالىنى زاۋۇتىغا كىرگەن ئوغرى دەپ خاتا تونۇپ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئەمەلىيەتتە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپىدە ساقچى تەرەپ جىنايەتچى خىتاينى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ خىتاي ئەقلى - ھوشىدىن ئازغان روھى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ دەپ قويۇۋەتكەن. مەھەللىدىكى دىنىي زاتلار بۇ قارارنىڭ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىدىن ھۆكۈمەتنى ئاگاھلاندۇرغان. شۇنداقتىمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىر نارازىلىقى قانداق بولۇپ شۇنچە ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىر ئېھتىماللىق ئاما نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىنچلىق بىلەن توپلىشىپ نامايىش قىلغاندا ھۆكۈمەت ئۇلارنى قوراللىق باستۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ تۇرپان رايونىنىڭ تورلىرىنى تاقىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ چىقىش تېخىمۇ قىيىنلاشقان. 2009 - يىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋەقە چىقىسلا تور مۇلازىمىتىنى توختىتىش شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان.



## قورقۇنچلار يەنە قايتىدىن ئەۋج ئېلىپ كېتەرمۇ؟

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار توقۇنۇشلاردىن قانداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن؟ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى دىنىي ئەسەبىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۆلگۈنچى تېررورچىلار سادىر قىلغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. گەرچە بۇ ۋەقەلەر جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان

يەرلىرىدە يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ھەممىسىنى بىردەكلا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىگە ئوخشاش تېررور ئورگانلىرىغا ئارتىپ كەلدى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىمۇ ۋەقە جىق چىقىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا بەكرەك نامرات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭدا چىققان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى تېررورلۇققا باغلاپ چۈشەندۈرۈشنى ئۆزگەرتمىگەن.

2014 - يىلى كۈنمىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن قىسمەن غەرب مەتبۇئاتلىرىدا، شىنجاڭدا ئىلگىرى يۈز بەرگەن، ئەمما سەۋەبلىرى ئېنىق بولمىغان توقۇنۇشلارنىمۇ يېڭىدىن تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ ئاتايدىغان بولىۋالغان. ئەمما شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، كۈنمىڭ ۋەقەسىدىن ئىلگىرى غەرب ئاخباراتلىرى ۋە ئاكادېمىكلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا چىققان ۋەقەلەرنى تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ چۈشەندۈرۈشىگە گۇمان بىلەن قاراپ كەلگەن. گەرچە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقەلەردە خىتاي قۇراللىق كۈچلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئوخشاش زوراۋانلىق كۈچى قوللانغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىسلام تېررور كۈچلىرى بىلەن باغلىنىشلىقى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل - ئىسپات يوق بولۇپ، بۇ خىل رىئاللىق 2000 - يىللاردىكى ۋەزىيەت بىلەن تامامەن ئوخشاش. گەرچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزىنى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى دەپ ئاتىۋالغان بىر تەشكىلات بويىنىغا ئالغان بولۇپ چىققان بولسىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر: «بۇ تەشكىلاتنىڭ قولىدىن توردا ۋىدىيو فىلىم قويۇشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ» دەپ باھا بەرگەن. پروفېسسور درۇ گىلادنى «ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى سايىدەك تۇتقىلى بولمايدىغان بىر تۇتامسىز تەشكىلات بولغىنى ئۈچۈن، ھەر قانداق بىر ئادەم مەن شۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى دەۋالسىلا قوللاشقا ئېرىشىدۇ» دەيدۇ. ئىلگىرى بۇ تەشكىلات توردا ئاسانلا تاپقىلى بولىدىغان فىلىملەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى بولمىغان قىسمەن ۋەقەلەرنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن 2008 - يىلى كۈنمىڭدا يۈز بەرگەن ئىككى ئاپتوۋۇز پارتلىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەقەسىنى بىز قىلدۇق دېگەن بولسىمۇ، كېيىنچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇ گېپىنى يالغانغا چىقارغان.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن يېتەرسىز بولغىنى ئۈچۈن زادى يوقىرىقى تەشكىلات ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ بۇ ۋەقەلەر بىلەن زادى مۇناسىۋىتى بارمۇ يوقمۇ دېگەن مەسىلىگە كېسىپ بىر نىمە دېمەك تەس. ئەمما ئوتتۇرىغا چىققان دەلىللەرگە قارىغاندا بۇ ۋەقەلەر قانداقتۇر مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىدىئولوگىيەلىك كۈرەش ياكى مىللىي زىيىدەتلەر ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئادالەتسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن تاسادىپى قارشىلىقلاردەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا خۇددى خىتاي مىقياسىدىكى نامايىشلارغا سەۋەب بولىۋاتقان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، دىنىي سىياسەت ياكى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ مېڭىۋاتقان زۇلمى، قانۇنسىز يەر ئىگەللىۋېلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر سەۋەب بولغان. ئەمما خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىر پەرقى، شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ ئادىل بولماسلىقى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي جەھەتتە چەتكە قېقىلىپ كەلگەن بولۇپ، خىتايلارغا قارىغاندا بەكرەك بوزەك بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1990 - يىللاردىن بىرى ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارغا قارىتا نازارەتنى كۈچەيتىپ (ئۆي ئاختۇرۇش، تۈركۈملەپ ئادەم تۇتۇش) كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي خەلقىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن.

شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ يەنە بىر پەرقى، ئوخشاش ۋەقەگە بولغان ئىنكاسلىرى ئوخشاش بولمىغان. 2013 - يىلى ئىيۇلدا بىر خىتاي بېيجىڭ ئايرىپورتىدا ئۆزىنى پارتلىتىۋەتمەكچى بولغان ۋەقەنى تېررورلۇق ھەرىكىتى دېمىگەن، 2013 - يىلى نويابىردا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن شەھرىدە پارتكوم بىناسىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بومبا پارتلاش ۋەقەسىنىمۇ تېررورلۇق ھەرىكىتى دېمىگەن. بۇنداق ئوخشاش ۋەقەگە ئوخشاش بولمىغان مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان، چۈنكى بۇ ۋەقەگە بېرىلگەن ئىنكاسلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ساقچى ۋە ئەسكەرلەر بۇ خىل

ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارغا ئوخشاش بولمىغان مۇئامىلىدە بولغان.

يېقىنقى ئىپتىقاندا، خىتاي دۆلىتى ئىسلام تېررورچىلىرىنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتىمۇ ئەمەس دېگەن مەسىلىگە كەسكىن، ئالدى بىلەن «ئىسلام تېررورچىلىرى» دېگەن زادى نېمە دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. 2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭ تيەن ئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن ماشىنا پارتلاش ۋەقەسى ھەققىدە نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولغان. 28 - ئۆكتەبىر كۈنى بىر جىپ ماشىنا مەزكۇر مەيداننىڭ يېنىدىكى قەدىمى ئوردا تېمىغا سوقۇلۇپ پارتلاپ كەتكەن بولۇپ، ۋەقەدە 3 ھۇجۇمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان5 ئادەم ئۆلگەن،40 تىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغان. بېيجىڭ ساقچى ئىدارىسى بۇنى ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان تېررورلۇق ۋەقەسى دەپ ئېلان قىلغان (كېيىن ھۇجۇمچىلارنىڭ بىر جۈپ ئەر - ئايال ۋە ئەرنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان). ساقچى تەرەپ ماشىنىدىن پىچاق بىلەن «جىھادچىلارنىڭ بايرىقى» تېپىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسىگە ئارتقان.



## كۇنمىڭ ۋەقەسى ۋە ئۇندىن كېيىنكى ۋەزىيەت

2014 - يىلى 3 - ئايدا كۇنمىڭدا يۈز بەرگەن ھۇجۇم خىتاينىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئادەمنى ئەڭ چۆچۈتىدىغان زورلۇق ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە شىنجاڭنىڭ تېشىدىلا يۈز بېرىپ قالماستىن نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇرۇنقى ۋەقەلەردىن پەرقلىق بولغان. مەزكۇر ۋەقە ئالدىن پىلانلانغان ۋە بىگۇناھ ئاممىنى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلغانلىقى ئۈچۈن، غەرب مېدىيەلىرىنىڭمۇ خىتاي ئاخباراتىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بۇ قېتىمقى ۋەقەنى تېررورلۇق ۋەقەسى دەپ خەۋەر قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. خىتاي ئاخباراتلىرى بۇ قېتىمقى ۋەقەنى «خىتاينىڭ 11 - سىنتەبىر ۋەقەسى» دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇنى «يېقىنقى20 يىلدىن بېرى يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنىڭ داۋامى» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. خىتاينىڭ «يەرشارى ۋاقىت» گېزىتى مەزكۇر ۋەقە

www.uyghurkitap.com

بىلەن تىيەن ئەنمېن ۋەقەسىنى «بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا بىگۇناھ پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىدىغان يىرگىنىشلىك يۈنىلىشى» بولۇپ قالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

نۇرغۇنلىغان غەرب ئاخباراتلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا بولغان بولۇپ، كۈنمىڭ ھۇجۇمىنى «ختاينىڭ قايناپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى» دەپ قارىغان. يۇقىرىقى قۇرلار ب ب س نىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدا، ئەگەر ھۇجۇمچىلارنىڭ ھەممىسى راستىنلا شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىلا ئاندىن شۇنداق دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قېتىپ قويغان (مەزكۇر ھۇجۇمچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىكەن دېگەن قاراشتىن باشقا دەلىل - ئىسپاتلار كۆرسىتىلمىگەن).

بەختكە قارشى، قىسمەن ئاخبارات ۋاستىلىرى كۈنمىڭ ۋەقەسى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەندە بۇنداق ئېھتىياتچان بولمىغان. مەسىلەن، كىۋارتس دېگەن تور بېتىدە مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە بىر ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «ختاينىڭ پويىز ئىستانسىسىدە يۈز بەرگەن ھۇجۇمدىن تېررورىزمنىڭ شىنجاڭدىن قانداق قىلىپ باشقا رايونلارغا كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ» دېگەن تېما قويۇلغان بولۇپ، ئاستىغا ئىنفوگرافىيەلىك غوۋا نۇسخىدا «2005 - يىلىدىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان تېررورلۇق ھۇجۇملار ۋە مىللىي توقۇنۇشلار» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر ماقالىدە بۇ قېتىمقى تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ شىنجاڭنىڭ تېشىدا يۈز بېرىشىنىڭ ئۆزى، توپىلاڭچىلارنىڭ باشقا يەرلەرگە كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ دەپ يېزىلغان. مەزكۇر ۋەقەنىڭ باشقا ۋەقەلەر بىلەن چېتىشلىقى يوق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن نۇرغۇن يازمىلارغا قىلچە ئېتىبار بېرىلمىگەن. گەرچە بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئالدىن پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمما ھۇجۇمچىلارنىڭ پەقەت پىچاق، خەنجەر بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىدىنلا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئۇقتىسادىي ئاساسى ۋە تەشكىللىنىشىنىڭ ئۇ قەدەر يۇقىرى ھەم پۇختا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمما كۈنمىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن خەۋەرچىلىك نامىدا نۇرغۇنلىغان ئاساسسىز پەرەزلەر غەرب ئاخباراتلىرىدا يامراپ كەتكەن. كۈنمىڭ ۋەقەسىنى

ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى تېرروررىزم ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلار كىرىشتۈرۈلۈپ خەۋەر قىلىنغان. س ن ن بىلەن ب ب س ھەر ئىككىسى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكەت پارتىيەسىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تىزىمىغا كىرگۈزگەن دەپ خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەزكۇر تىزىملىكتىن كېيىن يوشۇرۇنچە چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى تىلغان ئالمىغان. س ن ن يەنە: «ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى 2008 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى شاڭخەي ۋە يۈننەن قاتارلىق جايلاردا ئاپتۇۋۇز پارتلاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان» دېگەن بولسىمۇ، بۇ خەۋەرلەرنى كېيىن ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىمۇ يالغان دەپ ئىنكار قىلغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. «ئېكونومىست» ژورنىلى «شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى ماجىراسىز تىنچ ئۆتكۈدىغان ھەپتىلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك» دەپ خەۋەر قىلغان. ئەگەر بۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە پۈتۈن خىتاينىمۇ شۇنداق دېيىشى كېرەك، چۈنكى خىتايدا ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، كۈنمىڭ ۋەقەسى بۇندىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر - بىرى بىلەن ھېچ قانداق باغلىنىش بولمىغان ۋەقەلەرنى مەجبۇرى بىر - بىرىگە باغلاپ خەۋەر قىلىشقا ئىجازەتنامە بولۇپ بەرگەن. بۇ ۋەقەلەرنى باغلاپ چۈشەندۈرۈش پەقەت تىل ئىشلىتىش مەسىلىسىدىكى ئىش بولۇپلا قالماي، بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنى باھانە قىلىپ، بىخەتەرلىك نامىدا شىنجاڭ رايونىدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان قاتتىق قوللۇق سىياسىتىگە مەدەت بولىدۇ.



كۈنمىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي تور بەتلىرىدە ئۇيغۇرلارغا قارشى يازمىلار يامراپ كەتكەن. مەركىزى ھۆكۈمەت گەرچە ھۇجۇمچىلارنىڭ مىللىتى مۇھىم ئامىل ئەمەس دەپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قىسمەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دەل ئەكسىچە ئوت ئۈستىگە ماي چاچقان. يۈننەن بىلەن چېگراداش گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ بىر يەرلىك ھۆكۈمىتى پۇقرالارغا ئۆز تەۋەلىكىدە ئۇيغۇرلارنى بايقاپ قالسا ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىلىشنى بۇيرۇپ ئېلان چىقارغان. بۇنداق ئۇقتۇرۇشلار باشقا ئۆلكىلەردىمۇ كۆرۈلگەن.

ئەمما توردا ئوبيېكتىپ پىكىر قىلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ چىققان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

خىتايدىكى داڭلىق بىلوگ يازغۇچى خەن خەن تېررورىزمنى ئەيىپلەپ يازغان يازمىسىدا «ئۆچمەنلىكىمىزنى ۋە غەزىپىمىزنى بىر مىللەت ياكى بىر دىنني ئېتىقادقا قاراتمىساقكەن دېگەن ئۈمىدىم بار» دەپ يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يازمىسىنى ئوقۇغانلارنىڭ سانى 200 مىڭغا يەتكەن. كۇنمىڭ ۋەقەسى يەنە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتلىرىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر رېئاللىقنى ئاشكارىلىغان. خىتايدىكى مۇستەقىل ئىز قوغلاپ خەۋەر بېرىدىغان «جەنۇبىي خىتاي ھەپتىلىك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى فېڭ شىئاڭ ۋېيبو تورىبېتىدىكى شەخسىي سەھىپىسىگە «ھۆكۈمەت زادى نېمە بولغانلىقىنى ھەرگىز دېمەيدۇ» دەپ يازغان. باشقىلار ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، بىرى «شىنجاڭدا زوراۋانلىق بىلەن ئامانلىق ساقلاش مېنىڭچە توغرا ئۇسۇل ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندىلا ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلالايمىز» دەپ يازغان. مەزكۇر تورداشنىڭ بۇ ئۈچۈرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىبىجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تور نازارەت ساقچىلىرى ئۇنى «بىر ئاممىۋى ئەرباپ بولغاندىكىن، قىلغان سۆزلىرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. خىتاي قانۇنىغا ئاساسلانغاندا بىرەر يازما كۆپ قېتىم كۆرۈلسە ۋە «پىتنە - پاسات تارقاتقانلىقى» ئىسپاتلانسا ئاپتورى تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

2014 - يىلى 9 - ئايدا كۇنمىڭ ۋەقەسىدە تىرىك قولغا چۈشكەن4 جاۋابكارغا سوت ئېچىلغان بولۇپ، ئۈچ ئەرگە ئۆلۈم جازاسى، بىر ئايال جاۋابكارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دائىم «دىنني ئەسەبىيلىك» تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلغان تېررورلۇق ھۇجۇمى دېگەن چۈشەنچىسىنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، مەزكۇر ۋەقەنىڭ ھەقىقي سەۋەبى ئېچىلمىغان سىر پېتى قالغان. ئەلۋەتتە، كۇنمىڭ ۋەقەسى زوراۋرىيتى بولمىغان ۋەھشىيانىيە ۋەقە، ئەمما بۇ ھەرگىز بۇ ۋەقە ھەققىدە دەلىل - ئىسپات بولمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىكتىن بىشارەت بەرمەيدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پەنتۋاسىدىن باشقا مەن بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا

مەزكۇر ۋەقەنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ يۈننەن ئارقىلىق لائۇسقا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە سىياسىي پاناھلىق تىلەشنى نىيەت قىلغان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن نۇرغۇن خوتەنلىك ئۇيغۇر يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ، يۈننەن ئارقىلىق شەرقى جەنۇبى ئاسىياغا بېرىپ پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن يولغا چىققان. 2013 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 30 غا يېقىن ئۇيغۇر قاچاقچى لائۇس چېگراسىدا تۇتۇلۇپ قالغان. كۆنمىگ ھۆججەتچىلىرى شۇ قېتىم توردىن چۈشۈپ قالغانلار بولۇپ، ھۆكۈمەتتىن ئۇلارنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. ئۇلارنىڭ يا يەرلىك كىملىكى، يا پاناھلىنىدىغان يېرى بولمىغاچ، بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغان. ئۇلار يا خىتايدا تۇرالماي، يا لائۇسقا چىقىپ كېتەلمەي ئۈمىدسىزلىكتە قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاجسىزلىقتىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئۇچۇرنى كۆنمىگلىق بىر كىشى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا تەمىنلىگەن. مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇخبىرلار مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىتەرەپلىكىگە گۇمان بىلەن قاراپ كەلگەن. ئەمما يۇقىرىقى ئۇچۇر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەتتى. 2009 ـ يىلىدىن بېرى شەرقي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قېچىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپىيىپ ماڭغان. ئەمما چىقىپ كېتەلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بەختەرلىكىمۇ كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن، چۈنكى ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرسە ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 2009 ـ يىلى كامبودژا ھۆكۈمىتى ئۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان20 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇلاردىن2 كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، بىرىگە17 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن. 2010 ـ يىلى لائۇس7 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن، 2011 ـ يىلى مالايسىيا 11 ئۇيغۇرنى قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى شۇ دۆلەتلەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا قايتۇرۇۋېتىلگەن. مەن بۇ كىتابنى يېزىۋاتقىنىمدا خىتاي ھۆكۈمىتى تايلاندنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى سوڭخلا رايونىدا پاناھلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى سۈرىيەگە بېرىپ تېررورچىلارغا

قېتىلىشنى نىيەت قىلغان جىھادچىلار دېگەن باھانە بىلەن خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئايال ۋە كىچىك بالىلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ جىھادچىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ (چۈنكى جىھادچىلار ئادەتتە ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى بىرگە ئېلىپ ماڭمايدۇ).

ئەلۋەتتە، كۈنمىڭ ۋەقەسىنى چېقىش يولى قالمىغان پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئېلىپ بارغان دېگەن قاراش پەقەت بىر پەرەزدىن ئىبارەت، خالاس. چۈنكى خىتايدا بۇنداق ۋەقە سادىر قىلغۇچىلارنىڭ تەپسىلاتلىرى دائىم ئېنىقسىز قالىدۇ (ئەگەر خىتاي دائىرىلىرى ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلمىسا، شۇنداقلا ئاخبارات ئەركىنلىكىنى يولغا قويمىسا، بۇ خىل ئەھۋال يەنە داۋاملىشىشى تۇرغانلا گەپ). ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىۋاستە دەلىللەر بولمىسىمۇ، ئەمما يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ بۇ تېررورىستلار ئەسلىدە چەت ئەلگە چىقىپ جىھاد قىلىشقا قاتنىشىش پىلانى تۈزگەن دېيىشىدىن بۇ قاراشنىڭ تامامەن ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

325

گەرچە كۈنمىڭ ۋەقەسىنىڭ نۇرغۇن تەپسىلاتلىرى ئېنىقسىز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ ۋەقەگە قايتۇرغان ئىنكاسى كەسكىن بولغان. شىجىن پىڭ ھۆكۈمىتىمۇ خۇددى 2009 - يىلى يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى ۋەقەسى، 1997 - يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا ۋەقەسى ۋە 1990 - يىلى يۈز بەرگەن بارىن ۋەقەسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. 2014 - يىلىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت بىخەتەرلىكنى قاتتىق كۈچەيتىپ، «قانۇنسىز ھەرىكەت»لەرگە قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك دەپ ئېلگىرى سۈرگەن. شىجىن پىڭ «تېررورىستلارنى خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاندەك ھەممە ئادەم قوغلاپ زەربە بېرىدىغان قىلىۋېتىش كېرەك» دېگەن. نەتىجىدە شىنجاڭدىلا ئەمەس، پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا بىخەتەرلىك كۈچەيتىلگەن بولۇپ، ئايرىپورت ۋە ۋوگزاللاردا ئامانلىق كۈچەيتىلگەن. بېيجىڭ شەھىرىدە تيەن ئەنمېن مەيدانىنىڭ بىخەتەرلىكى كۈچەيتىلىپ، 2013 - يىلى 10 - ئايدا

يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئوخشاش ۋەقەنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماشىنا يولى بىلەن پىيادىلەر يولى ئوتتۇرىسىغا سېمونت توسۇقلار قويۇلغان. بۇلار گەرچە ئەقىلگە سىغىدىغان چارىلەر بولسىمۇ، قىسمەن چارىلەر سەل ئوشۇقچە بولغان. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت ئاممىۋى قاتناشلارغا قېتىق ۋە سۇ بوتۇلكىسى ئېلىپ چىقىشنىمۇ چەكلىۋەتكەن، قەشقەردە بولسا چاقماق ۋە سەرەڭگە كۆتۈرۈپ يۈرۈش مەنئى قىلىنغان.

خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىنتېرنېت تورىغا بولغان نازارەت كۈچەيتىلگەن. 2014 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئاقسۇ ھۆكۈمىتى ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ گۇمانلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلارنى پاش قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، «توردىن قانۇنسىز ماتېرىياللارنى چۈشۈرگەن، كۆپەيتكەن ياكى باشقىلارغا تارقاتقان، ياكى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى مەزمۇنلاردىكى ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى قويغانلارنى بايقىغانلار ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىلسا پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنغان. تېلېفون ياكى كومپيۇتېردا قانۇنسىز فىلىملەرنى كۆرگەنلەرنى پاش قىلغانلارغىمۇ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان. 2014 - يىلى 5 - ئايدا ھۆكۈمەت گېزىتىدە 2013 - يىلى 3 - ئايدىن تاكى شۇ كەمگىچە جەمئىي 232 ئادەم «زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇققا ئائىت فىلىملەر»نى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان دەپ خەۋەر بەرگەن.

ئەمما بىخەتەرلىك ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتكەنگە قارىماي ئۈرۈمچىدە بىر ئاي ئىچىدە ئىككى چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەن. 2013 - يىلى 30 - ئاپرېل كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي ۋوگزالىدا بومبا پارتلاپ ئۈچ ئادەم ئۆلگەن، 79 ئادەم يارىلانغان. ھېچ كىم بۇ ۋەقەگە مەسئۇل چىقمىغان، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى قوللاپ قىلغان خىتابنامىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى خاتا ھالدا بۇ تەشكىلات مەزكۇر ۋەقەنى ئۈستىگە ئالغان دەپ تەشۋىق قىلغان. مەزكۇر ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئېنىق بولمىسىمۇ، بەزىلەر بۇ ۋەقە سىچۇەننىڭ چېڭدۇ شەھىرىدىن پەسىللىك ئىشچى ئېلىپ كەلگەن پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. سىچۇەنلىك بىر كۆچمەن

خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئەمگەك بازىرى ھەققىدە رىئۇتېر ئاگىنتلىقىغا بەرگەن ئۇچۇرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىدىن پەرقلىق بولغان بولۇپ، ئۇ «بىز شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ بۇ يەرگە ئىشلەشكە كېلىشىمىزدىكى سەۋەب، بۇ يەردە مائاش ئۇستۈن... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولۇپ، بۇ ئىشلارنى قىلىشقا يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە ئېھتىياجى چۈشكەن» دېگەن.

ئۈرۈمچىدە ئامانلىق ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىشمۇ 22 - ماي يۈز بەرگەن ۋەقەنى توسۇپ قالالمىغان. شۇ كۈنى ئەتىگەندە خىتايلارنى ئاساس قىلغان بىر ئەتىگەنلىك بازارغا ئىككى ماشىنا بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان. نەخ مەيدانىنى كۆرگەن بىر گۇۋاچى ئىككى دالا ماشىنىسىنىڭ يانمۇ يان ئاستا مېڭىپ ئادەملەرنى باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ: «بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياشانغانلار بولۇپ، ماشىنا سوقۇۋەتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالغاندا ئۇستىدىن باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى» دەيدۇ. ئارقىدىن ماشىنا ئىچىدىن ئادەملەر توپىغا بومبا ئېتىلغان ۋە كېيىن ماشىنا ئىچىدە پارتلاش يۈز بېرىپ ئوت ئېلىپ كەتكەن. شۇ يەردىكى بىر دۇكاندار: «مەن تېخى يەر تەۋرىگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن» دېگەن. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە 30 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، خۇددى بۇرۇنقىدەكلا بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبىمۇ ئېنىقسىز قالغان.

2014 - يىلى ياز پەسلىدە ھۆكۈمەت ئامانلىق خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غۇلجا شەھرىدە 7000 كىشى قاتناشقان ئوچۇق سوتتا55 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە تېررورچىلارمۇ بار ئىدى. گەرچە بۇنداق چوڭ كۆلەملىك ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىلىشلىرى 1997 - يىلدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇرۇنقى «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكەتلىرىدە دائىم ئېچىلىدىغان بولۇپ، غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئازلاپ قالغان. بۇ خىل سوتنى قايتا ئېچىشتىكى مەقسەت، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلارنى كونترول ئاستىغا ئالغانلىقىدىن بىشارەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا

باشقا جىنايەتچىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

خۇددى ئويلىغاندەك ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. رامىزان ئېيىدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى روزا تۇتماسلىققا مەجبۇرلىغان. گەرچە بۇ خىل ئىشلار 2001 - يىلىدىن باشلاپلا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، 2014 - يىلى ھۆكۈمەت نازارىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. قەشقەردىكى بەزى ئىدارە جەمئىيەتلەر چۈشلۈك تاماققا كەلگەن كادىرلارنى تىزىملىغان، ئالىي ۋە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىپتاردىن بۇرۇن سۇ ئىچىشكە مەجبۇرلانغان. بەزى كۈنلىرى ئەتىگەنلىك زوھۇرلۇق ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا تۇيۇقسىز تەكشۈرۈپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روزا تۇتۇشى توسۇلغان. قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفون ۋە كومپيۇتېرلىرىدە دىنىي مەزمۇنغا ئائىت نەرسىلەر بارمۇ يوق دەپ تەكشۈرۈلگەن.

دىن ئۆگىنىشمۇ قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان. ھۆكۈمەت 190 كىچىك بالىنىڭ قانۇنسىز دىن ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىدىن «قۇتقۇزۇلۇپ»، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. زادى قانداق مەكتەپ قانۇنسىز دىنىي مەكتەپ بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئېنىق بولمىسىمۇ، خىتاي قانۇنىغا ئاساسلانغاندا ھۆكۈمەت تىزىملىكىدە بار، رۇخسەت نامىسى بار ئورۇنلاردىن باشقا يەرلەردە، ھەتتا ئۇشاق بالىلارنى توپلاپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشمۇ قانۇنسىز دەپ مەنئى قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئىشلارنى ئەزەلدىن تارتىپ ھۆكۈمەت تەرەپ بىسەرەمجان قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بالىلار بۇ خىل مەكتەپكە زورلاپ يىغىۋېلىنغان دېگەن پەتىۋا يېڭىدىن چىققان ئىدى.

2014 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر ھەممىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئاممىۋى سورۇنلاردا قانداق كىيىملەرنىڭ زامانىۋى كىيىملەر، قانداق كىيىملەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن باغلىنىشلىق قالاق كىيىملەر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ساقال قويۇۋېلىشنىمۇ قانۇنسىزلىق دەپ كۆرسىتىدىغان ئېلان تاختىلىرى يامراپ كەتكەن. ھۆكۈمەت بىنالىرىدىمۇ شۇنداق ئېلانلار تەكرارلانغان. قارىماي شەھىرىدە يۈزىنى ئورىۋالغان ئاياللار ۋە ساقال قويۇۋالغان ئەرلەر ئاممىۋى قاتناشلارغا چىقىرىلمىغان.

www.uyghurkitap.com

قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا يول توسۇقلىرىدا يۈزىنى ئورىۋالغان ياكى نىقاپ ۋە ھىجاب كىيگەن قىز - چوكانلار يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. «گۈزەللىك تەربىيەسى» نامى بىلەن قىسمەن ئاياللارغا يۈزىنى ئېچىۋېتىشنىڭ ياخشىلىقى ھەققىدە ئىشلەنگەن تەشۋىقات فىلىملىرى كۆرسىتىلىپ «زامانىۋى مەدەنىيەتكە خاس ئادەم بولۇش» قا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەردە ئاياللارغا مۇسۇلمانچە كىيىنىشنىڭ زىيىنى ھەققىدە نەسىھەت بېرىلگەن بولۇپ، ھەتتا قارا نىقاپ كىيسە بۆۋاقلارنىڭ قورقۇپ كېتىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تۈرپاندا يەرلىك ھۆكۈمەت ئاممىۋى سورۇندا نىقاپ ياكى ھىجاپ كىيگەن ئاياللاردىن 500 يۈەن جەرىمانە ئېلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى «دىنىي ئەسەبىلىك»كە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان چارىلەر دەپ ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇنى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە قىلىنغان يەنە بىر ھۇجۇم دەپ قارىغان.

329

## ئىلھام توختىنىڭ سوتقا تارتىلىشى «ھەددىدىن ئاشقان پەسكەشلىك»

خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى دائىم ئۆزىنى نۇقسانسىز پارتىيە دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، گاھىدا قىسمەن مەسىلىلەردە خاتالاشقانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان ۋاقىتلار بولغان. ئەمما ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسىتىدە 1980 - يىللاردا خۇجىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان قىسمەن تەۋسىيەلەردىن باشقا ھېچ قانداق قولغا چىققۇدەك ئۆزگىرىش بولمىغان. 2013 - 2014 - يىللىرى شىنجاڭدا توختىماي ۋەقە چىقىۋاتقان بىر مۇھىتتىمۇ ھۆكۈمەت گېزىتلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، شى جىنپىڭ قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتىدە ھېچ قانداق خاتالىق يوق دېگەن گەپلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، مىللىي سىياسەتنى قوللاپ كەلگەن. ھۆكۈمەت ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكى «نەمۇنىچى يېزىلار»نى تاللاپ چىقىش ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ داشى كەنتىنىڭ تەرەققىياتىنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيە سىياسىتىنىڭ توغرا

ئىكەنلىكىنىڭ مىسالى قىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنى «پارتىيەنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ نامايەندىسى، شۇڭا خەلق باياشات ياشاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭدىكى مەسىلىگە پارتىيەنىڭ سىياسىتى ئەمەس، بەلكى پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە توسالغۇلۇق قىلغۇچىلار سەۋەب بولغان.

2014 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىسى ئىلھام توختىغا قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن. ئىلھام توختىغا «بۆلگۈنچىلىك» قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئىلھام توختىنىڭ ھەقىقى «جىنايىتى» ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي سىياسىتىنى ئاممىۋى مۇنبەرلەردە تەنقىت قىلىش بولغان. ئىلھام توختى خىتاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا ۋە ئالاقىلىشىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش نىيىتىدە 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ئۇيغۇر بىز» دېگەن تور بېتىنى قۇرغان. ئەمما خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى «ئىلھام توختى بۇ تور مۇنبىرىدە ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى يولدىن ئازدۇرۇپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرلاش ۋە ئالداش ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچى گۇرۇھى بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلاپ ماڭغان» دەپ خەۋەر قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئېغىر جازاغا ئۇچرىشىدىكى سەۋەب ھەققىدە توختىلىپ، ئىلھام توختىنىڭ جىنايىتىنى تۇنۇش پوزىتسىيەسى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر جازا بېرىلگەن دېيىلگەن.

2014 - يىلى 1 - ئايدا ئىلھام توختى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ 10 نەپەر ئوقۇغۇچىسى قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ زادى قانداق خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئىلھام توختىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، دەرسخانىدىمۇ نازارەت ئاستىدا بولغان. بۇ جەرياندا بىر قانچە قېتىم قولغا ئېلىنىپ، يەنە قويۇۋېتىلگەن بولۇپ، 2009 - يىلىمۇ بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ يەنە قويۇۋېتىلگەن. 2014 - يىلى ھۆكۈمەت ئۇنى بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىگەندىلا ئۇنىڭ ھەققەتەن ئېغىر خەتەر ئىچىدە قالغانلىقى ئايان بولغان، چۈنكى ھۆكۈمەت

www.uyghurkitap.com

ئۇنى مەڭگۇ سۈكۈت قىلدۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

ئىلھام توختىغا بۆلگۈنچى دېگەن جىنايەتنى ئارتىشنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن يېرى شۇكى، ئۇ ھېچ قاچان شىنجاڭنى خىتايدىن بۆلۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەرغىپ قىلمىغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىككە بولغان قارىشىمۇ قاتمال ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇرۇن: «ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىلىكىنى ۋە ئىلغار تەرەپىنى قارا - قويۇق تەكىتلەپ، ئايرىمچىلىق قىلىش كاللىنىڭ ئازات بولمىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدىغان كونا قاراش. بۇنداق قىلىش ئاخىرىدا قوغدىماقچى بولغان مەدەنىيەتنى يوقىلىشقا باشلاپ بارىدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ «ساختا ۋە ئويدۇرما ئىنتىپاقلىقنى خەلققە تېڭىشى خاتا، مەمۇرى ۋاسىتىلەر بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى مەجبۇرلاپ بىر يەرگە ئەكىلىشى، ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىق ئىشلەتكەنلىك بىلەن باراۋەر، بۇنىڭ ئاقىۋىتى بۆلگۈنچىلىككە باشلاپ بارىدۇ. ئەمما ئوخشاش مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىنتىپاقلىقىغا پايدىلىق» دەپ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تەنقىت قىلغان.

ئەمما ئىلھام توختىنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشىغا 2013 - يىلىنىڭ بېشىدا شى جىن پىڭ ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن خىتاينىڭ سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەب بولغان. چۈنكى شۇندىن تارتىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە چەت ئەل ئاخباراتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ۋە ئىنتىرنېت تورىغا بولغان كونتروللۇقى كۈچەيتىلگەن. 2013 - يىلى 10 - ئايدىكى تيەن ئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن ماشىنا پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ۋەقەگە بەرگەن ئىسلام تېررورچىلىقى سەۋەب بولغان دېگەن تەبىرىنى تەكرارلىماي، بۇ ۋەقەگە باشقا ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىلگىرى سۈرۈشى ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تەككەن. شۇندىن تارتىپ ئۇ ھۆكۈمەت نەزىرىدىكى بىر جازالاش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ رېيۇتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا «زورلۇق قوللىنىشقا سەۋەب بولغىنى باشقا نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان يوللارنىڭ قالمىغانلىقىدىن بولغان» دېيىشى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دېگەنلىرىنى رەت قىلغانلىق ئىدى.

مۇشۇ خەۋەر چىققاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان. 2013 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ماشىنا بىلەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى سوققان. ماشىنىسى سوقۇلغاندا ئىككى نارەسىدە بالىسىمۇ ماشىنىدا بار ئىدى. ئارقىدىن ساقچىلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئەگەر يەنە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان بولساڭ پۈتۈن ئائىلەڭنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالغان. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ دېيىشىچە كېچىلىرىمۇ كىشەن بىلەن ئۇخلىغان. تەپتىش ئىدارىسى ئىلھام توختى تۈرمىدە قەستەن يۈتىلىپ باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن جېدەل چىققان، شۇڭا پۇتىغا كىشەن سېلىنغان دېگەن قاملاشمىغان باھانىنى كۆرسەتكەن. تۈرمىدە ئۇنىڭغا ھالال يېمەكلىك بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئون كۈن ئاچلىق ئېلان قىلغان.

خىتايدا ئىلھام توختىدەك مۇھىم دىلولارنىڭ ھۆكمى دائىم ئالدىن بېكىتىلىدۇ. سوت ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قىسقا ئېچىلغان (ئىلھام توختىنىڭ سوتى ئىككى كۈنلا داۋاملاشقان)، بۇنىڭدىن خىتاينىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى خىتاي دۆلىتى باشقىلار دائىم پەرەز قىلغاندەك ھەددىدىن زىيادا ھاكىم مۇتلەق (تۇتالىتار) دۆلەت ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسى سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئىلھام توختى ھۆكۈمگە قايىل بولماي ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەرزى 2014 ـ يىلى 11 ـ ئايدا رەت قىلىنىپ قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئەگەر خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتىدە بىر ئۆزگىرىش بولمىسا، ئىلھام توختى تۈرمىدە ئۇزۇن يېتىپ كېتىدۇ.



## كونا مۇقامنى تەكرارلاش

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىلھام توختى ئوتتۇرىغا قويغاندەك مەنتىقىگە ئۇيغۇن، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا پايدىلىق مىللىي سىياسەت ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئىنتايىن روشەن بولسىمۇ، خۇددى ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە 2013 ـ 2014

- يىلىدىكى ۋەقەلەرگە تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇغاندەك، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. بۇ ۋەقەلەرنىڭ زادى ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتىگە كۆرسىتىلگەن قارشىلىقمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، ھازىرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ چارىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىدا شەك يوق. مۇشۇنداقلا كېيىنتۇەرسە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشىشقا قاراپ ماڭغۇسى.

بۇ كىتابنى يېزىۋاتقىنىمدىمۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىشتىن يانمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. گەرچە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت كادىرلارنى تۆۋەنگە ئەۋەتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، بۇ سىياسەتنىڭ ئەسلى ئوبيېكتى ئۇيغۇرلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلغانلىقى ئېنىق. 2014 - يىلى يولغا قويۇلغان كادىرلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈپ ئاممىنىڭ رايىنى سىناپ، مۇڭ- ھالىنى ئاڭلاپ، مۇشكۈللىرىنى ھەل قىلىش سىياسىتى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دېيىلگەن. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ كادىرلارغا ھەر بىر يېزا ھەققىدە تەپسىلى ئۇچۇر توپلاپ، يېزىنىڭ نوپۇس سانى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ جان سانى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، دىنىي قارىشى، ئەرلىرى ساقال قويامدۇ، ئاياللىرى يۈزىنى ئورىۋالامدۇ دېگەندەك ئۇچۇرلارنى يىغىشقا بۇيرىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆۋەنگە كادىر ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈدىغانلىقىنى يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى 2010 - يىلىدىكى شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئوخشاش، بۇ پىلاندىمۇ خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى پىلاندىمۇ بىڭتۇەننى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى قىلىپ، ئىچكىرىدىن تېخىمۇ كۆپ خىتاي يۆتكەپ چىقىپ، بىڭتۇەننى زورايتىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. 2014 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى بىڭتۇەنگە كېلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ نۇرغۇن



www.uyghurkitap.com

ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرنى بەرگەن بولۇپ، بۇ خەۋەرلەرنىڭ بىرىدە بىڭتۇەنلىك50 جۈپ خىتاي ياشنىڭ ئۈرۈمچىدە كوللېكتىپ توي قىلىشىنىمۇ بىر ئارتۇقچىلىق سۈپىتىدە تېلېۋىزوردا خەۋەر قىلىشى ھەممىدىن غەلىتە بىر ئىش ئىدى. بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ توي بىڭتۇەننىڭ باياشات تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات بولۇپ (گەرچە بىڭتۇەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنداق رونَاق تاپقان بولمىسىمۇ)، بۇ جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە ئېرىشكەن باياشات تۇرمۇشنى نامايەندە قىلغان. بىر خىتاي يىگىت قىزغىنلىق بىلەن «مەن بۇ يەرنى سۆيىمەن، بۇ يەردە تالانتىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز» دەيدۇ، ئايالىمۇ يالغانلادىن «شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، خەلقى سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل. مەن بۇ سۆيۈملۈك زېمىندا كۆڭلۈم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن سۆيۈنىمەن» دەپ قوشۇپ قويىدى.

بىڭتۇەننىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىرىنىڭ بىرى، نۇرغۇن شەھەر بەرپا قىلىش بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ شەھەرلەرنى كۆپەيتىش، ئىش ئورنى ھازىرلاش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشقا پايدىلىق دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ يېڭى شەھەرلەر شىنجاڭدىكى باشقا جايلارنى باشقۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، تۇرلاشقان شەھەرلەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ يېڭى شەھەرلەرنىڭ قەيەرگە سېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرلار بېرىلمىگەن بولسىمۇ، خوتەننىڭ ئەتراپىدا بىرى بەرپا قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ زىچلىقىنى شالاڭلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چەتكە قايرىشنى مەقسەت قىلغان. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خىتاي زىيالىسى ۋاڭ داخاۋ يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان شەھەرلەر شىنجاڭدا «زامانىۋى مەدەنىيەت»نى تارقىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ دېگەن.

مەيلى شىنجاڭنى باياشات زېمىن دەپ كۆرسىتىش، ياكى بۇ يەرلەردە ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرىنى كۈچەيتىشمۇ 2014 - يىلى يازدا ۋە كۈزدە شىنجاڭدا چىققان ۋەقەلەرنى توسۇپ قالالمىغان. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەتتا خىتاينىڭ شىنجاڭ ھەققىدە بېرىدىغان ئۇچۇرلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بەكلا ئېنىقسىز بولغان. شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ كېيىنكى ئاساسلانغاندا بىر ئۇچۇم پىچاق ۋە پالتا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللانغان توپىلاڭچىلار ماجىراچىقىرىپ ساقچى ئىدارىسىغا بېسىپ كىرگەن ۋە كادىر ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 37 بىگۇنا ئاممىنى ئۆلتۈرگەن. ساقچى تەرەپ ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئارقىدىن قايتۇرما زەربە بېرىپ 57 تېررورچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، 215 نى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەزكۇر توپىلاڭنى تەشكىللىگۈچى باش جىنايەتچىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى پارتىيەسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار دېگەن.

د ئۇ ق نىڭ توربېتىغا چىقىرىلغان ئاتالمىش نەخ مەيداننى كۆرگەن بىر «گۇۋاچى»نىڭ مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە بەرگەن بايانى تامامەن باشقىچە بولغان. ئۇ ساقچىلار رامىزاننىڭ ئاخىرىدا روزا ھېيت ئۈچۈن يىغىلغان45 ئايال ۋە ئۇششاق بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېگەن. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ دەلىللىرى ئېنىقسىزلا بولۇپ قالماي، نۇرغۇن زىددىيەتلىك گەپلەرنى قىلغان. ئۇ ئاۋۋال «نەخ مەيداندا بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بىرىمۇ ساق قالمىغان» دېگەن، كېيىنكى پاراگرافتا بولسا، «ساقچىلار بېسىپ كىرىپ ھايات قالغانلارنى ئۆلتۈردى، يارىلانغانلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كەستى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا نارەسىدە بالىلار، ياشانغان مەزلۇملار ۋە ئەمچەكتە بالىسى بار ئانىلارمۇ بار ئىدى» دېگەن.



بۇ قېتىمقى ۋەقە ھەققىدە بېرىلگەن بۇنداق مۇبالىغە ۋە ئەپقاچتى گەپلەر 7 - ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن د ئۇ ق نىڭ تور بېتىدە شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئائىت ئېلان قىلغان ئۇچۇرلارنى ئەسلەتتى. بۇ قېتىممۇ د ئۇ ق ئۆلگەنلەرنىڭ سانى «ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭغا بارىدۇ» دەپ، ئارقىدىن «ئۆلگەنلەرنىڭ ھەقىقىي سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن» دەپ قوشۇپ قويغان.

ئەگەر د ئۇ ق دېگىنىدەك راستىنلا ئۈچ مىڭ ئادەم ئۆلگەن بولسا، بۇ خىتاي خەلق رىسپوبلىكىسى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قانلىق ۋەقە بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ گوماندارلارغا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا ئېتىپ تاشلاش ھوقۇقىنىڭ تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىپ

كەتكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى (بۇ خىل ھوقۇق بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە گۇاڭجۇ ساقچىلىرىغىمۇ بېرىلگەن). د ئۇ ق ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇنى دەلىللەيدىغان باشقا قوشۇمچە دەلىل - ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئۇچۇر تارقاتقان بولۇپ، 18 - ئىيۇل كۈنى بىر ئائىلە كىشى ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، 28 - ئىيۇل كۈندىكى ۋەقە ئەسلىدە ئاشۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان نامايىش بولۇپ، ساقچىلار نامايىشچىلارنى ئوققا تۇتقان دېگەن. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى كېيىن بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن دېگەن.

يەركەن ۋەقەسى بولۇپ، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ 74 ياشلىق ئىمامى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جۇمە تاھىر قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك نامازدىن يانغان جۇمە تاھىر ئۈچ ئۇيغۇر ياش تەرىپىدىن ئېغىر يارىلاندۇرۇلغان بولۇپ، ھۇجۇمچىلاردىن ئىككىسىنى ساقچىلار قوغلاپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ئۈچىنچىسى قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇ كېيىن تېلېۋىزوردا «جۇمە تاھىر ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى بۇرمىلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۇق» دەپ ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ئىقرارلىرى خىتايدا دائىم تېلېۋىزوردا قىلىنغان ئىقرارلارغا ئوخشاش بولۇپ، گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرغانلىقىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما نۇرغۇن تەنقىدچىلەر جۇمە تاھىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان دىنىي سىياسىتىنى ئۇچۇق قوللىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئىمامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى زادى يەركەن ۋەقەسى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانمۇ، ئەمەس؟ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس.

21 - سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان بۈگۈر ناھىيىسىدىمۇ بىر ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئېنىقسىز قالغان. دەسلەپىدە ھۆكۈمەت تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا بىر دۇكان، بىر بازار ۋە ئىككى ساقچى پونكىتىدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسىدە ئاران ئىككى

ئادەم ئۆلگەن دەپ خەۋەر قىلغان. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى50 ئادەم ئۆلگەن دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ ئارىسىدا 40 ھۇجۇمچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان (ھۆكۈمەت تەرەپ دەسلەپىدە بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن). ئۇلار يەنە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى مەمەت تۇرسۇن دېگەن بىرى تەشكىللىگەن، ئۇ «2003 - يىلدىن بىرى ئەسەبىيلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن» دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى شۇ يەرلىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى نەقىل ئېلىپ بۇ قېتىمقى پارتلىتىشقا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاھالىلەرنى مەجبۇرى كۆچۈرگەنلىكى سەۋەب بولغان دېگەن.

## شىنجاڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانىمۇ؟



2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان چاينا دەيلى (خىتاي كۈندىلىك خەۋىرى) دېگەن گېزىتى ئۈرۈمچىدىكى ئەتىگەنلىك بازارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن بىرى بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان تېررورىزمغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتاپ مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلغان. مەزكۇر ئوبزوردا شىنجاڭنى «تېررورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى» دەپ تەسۋىرلەپ، «ئاجايىپ قاتتىق ۋاستىلەنى قوللىنىش ۋە قاتتىق زەربە بېرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ«ئالتە ئاي ئىچىدە جەمئى 115 تېررورلۇق گۇرۇھى يوق قىلىۋېتىلگەن دېگەن. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا كۈچەيتىۋاتقان بىخەتەرلىك چارىلىرى ۋە دىنىي باستۇرۇشلارنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، «ئالاھىدە قاتتىق ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا ئېلىنغان گۇماندارلاردىن توپلانغان ئۇچۇرلار»غا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى تەكىتلەپ، بۇ ئۇچۇرلارغا تايىنىپ 40 پىرسەنت تېررورىست گۇرۇپپىسىنى يوق قىلدۇق دېگەن.

دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن 13 يىل بۇرۇن، يەنى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتايمۇ ئىسلام تېررورچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ قۇربانى دەپ ئېلان قىلغاندىن بېرى، مەيداندا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. بۇ كىتابتا

شىنجاڭدا چىققان ۋەقەلەرگە بېرىلگەن يۇقىرىقىدەك تەبىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىسمەن چۈشەنچىلەرنى بەرگەن بولسامۇ، ئەمما كۇنمىڭ ۋەقەسى ۋە 2014 ـ يىلى ماي ئېيىدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەلىرى، ئادەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگەنلىرى راسىمدۇ دېگەن پىكىرگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر زوراۋانلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىپ، پۇقرالانى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلىۋاتقانلىقى راس. مۇشۇ بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى تېرورلۇق قىلمىشى دېيىشكە بولىدۇ (ئەمما بۇ قىلمىشلار شىنجاڭدا ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ). ئۇنداقتا، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپلا شىنجاڭ ئىسلام تېرورچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىدۇ دەپ خۇلاسە قىلىش كېرەكمۇ؟

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە دەپ قاراشنى يەنىلا توغرا دېيىشكە بولىدۇ. مەزكۇر كىتابنى يېزىۋاتقىنىمدا شىنجاڭدىكى ۋەقەلەردە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى پارتىيەسى، ياكى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى دېگەندەك تەشكىلاتلارنىڭ قولى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئاتالمىش تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى يۇقىرىقى تەشكىلاتلارنى بۇ ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنسىمۇ، قولغا چىققۇدەك دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ پەرەزلىرىنى پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرگە سەۋەب بولۇۋاتقان ھەقىقىي مەسىلىلەردىن باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات دەپ قاراشقا بولىدۇ. كۇنمىڭ ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسىدىن بۇلارنىڭ نىشانى ئېنىق، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېڭى قارشىلىق ئېقىمىنىڭ باشلىنىش بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ كىتاب يېزىلىۋاتقاندا بۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقىرىش ئۈچۈن تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. ئەگەر يېقىندىن بېرى شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار دەپ قاراشقا توغرا كەلسە، بۇ خىل ئورتاقلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنى نارازى قىلغاندا، ئامما بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرھال توپلىشىپ ساقچىخانىلار ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ نارازىلىق بىلدۈرسە (ياكى توپىلاڭ قىلسا) دائىم ساقچى تەرەپ بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشلا ئورتاق بولغان.

ئەمما بۇ خىل توقۇنۇشلارغا ئامىمنىڭ ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ ئاچچىقىنى ئىپادىلىشى سەۋەب بولغانمۇ ياكى «دىنىي ئەسەبىيلىك» سەۋەب بولغانمۇ دېگەن سوئالغا خۇددى 2000 ـ يىللاردىكىدەك جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بېرى قىسمەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا دىنىي كونسىرۋاتىزىم ئىدىيەسى سەل كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي ئىدىئولوگىيە شىنجاڭدىكى توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغان ئەمەس. قىسمەن ئۇيغۇرلار ئىنتېرنېت تورلىرى ئارقىلىق جىھاد قىلىشقا ئائىت ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ خىل ئىدىيەلەرنىڭ شىنجاڭدىكى توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر يوق. كۆپ بولسا بۇ خىل ئۈچۈرلار كۈنىمىلىك ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى پارتلاش ۋەقەلىرىگە ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن (ئەمما بۇ خىل ۋەقەلەرگە ھوللىۋۇدنىڭ تېرروركۇقا قارشى كىنو ـ تىياتىرلىرىمۇ ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن دېيەلەيمىز، بولىدۇ).



يېقىنقى كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى قاتارلىق مۇھىم ۋەقەلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ كىملىكى ۋە ھەقىقىي مۇددىئاسى دائىم ئېنىقسىز قېلىپ كەلمەكتە. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ نامىنى ئېلان قىلسىمۇ، دائىم بۇ ئاتالمىش باش جىنايەتچىلەر ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن. شىنجاڭدا ئاخبارات ئىشلىرى قاتتىق كونتروللۇق ئاستىدا بولغاچ، مۇخبىرلارنىڭ يەرلىك خەلق بىلەن ئالاقىلىشىشى، دائىم يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرىدىن كەلگەن قاتلاممۇ قاتلام توسۇقلار ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا رېئاللىقلارنى بىلىش مۇمكىن بولماي كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر مۇشكۈلچىلىك، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر چەت ئەل مۇخبىرى بىلەن سۆزلەشسىلا ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ كىم زىيارەت قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. شۇڭلاشقا يۈز بېرىۋاتقان

ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبى ۋە تەپسىلاتلىرى ھەققىدە ئۇچۇر يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن دائىم خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ تۈركۈملەپ كۆچۈپ چىقىشى، ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك، دىنىي ئادەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى باستۇرۇش ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى قاتارلىق ھەممىگە تونۇش بولغان، ئۇيغۇرلارنى نارازى قىلىپ كەلگەن مۇشۇنداق رېئاللىقلار سەۋەب بولغان دەپ يەكۈن چىقىرىشتىن باشقا چارە قالمىغان. دېمەك، كېيىنۋاتقان ماشىنىدىن بومبا ئېتىشى، ياكى بىر ياشانغان موللامغا پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىش دېگەندەك ۋەقەلەرگە بەلكىم مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى، ياكى ھەممىسىنىڭ يىغىندىسى سەۋەب بولغاندۇ. ئەمما كۆپ ھاللاردا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرەزدىن ئىبارەت، خالاس.

ئەگەر ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبلىرى (گاھىدا تەپسىلاتلىرى)نى تولۇق بىلەلمىسەك، بۇ ۋەقەلەر ئارىسىدا چوقۇم باغلىنىش بار دەپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ گۇمانلىق بىر ئەھۋال. يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق ۋەقەلەر دەپ قارىساق بولامدۇ؟ بەلكىم گاھىدا ئۇيغۇرلار پەقەت ئۇيغۇر بولغىنى ئۈچۈنلا ساقچىلارنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتى بولۇپ قالغان (مەسىلەن، 1997-يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسى) بولۇشى مۇمكىن. ئەمما قىسمەن ۋەقەلەرنىڭ مىللەت بىلەن باغلىنىشى يوق بولۇشى مۇمكىن (ئەمما مىللەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغان پەرەزلەرنىڭ بۇنداق ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولغان بولۇشىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ). مۇشۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، شىنجاڭدا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ۋەقەلەردە، بۇ ۋەقەلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چېتىشلىقى بولغاندىن باشقا تەپسىلاتى ۋە سەۋەب-نەتىجىلىرى ھەققىدە ھېچ قانداق ئۇچۇرىمىز بولمىغان شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى مەلۇم بىر نۇقتىغا يىغىپ خۇلاسە چىقىرىشقا سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بۇنداق دېيىش بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى تامامەن يوققا چىقارغانلىق ئەمەس، يەنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىر ۋەقە يەنە بىر ۋەقەگە ئىلھام بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما خوتەن بىلەن قەشقەردە يۈز بەرگەن ئايرىم ۋەقەلەرنى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن قارا-قويۇق بىر-بىرىگە چېتىپ قارايدىغان بولساق، بۇ رايونلاردىكى جامائەتچىلىكنىڭ

ئارىسىدىكى پەرقلىرىگە سەل قاراپ قىلىشىمىز مۇمكىن. ياكى ئۇنداق قىلىش «ئۇيغۇرلار زادى نېمە تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن مەسىلىدە، ئاساسسىزلا قارا - قويۇق بىر ئېنىقلىما بېرىپ قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنداقتا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بۇ توقۇنۇشلارغا تېرروررچىلار ۋە «دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر» سەۋەب بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتكە قانداق چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك؟ بۇ ۋەقەلەرگە بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئاتالمىش «بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش» نامىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەرىكىتىگە چەكلىمە قويۇپ، جاندىن جاق تويغۇزغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ سەۋىر قاچىسى توشۇپ، توپىلاڭ قىلىشقا مەجبۇر بولغان دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر رىئاللىق ئالدىدا ئالىمغا ئوخشاش ياشلارنىڭ تىنچ يول بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشىنى ھەيران قالارلىق ئىش دېيىشكە بولارمۇ؟



ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك ئامانلىق ياراتماي، دەل ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1990 - يىللاردىن بېرى شىنجاڭدا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مىللىي سىياسەتلىرىگە نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ غەزىپى تېشىپ، پارتلاش نۇقتىسىغا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇشاق بىر ئىش چىقسىلا ۋەقە زورىيىپ كەتكەن دەپ خۇلاسىلەشمۇ خاتا ئەمەس. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭدا چىقىۋاتقان قىسمەن كەڭ كۆلەملىك ۋەقەلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەنلىكىنى يېشىپ بەرسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىقسىز بولغان ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك ئەمەس. شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ سانىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ مېڭىشى، زوراۋانلىق دەرىجىسىنىڭ گاھىدا پەرقلىق بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ بىردەك كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بىرەر بومبىنىڭ پارتلىشى، ياكى ئادەمنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى ۋە

ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. غەرب ئاخباراتلىرىدا خۇددى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرغاندەك بىر مەنزىرە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىككى مىللەت بىر - بىرىنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ ۋە بىرى - بىرىگە بولغان خاتا چۈشىنىشلەر مەۋجۇت، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرازلىقى بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن غوتۇلداپ قويۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئارىلىششتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن چەكلىنىدۇ.

مەتبۇئاتلاردا «شىنجاڭنىڭ جىددى ۋەزىيىتى» دائىم تەكىتلىنىپ كەلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ۋەزىيەت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە (ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەتنىڭ جىددى ياكى ئەمەسلىكىنى قانداق ئۆلچەش مۇمكىن؟) كۆرۈنىدۇ. ئالىمغا ئوخشاش قىسمەن ئۇيغۇر ئۇرۇمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، زوراۋانلىق بىلەن قارشىلىق قىلىشنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دېگەن قاراشقا كەلگەن بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا باشقىچە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس.



## باشقىچە سادالار

خىتاي جەمئىيىتىدە (ۋە غەرب مىدىيەلىرىدە) ئۇيغۇرلار بىلەن زوراۋانلىق ھادىسىلىرىنى باغلايدىغان قاراش ھازىرقىدەك كۈچلۈك بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. ئەمما ياخشى تەرىپى شۇكى، ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىق بىلەن باغلاپ قاراش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي مىدىيەلىرىدىكى بىردىنبىر ئوبرازى ئەمەس. خىتاي جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بېرى ناخشا - ئۇسسۇلغا ساز خەلق دېگەن قاراش چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. نۇرغۇن خىتاي، بولۇپمۇ ياشىنىپ قالغانلىرىنىڭ كاللىسىدا بۇنداق بىر ئوبرازنىڭ شەكىللىنىشىدە خىتاي تېلېۋىزورلىرىدا ئۇزۇندىن بېرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەر خىل رەڭدار مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مىللىي ناخشا ۋە ئۇسسۇللارنى ئورۇنلاپ بەزمە قىلىپ بېرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكرار قويۇلۇپ كەلگەنلىكىدىن بولغان. ئەمما ياش بىر ئەۋلاد خىتاي ئۈچۈن بولسا يۇقىرى قاتارلىق تورلارغا چىقىرىلغان ياش ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىنىڭ، شۇنداقلا

پەرھات قاتارلىق داڭلىق ياش ئارتىسلارنىڭ تېلېۋىزىيە ناخشا مۇسابىقىسىدە نەتىجە قازىنىشى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدىكى ناخشىلار ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىچە بىر تەرەپىنى نامايەن قىلغان. گەرچە بۇ يەردە يەنىلا ناخشا - مۇزىكا ئاساسلىق كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇجابى تەرەپىنى خىتاي كۆرۈرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان. 2014 - يىلى 8 - ئايدا پەرھات مۇسابىقىدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مۇسابىقە رەقىبىگە قىلغان مۇئامىلىسى خىتاي تورلىرىدا غۇلغۇلا قوزغىۋەتكەن. ئۆزى بىلەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشكەن خىتايىنى يەڭگەندىن كېيىن، رىياسەتچى پەرھاتنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قۇتلۇقلىماقچى بولغاندا ئۇ كەمتەرلىك بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ ئالقىشلاشنى رەت قىلغان. «خىتايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى سەنئەت ھاياتى» دېگەن ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان بۆلۈگىنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەپ يازغان:

*پەرھاتنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئۇ خىتاي رىقابەتچىسىنى خۇددى بىر يېقىن ئۇيغۇر دوستىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىل مىللەت ھالقىغان ھۆرمەت پەرھاتنى تېخىمۇ ئالاھىدە قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭدا ئاجايىپ مۇزىكا تالانتى بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي توسۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان خىسلەتنىڭ بارلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.*



پەرھات خىتايلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان بىردىنبىر ياش ئۇيغۇر ناخشىچى ئەمەس. شىنجاڭدىكى بىر چەت، كىچىك يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، 30 ياشلىق ناخشىچى ئابلاجاننىڭ ياشلارنى ئاساس قىلغان ناخشىلىرىنىڭ رىتىمى ۋە تېمپىسىنىڭ ياڭراقلىقى،ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلاردىن چىققان جاستىن بىبىر دەپ شەرەپ كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ مۇزىكا ئۇسلۇبى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى، سۇفىزىمنىڭ قەسىدىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، سەھنە ئۇسلۇبىدا جەنۇبىي كورىيە ئارتىسلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مايكىل جەكسوننىڭ تەسىرى روشەن. ئۇ14 ياش ۋاقتىدا مايكىل جەكسوننى تېلېۋىزوردا كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراپ ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتىش قىلىشقا كىرىشكەن. 19 ياشقا كىرگەندە ئابلاجان

ئۈرۈمچىگە ئۇسسۇل ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنى تونۇپ كەتمىسىمۇ بىر ئامالارنى قىلىپ، ناخشا پلاستىنكىسى چىقىرىش توختىمىغا ئېرىشكەن. ئابلاجاننىڭ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىشىدە، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان رەھبىرى رۇي ۋېن بو نىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغان. رۇي بۇرۇن شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتىدە ئىشلىگەن بولۇپ، مۇزىكا ساھەسىدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى باغلىغان. ئابلاجاننىڭ تۇنجى پلاستىنكىسىدىن 100 مىڭى سېتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چەكلىك ھازىرقى زامان ناخشا بازىرىدا بۇنچىلىك كۆپ پلاستىنكىنىڭ سېتىلىشى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئابلاجاننىڭ غەلىبىسى نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۈلگىلىك رول ئويىنىغان. دېمەكچىمەنكى، ئۇ ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ناخشىچى بولۇشقا دەۋەت قىلدى دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللى كىملىكىنى يوقاتماي تۇرۇپمۇ ئوخشاشلا زامانغا لايىق ھايات كەچۈرگىلى بولىدۇ دېگەننى ئىسپاتلاپ بەرگەن. تايمىز ژۇرنىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە، ئابلاجان: «مېنىڭ باشقىلارغا دېمەكچى بولغان ئۇچۇرۇم، بىز 21 - ئەسىردە ياشاۋاتىمىز... ئەمدى يەنىلا قوي ئېلىپ قوي سېتىپ ياشاشقا بولمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت» دېگەن. ئابلاجاننىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رېئاللىقلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خىسلىتى ئۇنى باشقا ناخشىچى سەنئەتكارلاردىن پەرقلەندۈرگەن. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە رېتىملىرى ئالقىشلىنىۋاتقان باشقا ھازىرقى زامان ناخشىلىرىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ لىرىكىلىرى مۇھىت بولغىنىش، مائارىپنىڭ مۇھىملىقى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى دېگەندەك ئىجتىمائىي مەسىلەرنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنىدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا سىياسى مەزمۇن بار دەپ كېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇسلۇبى 198 - يىللاردا ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەن مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان ئاممىباپ ناخشىلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەم-غۇسسىلىرى ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ناخشىسى بىلەن جەمئىيەتكە ئاڭلاتقان.

ئەمما ئابلاجان ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بۇ مەسىلە ئۇيغۇرلانىڭلا بېشىغا كېلىۋاتقان مەسىلە ئەمەس، شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىش ۋە ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنىڭ تېزلىشىش بىلەن كېلىپ چىققان مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى خىتاي خەلقىنىمۇ ئوخشاشلا ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە (بولۇپمۇ شەھەر ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى بەكرەك بولغان). 2013 - يىلىدىن باشلاپ ئابلاجان خىتايچىدىمۇ پىلاستىنكا چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ گەرچە بۇ پىلاستىنكىلارنى پۇل تېپىش ئۈچۈن چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان قىسمەن مەسىلىلەرنى ئاڭلىغان خىتايلارمۇ بەلكىم ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىگە مەلۇم دەرىجىدە باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ناخشىلاردىكى مەسىلىلەرگە ئۆزلىرىمۇ دۇچار بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئابلاجاننىڭ ناخشىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى خىتايلارنىڭ ئارىسىدا شىنجاڭدىمۇ ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئاشسا، شىنجاڭ مەسىلىسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان (ياكى ھېچ بولمىغاندا روشەن پىكىرلىك بىلەن قارايدىغان) خىتايلارمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. رۇي ۋېن دېگەندەك «ئابلاجاننىڭ ناخشىلىرى ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىپ، ئامانلىق ئەلچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

ئابلاجانمۇ خۇددى باشقا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇن ئىككى مۇقامىغا ئوخشاش قەدىمى مۇزىكا ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىل قەدىمى ئۇسلۇب بىلەن ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما باشقىچە قارىغاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كېلىۋاتقان تەھدىتمۇ يەرشارلىشىش تەسىرىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىر مىللىي كىملىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زاماننىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ ماسلىشىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ (خۇددى تارىختىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئوخشاش).

بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرىنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم ئەمەس دېگەنلىكتىن بىشارەت بەرمەيدۇ. داڭلىق تەمبۇرچى مەخمۇت مەمەت ھەر

قېتىم مۇقامنى ئاڭلىغىنىمدا دادامنى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىم يادىمغا كېلىدۇ، شۇنداقلا مۇقام يەنە ئۆزەمنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمنى يادىمغا سالىدۇ، باشقا ھېچ قانداق بىر مۇزىكا مەندە بۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلالمايدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ «مۇزىكا بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەن سۆزى تامامەن توغرا. ئەمما «يىپەك يولىدىكى ئاممىباپ مۇزىكا» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىم بۇ خىل ھېسسىياتنى باشقىچە مۇزىكا بىلەنمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەزكۇر فىلىمدا ئۇرۇمچىدىكى ھەر خىل ھازىرقى زامان مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بەزىلىرى ھىپ - ھوپ، بەزىلىرى ئېغىر مىتال مۇزىكىلىرى دېگەندەك مۇزىكا ژانىرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەزكۇر فىلىمدە كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن گۇرۇپپىلاردىكى ناخشىچىلار تېخى ئابلاجاندەك تونۇلغان سەنئەتكارلار ئەمەس. مەزكۇر فىلىمنى ئىشلىگەن دىرېكتورلاردىن بىرى بولغان سەمىر فارۇق ماڭا مۇنداق دېدى:

> *بىز سۆزلەشكەن بۇ سەنئەتكارلار ئارىسىدىكى بىر ئورتاق نۇقتا، ھەممىسى مۇزىكىلىرىغا تايىنىپ بىر ھايات يولى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان مۇزىكانتلاردۇر. ئىچكىرىدىكى خىتايلارغا شىنجاڭنىڭ مۇزىكىچىلىقىدىكى يېڭىلىقلارنى تونۇتۇش ۋە چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. نۇرغۇن گۇرۇپپىلار ئۆزلىكىدىن بىرلىككە كېلىپ، بىر چوڭ مۇزىكا كونسېرتى تەشكىللەشكە ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەن چوڭ بىر ئىش.*

مەزكۇر فىلىمدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈرۈمچىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدە مىللەت ئايرىمىچىلىقى يوق ئىكەن. مەسىلەن، ئادىل دېگەن گۇرۇپپىنىڭ مۇزىكانتلىرى ئۇيغۇر، خىتاي ۋە مانچۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن، ئەڭ مۇھىم بولغىنى نۇرغۇنلىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۇرۇپپىلار خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ۋە مىللىي ياشلارنى ئوخشاش ئۆزىگە تارتقان. فارۇق «ھەر قېتىمقى كونسېرتقا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە خىتاي تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلغان، بۇ مۇزىكا گۇرۇپپىلىرى نۇرغۇن مەدەنىيەت توسۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەر مىللەت تاماشىچىلىرىنى بىر يەرگە جەم

قىلىشى كىشىدە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئۈرۈمچىدىكى رەپ مۇزىكىسى 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، نۇرغۇن ياش مۇزىكانتلار ئامېرىكىنىڭ ئېمىنەم (Eminem) قاتارلىق غەرب ئارتىسلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېلگىرى سۈردى. قىسقىغىنا ئون يىل ئىچىدە رەپ مۇزىكىچىلىقى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، خىپ بۇمب، سول كىلاپ، شىكار ۋە EIG قاتارلىق رەپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ھەتتا ئىنگلىزچە رەپ ئېيتىدىغان بولغان. 2008 - يىلى EIG بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر سۆھبەتتە ئۇ ئىنگلىز تىلىدا «مېنىڭ ئىسمىم EIG 20 ياشقا كىردىم، ھەممە ئادەم مېنى تالانتلىق دەپ قارايدۇ، ئىنگلىزچە رەپ ئېيتىشتا ھېچ كىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەن. 2009 - يىلدىكى ۋەقەدىن كېيىن ئاممىۋى سورۇنلاردا توپلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش چەكلەنگىنى ئۈچۈن، شىنجاڭدا رەپ مۇزىكىسى پەس كويغا چۈشكەن، چۈنكى ئىنتېرنېتنىڭ تاقىلىشى بىلەن توردا مۇزىكا ئېلان قىلىشمۇ توسۇلۇپ قالغان.

347

«ئالتە شەھەر» گۇرۇپپىسى نۆۋەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى ئەڭ داڭلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇگۇرۇپپا ئەزالىرى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشايدىغان نامرات رايوندىن كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچا ئاپتوۋۇزى ھەيدەيدۇ، بەزىلىرى رېستورانتلاردا مىللىچە ئويۇن قويۇپ كىرگەن پۇل بىلەن ئائىلىسىنى باقىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئۈچۈن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە رەپلەرنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ماڭا: «خەنزۇچە مەزمۇنلار قېتىلسا ھۆكۈمەت كۆپ تەكشۈرمەيدۇ» دەپ چۈشەندۈردى. بۇ بەلكىم قوش تىللىق مائارىپنىڭ پايدىلىق تەرىپى بولسا كېرەك، گەرچە قوش تىلدا ئوقۇش ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تىل قابىلىيىتىگە دەخلى قىلسىمۇ، خەنزۇ تىلىغا پۇختا بولۇش ئۇلارنىڭ ئىش تېپىش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆز ئىستىكىنى بايان قىلىشتا ياردىمى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇ تىلىدا پۇختا بولسا ئۇيغۇرلار ئۆز سادالىرىنى كەڭ خەنزۇ جەمئىيىتىگە بىۋاستە ئاڭلىتالايدىغان بولىدۇ.

خۇددى ئامېرىكىدا خىپ - خوپ دەسلەپتە جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى تەنقىد قىلغاندەك، «ئالتەشەھەر» گۇرۇپپىسىنىڭ لىرىكىلىرىمۇ خەنزۇ

ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تەگمىگەن ھالدا جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەنقىد قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار مىللىي كەمسىتىشلەرنى ئىچۈتۈشنىڭ ئورنىغا نامراتلىق ۋە ياشلار ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىشى، قىمار ئويناش قاتارلىق بولۇمسىز تەرەپلەرنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ئۆز مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىدىن بەخىرلىنىشكە چاقىرغان. گەرچە ئۇلارنىڭ دىيەلەيدىغان گەپلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۇلار چەكلىك دائىرە ئىچىدىمۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنغان. 2010 - يىلى مەزكۇر گۇرۇپپا «يېپەك يولىدىكى ئامىباپ سەنئەت» دېگەن پروگراما ئۇچۇن ئېيتقان رەپنىڭ لىرىكىسى تۆۋەندىكىچە:

..............................

گەرچە مەزكۇر ناخشا تېكىستىدە مىللەت، مىللەتچىلىك دېگەندەك ئىبارىلەر قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ناخشا تېكىستىدىكى نامراتلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك، ئازاپ - ئوقۇبەت تارتىش ۋە ھۆكۈمەتنى ئۇچۇق بولۇشقا چاقىرىش بىلەن ئۆز يۇرتىغا بولغان ساداقەتنى تەكىتلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تونۇش ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كىرىدۇ.



گەرچە ئابلاجان ئالتە شەھەر ۋە باشقا ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇزىكا ئۇسلۇبى ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار. مەسىلەن، مەيلى تېلېۋىزور سۆھبىتىدە بولسۇن، ياكى مۇزىكا ئىجادىيەتلىرىدە بولسۇن بۇ ياش سەنئەتكارلار ئۆز مۇزىكىسىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مۇزىكىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا شەكلى كىلاسسىك ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى يوق قىلماستىن، بەلكى ئۇنى باشقىچە مۇزىكا شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە ئۇسلۇپتا ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزىدە ئۇلار پەقەت سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىجادىيەت قىلغان. نۇرغۇنلىرى مۇزىكا شىنجاڭدىكى مەسىلىلەرنىلا ئاشكارا قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئالتە شەھەر گۇرۇپپىسىدىن ئىليار مۇنداق دەيدۇ:

*دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ھەر خىل يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجات قىلىپ ئۆزلىرىنى تونۇتۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ۋاستىلەردىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. بىزچۇ؟ بىز نېمىدەپ ھېپ - ھوپ ئېيتىمىز؟ چۈنكى بىزمۇ دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشىنى خالايمىز، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىۋاتىمىز. ئەگەر چەت ئەلگە چىقىپ دۇتتار، تەمبۇر چېلىپ ئويۇن قويساق، بۇنىڭغا قىزىقىدىغان ئاز ساندىكى ھەۋەسكارلاردىن باشقىسى بۇنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئاددى ئامما چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار ئۇيغۇر قەدىمى مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچ، بۇ خىل چالغۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ. كۆپ ساندىكى ياشلار ئاممىباپ مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئامراق. شۇلاشقا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۇلار قىزىقىدىغان ئاممىباپ مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە قويۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا كىشىلەر بىزنىڭ مۇزىكىلىرىمىزنى ئاڭلاپ «ۋاي بۇ ياخشى مۇزىكا ئىكەن، كىمنىڭ مۇزىكىسىدۇ؟ ئالتە شەھەر دېگەن كىم؟ ئۇلار قايسى مىللەت دەپ سوراپ ئۇيغۇرلارنى تونۇشقا باشلايدۇ. ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئۆزىمىزنى تونۇتۇش.*

بۈگۈنكىدەك خىتاي تىلى ئاساسلىق تىل بولۇپ قالغان بىر مۇھىتتا ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت قىلىدىغان مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق. قىسمەن مۇزىكانتلار ئۇيغۇر تىلىنى تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. 2013 - يىلى ئابلاجان تىل ئۆگىنىشكە پايدىلىق بىر ناخشا ئىجات قىلغان، داڭلىق دۇتتارچى ئابدۇرھىيىم ھېيتمۇ 19 - ئەسىردە يېزىلغان «ئانا تىل» دېگەن شېئىرنى ناخشا قىلىپ ئېيتقان. مەزكۇر شېئىر ئەينى چاغدا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنى تەنقىد قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى مۇھىتقىمۇ بەكلا ماس كەلگەن.

*ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،*
*ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بىرىپ ئالغۇم كېلۇر.*
*بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامېرىكا يۇ ئافرىقىدا،*
*سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.*
*ئەي، ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،*
*سەن بىلەن رويى زېمىندا ئېيتىشارلانغۇم كېلۇر.*

يەتتە ياشلىق بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ تىل ئۆگىنىش ھەققىدىكى ناخشىسىمۇ بەكلا ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىسمى بەرنا بولۇپ، بۇ بالا چولپان ئۇرۇمچىدىكى بىر ھال - ئەھۋالى ياخشى باي ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە گۈلمىرە تۇرغۇن دېگەن كىچىك قىزمۇ ئۆزى ئېيتقان باللار ناخشىسىغا نۇرغۇن تىل ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ ناخشا تېكىستىدە خەت ئىملاسى، گىراماتىكا قائىدىلىرى، سۆز ياساش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانا تىلنى سۆيۈش تەشەببۇس قىلىنغان:

*بە، بە، ئەكىلىپ بە*
*ئېلىپبەنى ئەكىلىپ بە*
*ئەلدىن ئالساڭ ئەلگە بە*
*سۆيگەنلەرگە بە*
*بە، بە، يەنە ئەپ بە*
*ئېلىپبەدىن ئېلىپ بە*
*ئىلىم بىلەن كۆكلەپ بە*
*ئۆرلەپ ئۆرلەپ بە.*

نۆۋەتتىكى مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلنى مۇزىكا ۋە مەدەنىيەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقىتىش بىرئاز بىخەتەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى باشقا بىۋاستە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، 2011 ـ يىلى ياش ئۇيغۇر زىيالىسى ئابدۇۋەلى ئايۇپ قەشقەردە ئانا تىلى يەسلىسى تەسىس قىلىپ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە بىرنى ئاچقان. خىتايدا مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن شەرتلەرنى ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئابدۇۋەلىنىڭ دۆلەت تېلېۋىزىيەسىگە چىقىشىدىن قارىغاندا ئۇ بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇۋەلى مۇئەللىم ئۇيغۇر باللىرىنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشىگە قارشى ئەمەس ئىدى، پەقەت ئانا تىلىنىمۇ تەڭ ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان.»

ئەمما قەشقەردىكى ئانا تىل يەسلىسى نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى 2013 ـ يىلى تاقىۋېتىلگەن، ھۆكۈمەت تەرەپ رەسمىيەتلىرى تولۇق ئەمەس دېگەن باھانىنى كۆرسەتكەن. ئابدۇۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئىككى شېرىكى «قانۇنسىز مەبلەغ توپلىغان» دېگەن جىنايەت بىلەن 2013 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرىنىڭ ئىنىسى نيۇ يورك تايمىز گېزىتىگە بەرگەن ئۇچۇرىدا ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۈرۈمچىدىكى تىيانشان رايونىدا بىر ئانا تىل يەسلىسى ئېچىش ئۈچۈن پۇل توپلاشقا ئورۇنغان دېگەن. مەزكۇر رايون ئۈرۈمچىدىكى نامرات ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشايدىغان جاي بولۇپ، ئالتە شەھەر گۇرۇپپىسىمۇ مۇشۇ يەردىن چىققان. ئۇلارنىڭ قانداق قانۇنسىز مەبلەغ توپلىغانلىقىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئاشكارىلانمىغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار ئاسما مايكا ۋە ھەسەل سېتىشتەك «ئىنساپسىز» ھەرىكەتلەر ئارقىلىق پۇل يىغقانمىش.

ئابدۇۋەلى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ تەقدىرىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەشنىڭ يوللىرىنىڭ نەقەدەر تارلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھەتتا تىنچ يول بىلەن ئىپادىلەنگەن نارازىلىقلارغىمۇ جاي قالمىغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەتلىرىگە قارىتىلغان بېسىملارنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ مېڭىشى، ئۇيغۇر مەھەللىرىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلىشلىرىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنىڭ ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا يېقىن كەلگۈسىدىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى

قوزغاۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىدىغانىدەك ئەمەس.

گەرچە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر زوراۋانلىق بىلەن قارشىلىق قىلىشتىن باشقا يول قالمىدى دېگەن قاراشقا كەلگەن بولسىمۇ، بەرنا، ئابلاجان، ئالتە شەھەر ۋە پەرھات قاتارلىق سەنئەتكارلار باشقىچە بىر خىل قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ياش، شەھەرلىك، خىتايچىغا پۇختا يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلار خىتاي دۆلىتىدە ياشاشتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەر خىل مۇشكۇللۇكلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان بىر خىل يېڭى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى شەكىللەندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشتىن كەلگەن ھەر خىل بېسىملارغا تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر بولۇپ چىققۇسى (چۈنكى بەزى بېسىملارنىڭ مىللەت كىملىكى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق). ئۇلار بىر تەرەپتىن دۇنياۋى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىپ، سىرتقا تەلمۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەت تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنى جانلاندۇرۇپ جاھان بىلەن تەڭ تەرەققى قىلدۇرۇشقا تىرىشقۇسى.